
ئابدۇۋەلى ئەلى

# مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتابىمنى ئانا مەكتىپىم — خوشۇت ئوتتۇرا مەكتىپى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

ئابدۇۋەلى ئەلى

# مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

(تارىخي رومان)

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئېلى

# مەخدۇم ئەزەم ۋە
# ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى (1، 2)

(تارىخىي رومان)

ئابدۇۋەلى ئەلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى: 23.375
2000 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 5000
ISBN7—228—05826—7/I・2124
باھاسى: 28.80 يۈەن (ئىككى قىسىم)



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇھەررىردىن

ئىستىبداتلىق يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى (ۋەلى) 1948 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ چوقۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ھازىرقى باغراش ناھىيىسىنىڭ بورانسۇمۇل يېزىسىدا ئۆتتى. ئۇ 1959 ـ يىلى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ (ھازىرقى ساغانىنۇر يېزىلىق 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1962 ـ يىلىغىچە خوشۇت ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. 1962 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كورلا چىلانباغدىكى ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق 1 ـ يىللىقىغا ئوقۇشقا كىردى. ئەمما، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە، 1963 ـ يىلى ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1965 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سابىق 3 ـ ئاتلىق پولكتا جەڭچى، ئوتدېلىنىيە كوماندىرى، ۋوزۋوت كوماندىرى ۋە ھەربىي تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى. 1969 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىپ ئىشلىدى. 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، مۇھەررىر، ئۇيغۇر سىياسىي ـ مائارىپ تەھرىر بۆلۈ-

مى ۋە مەدەنىيەت ـ تارىخ تەھرىر بۆلۈمىدە بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ
ئىشلىدى، 1993 ـ يىلى ئۇ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋا-
نىغا ئېرىشتى.
ئابدۇۋەلى ئەلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىگەن يى-
گىرمە يىل جەريانىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «جۇڭ-
گو ئومۇمىي تارىخى» (13 توم)، «خەننامە»، «كېيىنكى خەن-
نامە»، «قۇتادغۇ بىلىك ۋە قانۇن»، «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت
تەشكىلاتى»، «قارا خانىيلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى»، «قە-
دىمكى جەمئىيەت» (ئىككى توم)، «خەزىنىلەر بوسۇغى-
سىدا»، «9 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»،
«شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە دۇنيا
تارىخى لۇغىتى»، «تۇرپان ئاسار ئەتىقىلىرى»، «يەكەن خانلىقى-
نىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، «غەربىي يۇرت تاش
كېمىر سەنئىتى» قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇقراق كىتابقا مەسئۇل
مۇھەررىر بولدى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىر بولغان توققۇز كىتاب
شىمالدىكى 15 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 18
نەشرىياتنىڭ 1990 ـ يىلىدىن 1997 ـ يىلىغىچە بولغان باھالاش-
لىرىدا مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ مەسئۇل
مۇھەررىر بولغان «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» دېگەن
كىتاب 1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە
2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا، يەتتە پارچە
كىتاب ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن كىتابلى-
رى تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.
ئابدۇۋەلى ئەلىنىڭ 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋە 1998 ـ
يىلى 10 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان
«ئۇيغۇر تارىخى مۇھاكىمە يىغىنى»، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە
ئۇيغۇر تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇغان «18 ـ
19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى»، «يە-

پەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش» دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرى جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق تارىخى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك قارىشىغا بىر نەزەر»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك پەلسەپە ئىدىيئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى»، «يىپەك يولى، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە باشقىلار»، «موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹تارىخى ئەمنىيە› ناملىق كىتابى»، «پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھارماس كۈيچىسى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ 1977 - يىلى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر - «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى؛ 1983- يىلى ئۇنىڭ «ياخشى ئەسكەر شوك»، «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تۆت پارچە تەرجىمە ئەسىرى نەشر قىلىندى.

1997 - يىلى، ئاپتورنىڭ «بەدۆلەت» ناملىق ئۈچ توملۇق ئەسىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ خېلى ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئاپتورنىڭ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يازغان «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى» (ئىككى توم)، «ئاپاق خوجا» (ئىككى توم)، «تۇرغاق خوجىلار» (ئىككى توم) ناملىق ئۈچ تارىخىي رومانى ئۇنىڭ «بەدۆلەت» ناملىق ئەسىرىدىن كېيىن يېزىپ پۈتتۈرگەن يىرىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور ھازىر تارىخىي تېمىدىكى «قازا يولى»، «پىغانلىق تەلۋىچۈك» ۋە ھازىرقى زامان تېمىسىدىكى «باغراش، قارا ئەۋلادلىرىمغا» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# ئاپتوردىن

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. شۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ئىسلام دىنى نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد ئىمامى، نەمەنگانلىق خوجا — مەخدۇم ئەزەم (ئەسلى ئىسمى خوجا ئەھمەت بىننى سەئىد جالالىدىن كاسانى) پەرغانىدىكى دەھبىدتىن ئۇيغۇر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەنگە كەلدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەر قايسى دەۋرلەردە سەلتەنەت سۈرگەن سەئىدىيە خانلىرىنىڭ مەنىۋى ئۇستازلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ سەلتەنەت مەركىزىگە تەدرىجىي ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى ۋە پەيدىنپەي دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىجتىمائىي سىياسىي كۈچ — قەشقەر خوجا ـ ئىشانلىرىنىڭ تۇرلۇك سىياسىي مەزھەپلىرىنىڭ ئاساسلىق كاتىۋاشلىرىدىن بولۇپ قېلىشتى.

17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا شەكىللەنگەن «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپىدىكى خوجا ـ ئىشانلار بىلەن «قارا تاغلىقلار» مەزھىپىدىكى خوجا ـ ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا دەھرىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى كۆزلەپ پارتلىغان يىغا ـ غەلىيانلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا، ھاياتىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە مىسلى

كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىر توسالغۇ بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك (225 يىل ئۆپچۆرىسىدە) داۋام قىلغان «ئاقتاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار» ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ كۈرىشىدە ئەڭ دەسلەپتە ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپى جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ نەيزىسىنىڭ زورى بىلەن ئۈزۈل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىپ، «قارا تاغلىقلار» مەزھىپىدىكىلەرنى دەھشەتلىك باستۇردى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاب - رىسالىلەرنى كۆيدۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يولىنى بوغۇپ تاشلىدى. ئىلىم - مەرىپەت تەرەپدارلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى مەنىۋى، جىسمانىي جەھەتتىن خورلاپ، نابۇت قىلدى ۋە توزغاقتا ئوخشاش ھەرتەرەپكە توزىتىۋەتتى.

بىراق، بۇ مەزگىللەردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى قورچاق خوجىلارنىڭ جاھالەتلىك ئاسارەتلىرىگە باش ئەگمەي تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىجاد ئەتكەن نۇرغۇن ئالىملار، شائىرلار، يازغۇچىلار، تارىخچى ئەدىبلەر ئۆتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەر قېتىملىق قورچاق يەڭگۈشلەش داۋامىدا يۈز بېرىدىغان ئېچىنىشلىق خوجا تەقىپلىرىدە خىيانەتكار قورچاق خوجىلارنىڭ جىنايەتكار قوللىرى بىلەن تەلتۆكۈس نابۇت قىلىپ تاشلاندى!

* * *

17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئاقتاغلىق» فېئودال خوجىلارنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمى ۋە سىنىپىي زۇلۇمىدىن ئىبارەت قوش قەۋەتلىك، قوش زەنجىرلىك ئاسارەتكە دۇچار بولدى. تاجاۋۇزچىلار ئۇچۇن تېخىمۇ سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلگەن ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى بۇ بىر توپ نائىنساپ قەشقەر خوجىلىرى ئەلنى نادانلىق پاتقىقىغا پاتۇردى. شۇ چاغلاردا ئەلدە تەۋپىق ـ ئادالەت كۆتۈرۈلگەن، هاياسىزلىق، ئىنساپسىزلىق كۈچەيگەن، مېهىر ـ شەپقەت تۈگىگەنىدى! ئېشەكتىنمۇ بەتتەر نادان بولغان بۇ بىر توپ ئەخلاقسىز پاسىق، قەبىھ گۇناهكار، كالتە قۇيرۇق يالغانچى، بىئەجەل ئۆلىدىغان غالجىر هەسەتخور، ئەشەددىي قارا قورساق ۋە ئىچى تار خوجا ئىشانلار، كۆكەمە سوپى، تېجىمەل دەرۋىش، يۇندىخور ئاشىقلار هەممىلا يەردە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشاتتى. ئۇلار دۇئا بىلەن نان، دۇئا بىلەن جان، دۇئا بىلەن ئىمان، دۇئا بىلەن ۋەج، دۇئا بىلەن ئابرۇي تېپىپ، دۇئا بىلەن يۇرت، دۇئا بىلەن تەخت ئالماقچى بولۇشاتتى؛ دەستەكسىز دۇئالارنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىلەر قورقۇنچاق، پىكىر ـ تەپەككۇر قابىلىيىتى تۆۋەن، نانقېپى، زەئىپ، تەرسا، چېچىلاڭغۇ، ئىش خۇشياقماس، ئاجىز، ئەخمەق، لاپخور، شاللاق، تەرى سۆرۈن، بىپەرۋا، توڭ، بەتقىلىق، ئەقلى پالەچ بولۇپ كېتىشكەنىدى!

سوقرات: «دۇنيادىكى هەممە ياخشىلىقنىڭ ئىچىدە هەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرلا ياخشىلىق بولىدۇ: بۇ — ئىلىم ـ مەرىپەتتۇر؛ دۇنيادىكى هەممە ياۋۇزلۇقلارنىڭ ئىچىدە هەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرلا ياۋۇزلۇق بولىدۇ:

بۇ — نادانلىقتۇر ! » دېگەندى. دېمەك، دۇنيادا قانچىلىك ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مېۋىسىدۇر ! ھالبۇكى، جاھالەت، پەسلىك، قاششاقلىق ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقنى ئۆزىگە مەنبە قىلىشىدۇ ! چۈنكى، تارىختىن بۇيان، جاھاندىكى قارا نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نادانلىقتىن پايدىلىنىپ كەلگەن !

* * *

دۇنيادا ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى قالايمىقانلاشتۇ-رۇۋېتىشتىنمۇ رەزىل ئىش بولمىسا كېرەك. «ئاقتاغلىقلار» نىڭ سەردارى بولغان ئاپاق خوجىمۇ ۋەتەنسىزلىكنى تەرغىب قىلىشنىڭ ئادەملەر ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا ئوينايدىغان رولىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەتتى. «ھۇببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان» (ۋەتەننى سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر ! ) دېگەن بىر مەشھۇر ھەدىس بار. ھالبۇكى، ئاپاق خوجىمۇ ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا ئىشنى دەل ھەممىدىن ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇشتىن باشلىغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاپ، مىللەت ئارىسىدا ئاداۋەت تېرىپ، «ئاقتاغلىقلار» نىڭ سۇلۇك تەرغىباتىنى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە زېرىكمەي ئېلىپ باردى.

قايسى ئەلدە نادانلىق ئەۋج ئالغان بولسا، شۇ ئەلدە تەپرىقات، بۆلۈنۈش غالىب كەلگەن بولىدۇ؛ قايسى ئەلدە ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنغان بولسا، شۇ ئەلدە غاپىللار يۇقىرى دەرىجىلەرنى ئىگىلەيدۇ ! ئېشەك قۇلاق، بۆرە پەنجە، قاۋان تۇمشۇق، تۈلكە قۇيرۇق، قۇزغۇن سۈپەت، يىلان تىللىق، توشقان يۈرەك، چايان

منجەز، قىچىر تۇياق، قوش ماكانلىق ئادەملەر ئۇستۇن مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ. قەشقەر خوجىلىرىنىڭ پېشىۋاسى، نەمەنگانلىق دەستەكسىز خوجا — مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر خوجىلىرىمۇ دەل مۇشۇنداق مەلئۇن ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى ئىدى!

* * *

17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يېزىلىشقا باشلىغان ۋە ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان تەزكىرە، تەرجىمىھاللار 28 خىلغا يېتىدۇ! خۇددى «تۈركىستان جاڭگىلى» دەك ئىرمىاش - چىرماش، سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بۇ تەزكىرە، تەرجىمىھاللار مەيلى «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپىدىكى سوپى ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغىنى بولسۇن، مەيلى «قاراتاغلىقلار» مەزھىپىدىكى سوپى ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغىنى بولسۇن، ھەممىسىدە قارشى مەزھەپنىڭ پىرلىرى چۈكۈرۈلگەن، ئىنكار قىلىنغان ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ پىرلىرى گۈزەللەشتۈرۈلگەن، ئەۋلىيا - پەيغەمبەرلىك دەرىجىلىرىگە كۆتۈرۈلۈپ، ماختالغان! بۇ سىرلىق تەزكىرە، تەرجىمىھاللار-نىڭ ھەممىسىدە بىچارە ئۇيغۇر خەلقى ئاقارتىلىشقا تېگىشلىك بىر توپ نادانلار سۈپىتىدە مۇشۇ نائىنساپ خوجا - ئىشانلار تەرىپىدىن ھىدايەتكە باشلانغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن! بۇ — قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرە، تەرجىمىھاللارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى ئىدى!

مەن ئۆزۈمنىڭ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدىكى تارىخىي رومانلىرىم — «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى»، «ئاپاق خوجا» ۋە «تۇرغاق خوجىلار» نى مۇشۇ «تۈركىستان جاڭگىلى» دەك ئىرماش - چىرماش تەزكىرە، تەرجىمىھاللارنىڭ ئەكسىچە،

ئاشۇ يىللاردىكى تارىخىمىزنىڭ ئەڭ رەزگى، ئەڭ كىر ۋە ئەڭ جاھالەتلىك بەتلىرىدىن باشلاپ يازدىم. جاھالەتنى، ئادالەتسىزلىكنى رەھىمسىز پاش قىلىش، غەزەپ بىلەن قامچىلاش، پارلاق ئىستىقبالدىن بىشارەت بېرىپ، ياخشىلىقنى، ئادالەتنى ھارماي ـ تالماي كۈيلەش— ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق يازغۇچىنىڭ بۇرچىدۇر! شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كىتابىمدا خەلقىمىزگە مەلۇم بولغان ۋە تېخى مەلۇم بولمىغان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى يىپ ئۆچى قىلىپ تۇرۇپ، ئاشۇ بىر توپ ناشۇكۇر خوجىلارنىڭ خەلققە قارشى خائىنانە جىنايەتلىرىنى يېزىپ پاش قىلىش ئارقىلىق، ئاشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دەۋر روھىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئۇرۇندۇم!

دەۋر روھىنىڭ كۆزى ئىنسان قەلبىدىن باشقا ھەر قانداق يەردە تېخىمۇ يارقىنراق نۇرنى، تېخىمۇ قاراڭغۇراق زۇلمەتنى كۆرەلەيدۇ؛ دۇنيادا ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىنمۇ مۇرەككەپرەك، سىرلىق، چەكسىز ۋە تولىمۇ قورقۇنچلۇق ماكان بولمىسا كېرەك. مۇبادا، دۇنيادا تەكلىماكان چۆلىدىنمۇ يىپايان زېمىن بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ كۆك ئاسماندۇر! بىراق، ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى كۆك ئاسماندىنمۇ بىپايان بولغان زېمىندۇر!

* * *

ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى جامائەتچىلىك 21 ـ ئەسىرنىڭ ئاسىيالىقلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمەكتە. تېز سۈرئەتتە گۈللىنىۋاتقان ئىقتىساد، تۈگىمەس ـ پۈتمەس مول تەبىئىي بايلىق، ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىق مەدەنىيەت گۆھەرلىرى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەۋرەنمەس كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ھەممىسى

«قوياش كۆتۈرۈلگەن جاي» دەپ ئاتالغان مۇشۇ ئاسىيا قىتئەسىگە مۇجەسسەملەنگەن! بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئەپلىك جۇغراپىيىلىك ئورنىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز، ئەلۋەتتە!

بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى مەلئۇن ئاپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا ئوت ۋە قىلىچ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ ھېسابلىنىدىغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى بۇزۇپ ئاچتى. ئۇيغۇر خەلقىمۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن دۇچ كەلگەن شۇم تەقدىردىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. ئۇلار قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەۋھامچىلىقىنى ئۆزىگە روشەن بەلگە قىلغان نادانلىق، دوگمىچىلىق، خۇراپاتلىق، قاششاقلىق، يوقسۇللۇق، يۇرتۋازلىق، مەھكۇملۇق ۋە كۆلپەتلىك قىسمەتنىڭ ئاپەت دولقۇنى ئىچىدە ئىچىنىشلىق جان تالاشتى. بىراق، بۇنداق ئاپەت دولقۇنى بىر قىسىم ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ مىللەتنى مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئەلنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇلىرىنى كۆمۈپ تاشلىيالمىغان، ئاۋام خەلقىنىڭ تىرىكچىلىك ۋەسۋەسلىرى ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى غەرق قىلىۋېتەلمىگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى خۇن قىلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئىرادىسىز ئاڭقاۋلاردىن قىلىپ قويدى! نەتىجىدە مىللەت ئىچىدە تىلى شېكەر، دىلى زەھەر، يەڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە خەنجەر ساقلايدىغان يۇرتۋاز خۇمسىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. مىللەت قانچىكى مەھكۇم بولغانسېرى قارا يۈزلەر، دەيۈزلەر، مۇناپىقلار شۇنچە كۆپەيدى. چۈنكى، ئۇلار جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئىتىنى، مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسىنى سېتىش ھېسابىغا زور تۆھپە ـ ئىنئاملارغا ئېگە بولۇشاتتى ۋە «مۇشۇ خىزمىتىم باھانىسىدە تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالۇرمەنمىكىن» دەپ ئويلىشاتتى. دېمەك،

ئۇلارنىڭ مەسلىكى تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خوجىسى تاشلاپ بەرگەن پۇچۇق سۆڭەكنى غاجىلاپ جان بېقىش مەسلىكى ئىدى!

خەلقىمىزنى 300 يىلدىن بېرى يىلاندەك چىرماپ ئالغان خوجىلار ئەۋلادچىلىقى — ئۇيغۇرلار تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن نادانلىق، خۇراپاتلىق ئېكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرۈپ بەرگەن زىيىنىنى ھەرگىز تۈۋەن چاغلىماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئاشۇ خوجىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيولوگىيە جەھەتتىكى ئاسارىتى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنى تەرسالارچە قايتا ـ قايتا كۆرسىتىپ تۇردى. «مىللىي غۇرۇر»، «مىللىي تەۋەررۇك» دەپ ئاتالغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئاسارىتى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئىڭراپ يېتىشقان مەزلۇم خەلقنىڭ خۇنۇك مىللىي ئېكى ۋە خوجىچىلىق ئىستىرىيىسىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن تۇغ ـ ئەلەملىرى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى قاششاقلىقى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىقى كۆچەيسە كۆچەيدىكى، ھەرگىز ئاجىزلىمىدى. كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىقى بىلەن يۇرتۋازلىقىنى تېخىمۇ ئەشەددىيلەشتۈرۈۋەتتى. قارىماققا ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىلدە جاھالەت كۈچلىرى ھەممىلا ۋاقىت، ھەممىلا يەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېلىۋەرمىدى. ئادالەتنى ياقلايدىغان ياخشىلىقمۇ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىنى قەيسەرلىك بىلەن قايتا ـ قايتا كۆرسىتىپ، نادانلىق پاتقىقىغا چۆكۈرۈلگەن خەلققە يورۇقلۇقتىن، ياخشىلىقتىن، ئىستىقبالدىن، غايىدىن، كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىپ تۇردى. كىشىلەرنىڭ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە بۇنداق ئويلىنىشى ئۇلارنى يېڭى ئازابلىق تەپەككۇر ئىچىگە سۆرەپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇلار يېتىلىشكە باشلىدى. ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەدىرىيە؛ خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولغان ئىسيانكار شائىر شاھ مەشرەپ؛ ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن قازاندىكى قايناۋاتقان ياغقا سەكرىگەن زەينەپ بىبى؛ ئەزىز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ دەھشەتلىك پاجىئە بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن باتۇر سەركەردە ئىۋەز بەگ؛ مانجۇلارنىڭ سادىق غالچىسى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ باتۇرلارچە قۇربان بولغان جاھان خوجا ئەرشى ۋە خوجا سىدىق پۇتۇھى؛ ئار ـ نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن مانجۇ خانىغا ھەرگىز تىز پۈكمىگەن ئىپارخان؛ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى پارتلىغان ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى، ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان رەھمىتۇللا بەگ؛ ئەسمىتۇللا بەگ ۋە مايىسخان. . . قاتارلىقلار مۇشۇ ياخشىلىقنىڭ، مۇشۇ تەپەككۇرنىڭ سىمۋوللىرى ئىدى!

ئۇيغۇر خەلقىنى ئەۋھامچىلىقنىڭ ھالاكەتلىك پاتقىقىغا ئىتتىرگەن ئاشۇ خوجىچىلىق ھەرىكىتى ئاخىرسىز يوسۇندا ئۇيغۇر خەلقىگە شەيتانىنىڭ قۇيرۇقى بار ئىكەنلىكىنى ۋە مەھكۇملۇقنىڭ دوزاختىنمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ خائىنانە ئەۋھامچىلىقى جۇڭغارلارغا قول قىلىپ بېرىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنى ئەسلىدىكى ساداقەتمەن، خۇداگۇي مۆمىنلەردىن دەھشەتلىك غەزەپلەنگەن ئارسلانلارغا ئايلاندۇردى. ئۇلار ئەمدى «مىللەتنىڭ غۇرۇرى»، «مىللەتنىڭ تەۋەررۇكى» دېيىلگەن ئاشۇ نەرسىلەرگە قارىغۇيۇقلا ئىشەنمەيدىغان بولۇشتى. ھەممىدىن ئاۋۋال «مىللىي غۇرۇر»، «مىللىي تەۋەررۇك» دەپ ئاتالغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسرىيالايدىغان ۋە ياكى ئاسرىيالمايدىغانلىقىغا

قارايدىغان بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھكۇملۇق قىسمىتىدىن مۇناپىق ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر خوجىلىرى تەرغىب قىلىشقان «مىللىي غۇرۇر» ، «مىللىي تەۋەررۇك» دەپ ئاتالغان خوجىلار ئەۋھامچىلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى جۇڭغارىيە باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىدىن ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى ۋە ئۆزلىرىنى ئاسراپ قالالمايدىغان ئاشۇ نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالغاندا ئۆزلىرىنىڭ مەھكۇملۇق تەقدىرىنىڭ ئەسلا ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى! شۇنداقلا، نادانلىق بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنى چىرماپ كەلگەن ئەڭ زور ئىككى كۈشەندە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى! شۇنداق، كىشىلەر ئالدانمايمەن دېسە تارىختىن ساۋاق ئېلىش كېرەك. مۇبادا، تارىختىن ساۋاق ئالمايدىغان بولسا تارىخنى قايتا - قايتا... تەكرارلاشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ!

* * *

مەن 1998 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەكەنگە كاماندىروپكىغا بارغاندا مۇھەممەد تۇرسۇن مەجىددىن ئەپەندىنىڭ① ھەمراھلىقىدا ئالتۇنلۇققا بېرىپ، سەئىدىيە خانلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلدىم. مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىساخانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدىم.

ئالتۇنلۇققا سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا ئون ئەۋلاد پادىشاھ دەپنە قىلىنغانىدى. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىچىدە پەزىلەت ۋە شىجائەت بابىدا زور ئۇتۇق قازانغان سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، سۇلتان ئابدۇلكەرىم خان،

① بۇ كىشى يەكەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، ھازىر پېنسىيىدە.

سۇلتان ئابدۇلەتىپ خان، سۇلتان ئابدۇللا خانغا ئوخشاش ئاقىل، پازىل سۇلتانلارنىڭ ۋە قەشقەر خوجىلىرىغا قورچاق بولغان سۇلتان ئەھمەت خان، سۇلتان مەھمۇت خان ۋە سۇلتان يولۋاس خاندەك پەزىلەتسىز، شىجائەتسىز، غاپىل ۋە جاھىل سۇلتانلارنىڭ قەبرىسىمۇ بار ئىدى.

مەن ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان چېغىمدا، تۇيۇقسىز خوجا سىدىق پۈتۈھىنىڭ[1] بۇرھانىدىن خوجىغا[2] ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم:

«... ئەي غاپىل، بىلەمسەن؟ — دېگەنىدى ئۇ، — جاھان بەزمىسىنىڭ ساقىيلىرى شۇ قەدەر ھاياسىزكى، ئۇلار ئۆمۈر پىيالىسىگە ئۆلۈم شارابىنى قۇيۇشتا ئاقىل بىلەن غاپىلنى، پازىل بىلەن جاھىلنى، ھوشيار بىلەن بىھوشنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ! ئۇلار تىرىكلىك شاخلىرىنى ئەجەل تىغى بىلەن كېسىشتە كىمنىڭ پازىل پادىشاھ، كىمنىڭ ئادىل پادىشاھ ئىكەنلىكىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ! ۋادەرىخا، بۇ جاھان كىملەرگە ۋاپا قىلغان؟! ھايات ۋاقتىدا پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ھەم بارلىق ۋەجۇ - دۇنيانى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، تەڭرى ئەركىسى دەپ ئاتالغان ئاشۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ جاھان ساقىيسىنىڭ قولىدىن ئۆلۈم شارابىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولمىغانمىدى؟ ئۇ: ‹مېنى تاۋۇتقا سالغاندا، ئەلۋەتتە قولۇمنى تاۋۇتنىڭ تېشىغا چىقىرىپ قويۇڭلار. جاھان ئەھلى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق كۆزلىرى بىلەن، ياق، بەلكى ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالسۇن. قولۇمنىڭ بۇ پەنجىلىرى ۋە قاتار تىزىلىپ تۇرغان بارماقلىرى جاھاندىن ۋە جاھان ئەھلىدىن قانداق

---

① شائىر، «دىۋان پۈتۈھى» نىڭ ئاپتورى. قارا تاغلىقلار مەزھەپىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سەردارى دانىيال خوجىنىڭ نەۋرىسى.

② ئاقتاغلىقلار مەزھەپىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سەردارى ئاپاق خوجىنىڭ چەۋرىسى.

ئۆزۆلگەنلىكىنى كۆرسۆن!، دەپ ھەسرەتلىك نىدا قىلمىدىمۇ؟ ...»

مەن مۇشۇ سەھىپىلەرنى ئويلاۋاتقىنىمدا، كۆڭلۈم تويۇقسىز بۇزۇلدى ـ دە، مەجىددىن ئەپەندىگە:

— يۈرۈڭ، مىنى ھەفتەئى مۇھەممەدانغا[1] باشلاپ بېرىڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدىم.

ھەفتەئى مۇھەممەدانغا كېتىۋېتىپ، يولدا توپىدا ئېغىناپ يېتىشقان بىرمۇنچە ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن سولغۇنلۇق، قاشاقلىق چىقىپ تۇراتتى، چاچلىرى ئۆسۈپ كېتىشكەن، گەدەنلىرىنى كىر ـ قاسماق بېسىپ، ئۆزايىدىن ئادەمسىياقى قالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرمۇ، ئايالمۇ، قېرىمۇ، يېشىمۇ بار ئىدى.

— بۇلار كىملەر؟ ئۇلار نېمە دەپ بۇ يەردە ئېغىنىشىپ يېتىشىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەجىددىن ئەپەندىدىن قىزىقىپ.

— بۇلار ئاشىقلار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قىلچىمۇ ھېسسىياتسىز ھالدا.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى بۇ يەردە بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئەبگا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرىنىڭ 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا لەلەڭشىپ يۈرۈشكەن سايىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم ـ دە، ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتىم.

— ھەقدوست، بالا گەردان نەقشبەندى پىرىم! — دېدى ياش بىر ئاشىق دىۋانە ئۆزۈندىن بېرى يۆيۈلماي قاسماق ـ توڭرا بېسىپ كەتكەن قوللىرىنى ماڭا تەڭلەپ، — سەدىقە بالانى يەر، تۆۋا گۇناھنى...!

مەن قولۇمنى تۆش يانچۇقۇمغا ئاپىرىپ بولۇپ، يەنە دەرھال

---

① قەدىمكى زاماندا يەكەن شەھىرىدىكى غەدىگەرلىككە مۇھەممەت ئىسىملىك يەتتە كىشى قاتار دەپنە قىلىنغانىكەن. كېيىن كىشىلەر بۇ يەرنى ئۇلارنىڭ نامى بىلەن «ھەفتەئى مۇھەممەدان» دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ.

پەسكە چۈشۈردۈم ـ دە:
— ئېتىڭ نېمە؟ نەچچە ياشتا سەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
— ئېتىم خوجا ئابدۇلكەرىم راخمان سوپى، تەقسىر بۇ يىل مەن 25 ياشقا كىردىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ تەمەخورلۇق ئوتى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى مېنىڭ تۆش يانچۇقۇمغا تىكىپ تۇرۇپ.
— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەن؟ قورسىقىڭغا نېمە يەيسەن؟
— تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام ئاچ يۈرمەن!
ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى «شەھىرىمىزنىڭ لالما ئىتلىرىغا ئوخشايدىكەنسىز» دېگەن لەتىپە ئېسىمگە كەلدى ـ يۇ، ئەمما تىلىمنى تىيىۋالدىم:
— ياش ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەش ئەزايىڭمۇ ساپساقلا ئىكەن. ئەلۋەتتە سېنىڭمۇ يۇرت ـ قاياشىڭ باردۇر؟ ئۆزۈڭنى بۇنداق خار ـ زار ئەيلىگۈچە، كۈچۈڭنى سەرپ قىلىپ ھالال ئەمگەك بىلەن رىزقىڭنى تېپىپ يېسەڭ، ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟!
— ئەپەندىم، غەلىتىلا گەپ قىلىدىلىغۇ؟ قايىلىسىلا، پېقىر خۇدا يولىدىكى ئاشىقمەن. پۈتۈن ئەسلى ـ ۋەسلىمنى ھەقتائاللاغا ۋە ئۇنىڭ پىريارەنلىرىغا ئاتىۋەتكەن ئاشىقمەن. ئاللا سىلىگە بۇ ئالەملىك نېمەتنى بەرگەن بولسا، بىزلەرگە ئۇ ئالەملىك نېمەتنى بەرگەن! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قىلچىمۇ ئۇيالماستىن.
— . . .
مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.
— يۈرسىلە، كېتەيلى! — دەپ پېشىمنى تارتتى مەجىددىن ئەپەندى.

مەن دەرھال تۆش يانچۇقۇمدىكى مەيدە پۇللارنى ئېلىپ، ھەممىسىنى ھېلىقى ئاشقىنىڭ يېنىدا قولىنى تەڭلەپ تۇرغان يەنە بىر مەجرۇھ سائىلغا بەردىم. . .

ئەپلاتون: «كېسەل بەدەن قىيىنچىلىقلارغا چىدامسىز، سەمەرىلىك ئىشلارنى بېجىرىشكە قابىلىيەتسىز بولغىنىدەك، كېسەل روھمۇ ئەڭ يۇكسەك ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ پەرقىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ ۋە تاللاپ ئالالمايدۇ» دېگەنىدى. شۇنداق، قاششاقلىق تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، ئادەملەر جىن - شەيتانغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈشمەيدىغان بىپەرۋا ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇيۇق يولىغا كىرىپ قېلىپ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قېلىشقان ئادەمسىياق ئوبرازلار جىسمسىز جىن - شەيتانلارغا ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدۇ!

* * *

ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان بۇ سىرلىق دۇنيا ئۆزىدە نېمە بولسا شۇنى ئايان قىلىدۇ. ئۇنى كۆزەتكەن ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ كۆزىتىلىدىغان نەرسە بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن! مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر بار ئىكەنكى (ئەگەر ئۇلار روھ دېيىلمەي ئادەم دېيىلىدىغان بولسا)، ئۇلار خىيال دۇنياسىدا ئۇزۇپ يۈرۈپ، ھەقىقەتنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە يېتەلەيدۇ ۋە ئېگىزدە تۇرۇپ ھەيران قالارلىق مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭا تەپەككۇر قىلالايدىغان، يىغلىيالايدىغان ھەم كۈلەلەيدىغان مىللەتتىن ئۈمىد كۈتۈش كېرەك. چۈنكى، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە

تەپەككۇر قىلالايدىغان مىللەتنى يېڭىش قىيىن. ئۇز تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ يىغلىيالايدىغان مىللەتلا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە بۇنداق ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالايدۇ. ئۇز ئەركىنلىكى ئۈچۈن تۆلىگەن مۇشەققەتلىك ئەجىر - تۆھپىلىرى، بەدەل - قۇربانلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ ياش تۆكەلەيدۇ ھەمدە قولغا كەلتۈرگەن بەخت - سائادەتلىرى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كۈلەلەيدۇ!

تەپەككۇر — ئىنساننىڭ ئەقىل - ئىدراك پائالىيىتى. شۇڭا ئىنسان بىر مىنۇت ۋاقىتىنىمۇ تەپەككۇرسىز ئۆتكۈزمەسلىكى لازىم. بىراق، ئىنسان ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئورنىغا خام خىيالنى دەسسەتسە، زەھەر بىلەن غىزانى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. نىھايەت، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئىنسانلار ئەزەلدىن تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا خەۋپ - خەتەردىن قورقماي تەھلىل قىلىپ كېلىشتى. بەلكى، زور دەلىللەر ھېسابىغا ئۆزلىرى بىلمەكچى بولۇشقان ئاجايىبات - غارايىباتلارنىڭ سىر - ئەسرارلىرىغا يېتىشمەكچى بولۇشتى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئاجايىپ بىر خىل تەسىر قىلىش رولى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز تەپەككۇرلىرى ئارقىلىق ئالەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرالىدى!

* * *

1967 - يىلى 8 - ئايدا مەن سابىق قەشقەر شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كاپىتان ئوسمانوف ئاكا بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر نەزەرباغ يېزىسىدا بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدىم. مۇشۇ مەزگىلدە، ھەزرەتتە ئاپاق خوجا مازىرىغا قارايدىغان ھەسەن شەيخ دېگەن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم (ئاڭلىسام ھەسەن شەيخ ھازىر دەم ئېلىشتا

ئىكەن). ئۇ ماڭا ئاپاق خوجا ھەققىدە نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا گەرچە مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە تولۇق ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسامMۇ ئەمما مەندە ئاپاق خوجىغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن مۇشۇ خىيالنىڭ ۋەسۋەسچىلىكىدە مەخدۇم ئەزەم ۋە ئاپاق خوجىنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىمنى مەقسەتلىك ھالدا خاتىرىلەپ ماڭدىم ۋە بۇ خوجىلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ماتېرىياللارنىمۇ يىغىپ ماڭدىم.

1979 ـ يىلى كۈزدە، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە يۆتكەلدىم. بۇ مەزگىلدە قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىلىملىك زاتلار بىلەن مەسىلەن، مەرھۇم قاسىم قارى ھاجىم، مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم (ھازىر بۇ زات قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىدىن دەم ئېلىشقا چىققان) قاتارلىق ئەللامەلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. مەرھۇم ۋالىي ئەيسا شاكىر جانابلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر مەزگىل مەرھۇم ئەللامە ئىمىر ھەسەن قازى ھاجىم جانابلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئاپاق خوجا ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالدىم.

1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن خەنزۇچە ـ مانجۇچە ئارخىپلاردىكى شىنجاڭ ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە مەتبۇئاتتا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنمىغان ھەر خىل قولىيازمىلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. مەسىلەن، «تەزكىرەئى ئەزىزان» («تەزكىرەئى

خوجىگان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر)، «تارىخى كاشغەر»، («جاھاننامە»)، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»[①] (يەنى «تارىخى رەشىدى. زەيلى») ۋە «تەزكىرەئى ھىدايىتۇللا»، «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، «تەزكىرەئى ئافاق»، «تەزكىرەئى پىرياران»، «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»، «تەربىيەتنامە»، «ھىدايەتنامە»، «تارىخى نادىرىيە»، «رىسالە تەۋەرۇكات» («تەزكىرەئى پىرياران» نىڭ بىر قىسمى) قاتارلىق قوليازمىلاردا قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئاپاق خوجا ھەققىدە ناھايىتى مول بىرىنچى قول ماتېرىياللار يېزىپ قالدۇرۇلغان!

* * *

مەن تۇرمۇش مۇشەققىتىنىڭ ئاسارىتىدە ئاران تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىقىنىلا ئوقۇيالىدىم. بىلىم سەۋىيەمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى — مەيدىسىگە پروفېسسورلۇق ئىزنىكىنى تاقىۋېلىپ گىدىيىپ يۈرۈشكەن بەزى دوستلىرىمغا قارىغاندا خېلىلا تۆۋەن ئىدى. بىراق، مەن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ شۇنى چۈشەندىمكى، بىلىمدە باشلىنىش نۇقتىسى ھەر قانچە يۇقىرى بولسىمۇ ئەمما بىر ئورۇندا تۇرۇۋېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىمىسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ تۇرمۇش دەپتىرى يەنىلا ئاق پېتى تۇرىۋېرىدۇ؛ گەرچە بىلىمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەگەر تىرىشسىلا، تۇرمۇشنىڭ تاغ - داۋانلىرىدىن ئېشىپ ھاياتنىڭ سەپەر ئاسمىنىدا قانات قېقىپ، جەۋلان قىلىپ، چوڭ - چوڭ نەتىجىلەرنى، ھەتتا باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

① بۇ كىتابلار قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئەلنىڭ تارازىسى ھەقىقەت، ئەلنىڭ باھاسى ئادالەت ئەلنىڭ ئەقلى ئەل بىلەن! مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم — «بەدۆلەت» ناملىق ئۈچ توملۇق تارىخىي قىسسەم نەشردىن چىققاندىن كېيىن خەلقىم مېنىڭ بۇ ئازغىنا ئەرزىمەس ئەمگىكىمگە خېلى يۇقىرى باھا بەردى.

قايسى بىر ئەدىبنىڭ: «... ئازراقمۇ مېۋە بەرمەيدىغان دەرەخ — مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ناچارلىرىدىندۇر؛ ئىجتىھات بېغىدا بېخىل، باشقىلارغا ئازراقمۇ پايدا بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە، باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ لاياقەتسىز، ئەڭ ئىستىبداتسىزلىرىدىندۇر! مۇبادا، بۇنداق ئىستىبداتسىز ھەسەتخورلار يۇقىرىدا بولسا، ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ يولىنى توسۇۋالىدۇ. ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقلىرىنىڭ خىرە سايىسى ئاستىغا كۆمۈپ تاشلاپ، بىھۇدە زايا قىلىۋېتىدۇ، پۈتۈن خەلقنى ئەقىل - پاراسەت مېۋىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ! دېمەك، ھەسەتخورلار خىلمۇ خىل بولىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، تالانت ئىگىلىرىنى باسىدىغان ھەسەتخور دۇنيادىكى ھەسەتخورلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. شۇنداقلا، تالانت ئىگىلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ يۇكسەك پەللىگە چىقىشى ئۈچۈن ئۆز يەلكىسىنى شوتا قىلىپ بەرگۈچىلەر دۇنيادىكى ساخاۋەتچىلەر ئىچىدە ئەڭ ئالىيجانابلىرىدىندۇر!..» دېگەنلىكى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

* * *

مەن قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدىكى بۇ ئۈچ تارىخىي رومانىمنى يېزىشقا كىرىشكەندە، نۇرغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتىم. «شىنجاڭ

مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى قۇربان ماموت ئەپەندى مېنى قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى؛ خىزمەتدىشىم مۇھەممەت تۇردى مىرزا ئەھمەت ئەپەندى ئۆزى ساقلاۋاتقان، ئاپاق خوجا ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرە، تەرجىمىھال ماتېرىياللارنى سېخىيلىق بىلەن مېنىڭ پايدىلىنىشىمغا بېرىپ تۇردى؛ خىزمەتدىشىم جېلىل مۇھەممەت ئەپەندى بۇ ئۈچ ئەسىرنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىن ئەستايىدىل تۈزىتىپ، تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلىدى. رەپىقەم تۇنسا كەنجى باشلىق بارلىق ئائىلە ئەزالىرىم مېنىڭ بۇ ئىجادىيەتلىرىمنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن مېنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى. مەن بۇ يەردە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنى مەنىۋى، ماددىي جەھەتتە قوللىغان، نام - شەرىپى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن!

1998 - يىل 7 - ئاي، ئۈرۈمچى.

[illegible]

[illegible]

## مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە** نەمەنگانلىق خوجا ........................ 1
بىرىنچى باب موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىش ......... 31
ئىككىنچى باب «كارامىتۇللا كاتىبىن» ........... 67
ئۈچىنچى باب پايپېتەك خوجىلار ................... 110
تۆتىنچى باب قەشقەرىيىدىن قوغلىنىش ........... 158
بەشىنچى باب قارغىش - ئاداۋەت قاينىغان
زېمىن .................................................. 193
ئالتىنچى باب مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر
كوراگانىغا مەكتۇپ ...................................... 226
يەتتىنچى باب مىراسخور گېزەندىلەر ............... 257
سەككىزىنچى باب «رەشىدىل شاھى ئەزەم» ...... 294
توققۇزىنچى باب «پىر ئىنەلھەق!» ............... 332
ئونىنچى باب سەھرادىكى مەرۋايىت ............... 372
ئون بىرىنچى باب جاھالەت تىكەنلىرى ئۈنگەن
تۇپراق .................................................. 404
ئون ئىككىنچى باب دۇئاغا چۈشكەن تەقدىر ...... 450
ئون ئۈچىنچى باب «سەججادۇ بېھىشتىن» — خوجا
مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا.......................... 500
ئون تۆتىنچى باب ناماز كۈنىدىكى قاتىللىق ...... 550
ئون بەشىنچى باب قايچا خەنجەر تۇتقان كىشى ... 596
ئون ئالتىنچى باب «خەلىپەتۇل خەلىپە» —
سۇلتان مۇھەممەدخان .................................. 640
**خاتىمە** سۇ بېشىدىكى خانىقا ...................... 681

مۇقەددىمە

# نەمەنگانلىق خوجا

«نادانلىق» بىلەن «نادان» سۆزلىرىنىڭ لۇغەتتە يانمۇ ـ يان تۇرۇشى ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس. شۇڭا، دانالار: «نادانلىق — نادانىنىڭ قورالى» دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغان.

— خاتىرەمدىن

**مىلادى** 1521 ـ يىلى (يىلان يىلى) ياز.

چاقماق[①] دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىنى ياقىلاپ ئەگرى ـ توقاي سوزۇلغان چىغىر يول تۆپىلىككە قاراپ بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقانىدى. يىراقتىكى ئالاي تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرى بارغانسېرى يىراقلاپ كەينى تەرەپتە قالماقتا ئىدى. كەچكى كۈننىڭ شەپەق يورۇقىدا قارلىق چوققىلارنىڭ ئۈستى خۇددى ئوتقا پۈركەنگەندەك ۋال ـ ۋۇل قىلىپ ياناتتى.

چاڭ ـ توپىلىق يولدا بىر توپ ئاتلىق ئادەم ۋادىغا قاراپ

① ئاتۇش تەۋەسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.

ئالدىراش كېتىشۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچىسىغا جۇببەئى سىنجاپ يېپىنچاقلىغان، ئۈستىگە يېشىل يىپەكتىن جۇببە ۋە داستار كىيگەن، يېشى ئاتمىشلاردا بار بىر مويسىپىت كىشى ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى.

— مەنزىلگە يەنە قانچىلىك قالدۇق؟ — دەپ سورىدى ئۇ كەينىدىن كېلىۋاتقان بىرىدىن.

— ئاز قالدۇق، نېمەتلىك پىرىم، ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن تۆپىلىكتىن ئاشساقلا ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ ئالتۇن قۇببىلىرى كۆرۈنىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى.

— ھۆرمەتلىك مەككە خوجا، — دېدى بۇ چاغدا ئاتلىق كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش بىرى، — سىلىنىڭ: «مانا ئاز قالدۇق!» دېگەن سۆزلىرىنى بۇگۈن ئونىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمىز! بىراق، قاق سەھەردىن باشلاپ ماڭغىلى تۇرىۋدۇق، ئەلھال، ناماز ئەسىر ۋاقتىمۇ بولاي دەپ قالدى، قېنى ئۇ سىلى دېگەن ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ ئالتۇن قۇببىسى؟ ھېچ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئىنشائاللاھ مەئەسسابىرىن، سەۋر قىل ئى پەرزەنت مۇھەممەتئىمىن ئىشان! ئاللا بەندىلىرىگە سەۋر قىلىڭلار! دەپ ئۆگەتكەن، — دېدى ھېلىقى مويسىپىت كىشى بوش ئاۋاز بىلەن.

— ئىنشائاللا، نېمەتلىك ئۇلۇغ پىرىم، ئەپۇ قىلغايسىز، مەن خېلىدىن بېرى ساياھەتكە چىقمىغانىدىم، — دېدى ئاتلىق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەممەتئىمىن ئىشان دەپ ئاتالغان ھېلىقى يىگىت خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمىزدا بىر نەچچە قېتىم پەدەرىمگە ئەگىشىپ ئەنجان، مەرغىلانغا سەپەر قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇنداق نەچچە كۈنلەپ ئۇزاق يول مېڭىپ باقمىغانىكەنمەن! بۇ ھەقىقەتەن ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك سەپەر بولدى.

— ئى پەرزەنت، ئاشۇ كۆڭۈلسىز پەرغانىنى تىلغا

ئالماڭىز! — دېدى ھېلىقى مويسىپىت كىشى كېتىۋېتىپ، — ئاشۇ ماكاندا جېنىمىزغا جاپا، كۆڭلىمىزگە خاپىلىق يەتتى. كۆپ ئەسىردىن بۇيان ماۋرائۇننەھردە[1] ياشاپ، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان، مۇسۇلمان دىنىنى قوبۇل قىلغان، مۇھارىبىيە ئىشلىرىنى كەسىپ قىلىشقان بۇ موغۇل بەگلىرى ۋە نۆكەرلىرى قايسى پادىشاھ تەمىناتىنى كۆپرەك بەرسە، قايسى جەڭدىن ئولجا ياخشىراق چۈشكەن بولسا، ئاشۇ پادىشاھ ۋە ئاشۇ جەڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇرۇشتى. خىسراۋ شاھ[2] خىزمىتىدىن شەيبانىخانغا[3] ئۆتكەن، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن يەنە سۆيۈنچىخانغا[4] كېلىپ قوشۇلغان بۇ ياللانما لەشكەرلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى تولىمۇ تۇراقسىز، بىقارار بولغانلىقتىن، ئۇل پەرغانە ھۇدۇتلۇقىدا يىغا - غەلىيان زادىلا ئۆكسۈپ باقمىدى، سۆيۈنچىخان ئۆلگەندىن كېيىن ماۋرائۇننەھردە تۇتەپ يېنىشقا باشلىغان بۇ ۋەھىمە ئوتلىرى جىسمىمىزنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئەلھال، ئاڭلىساق سۇلتان سەئىدخان پەرغانىگە بېسىپ كىرىشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇدەك. «ۋەھىمە ئىچىدە بولغاندىن كۆرە، بالا - قازانىڭ ئىچىدە بولغان ياخشىراق» دەيدىغان ئاجايىپ ياخشى بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. بىزمۇ ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆز بويىچە ئىش كۆرۈپ، جېنىمىزنى جەبىر - جاپاغا تاپشۇرۇپ ئۆتمەكتىن ئۆزگە چارە تاپالمىغاندىن كېيىن ئاخىر جانىنى ئالىقىنىمىزغا ئېلىپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە پاناھداپ كەلمەكتىن باشقا ئامال تاپالمىدۇق...

مويسىپىت سۆزلەۋېتىپ ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ قويدى،

---

① ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارىخىي — جۇغراپىيىۋى يەر نامى. سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

② خىسراۋ شاھ شۇ چاغدا قۇندۇزنىڭ ھاكىمى ئىدى.

③ شەيبانىخان (1451 ـ 1510) — ئۆزبېك شەيبانىلار سۇلالىسىنىڭ قورغۇچىسى. 1500 ـ 1510 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

④ سۆيۈنچىخان (1510 ـ 1525— يىللىرى تەختتە) — شەيبانىلار سۇلالىسىنىڭ 2ـ خانى.

شۇتاپتا پەرغانىدىكى ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

خاقانىي سەئىد دەپ ئاتالغان شاھرۇھ مىرزا[1]نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پۈتۈن ماۋرائۇننەھر ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى. تەخت - سەلتەنەت ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان تۆمۈرىيلەر شاھزادىلىرى بىر - بىرىگە تىغ كۆتۈرۈپ، قىلىچ ئويىنىتىشتىن قول ئۈزمىدى، پەرغانە ۋادىسىدا غەلىيانلار ئۆي توشقىنىدەك كۆپەيمەكتە ئىدى. بالا ئاتىغا، ئاتا بالىغا، قېرىنداش قېرىنداشقا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈش بۇ ئەلدە ئادەتكە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ - كىچىك شەھەرلەردە، ۋىلايەت - ئايماقلاردا بەگلەر، ھاكىملار بارئىدى. ئۇلارنىڭ دەپىنى - دۇنياغا، شانۇ - شەۋكەتكە، ھاكىمىيەت، يۇرتدارچىلىققا بولغان ئىشتەيلىرى قىزىپ كېتىشكەنىدى. بۇنداق مالىمان زاماندا نەقشىبەندى شەيخلەر ھەممە جايدا بىردىن شاھزادىگە ئۇستاز بولۇشنىۋېلىشىپ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا بىۋاستە قول تىقىشتى. نىھايەت، مىرزا ئۇلۇغبەگ[2] قىلىچ كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن مەغرىبتىن - مەشرىققىچە كېڭەيگەن بۇ پايانسىز سەلتەنەت ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلار سەل - پەل تارقىغان بولسىمۇ، ئەمما مىرزا ئۇلۇغبەگ دەھرىيلىك يولىنى تۇتۇپ، «ئەسسە لاتىن زىللاللاھۇ فىل ئەرزا»، يەنى مەن خۇدانىڭ يەردىكى سايىسىمەن! دەپ تەكەببۇرلۇق قىلدى. دىن ئەھلىنى ئاياغ ئاستى قىلدى. كەماھۇ ۋە ھۇقۇقھۇ! ئىنشائاللا، تەخت ۋارىسى مىرزا ئابدۇلەتىف ئاتىسى، دەھرىي شاھ ئۇلۇغبەگنىڭ گۇناھكار كاللىسىنى

---

① شاھرۇھ مىرزا (1377 ـ 1447) — تۆمۈرلەڭنىڭ 4 ـ ئوغلى. ئۇ 1405 ـ 1447 ـ يىللىرى خوراسان تەختىدە ئولتۇرغان.

② ئۇلۇغبەگ (1399 ـ 1449) — شاھرۇھ مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى، ئۇلۇغ ئاسترونوم. مىلادى 1409ـ يىلى ئاتىسى شاھرۇھ مىرزا تەرىپىدىن پەرغانە ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن. مىلادى 1447 ـ يىلى شاھرۇھ مىرزا ۋاپات بولغاندا تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىگە ئىمپېراتور بولغان. مىلادى 1449ـ يىلى ئوغلى مىرزا ئابدۇلەتىف تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ناپاك ئىشلىرىغا چەك قويدى. دىيانەتسىز ئەللامەلەر ئىنشائاللا، ماۋرائۇننەھر تۇپرىقىدىن ھەيدەلدى. دىنسىزلارنىڭ كۇپۇر كىتابلىرى كۆيدۈرۈلدى. ... يەنە... ماۋرا ئۇننەھر ئاسمىنىدا سەلتەنەت قۇياشى نەچچە قېتىم ئولتۇرۇپ، نەچچە قېتىم بالقىدى. تۆمۈرىيلەرنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بولغان سۇلتان ساھىبقىران ھۇسەيىن بايقارا[1] تەختكە چىققاندىن كېيىن تۆمۈرىيلەر سەلتەنەتتە بىر مەھەل قارار تاپقان بولسىمۇ ئەمما دىنسىز موغۇل خانلىرى يۇتكۇل ماۋرائۇننەھر زېمىنىنى مەكرۇ پۇتلىرى بىلەن ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، خوجا ئەھمەت يەسەۋىينىڭ[2] مۇبارەك مەقبەرىسىنى بۇلغىدى. دەھرىي ئالىملار يەنە قايتىلاتىن باش كۆتۈردى. ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ بارچە مۆمىن بەندىلەرنى يولدىن ئازدۇردى. ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، پۇقرالارنى شەرىئەت يولىدىن چىقاردى. ئەرلىرىنىلا ئەمەس، ئاياللارنىمۇ ئوقۇسۇن دەپ، شەرمى ـ ھاياسىز قىلىۋەتتى.

تارىخىي ھىجرىنىڭ 911ـ يىلى[3] تۆمۈرىيلەرنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بولغان خوراسان ھۆكۈمدارى ھۇسەيىن بايقارا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ بەدىئۇززامان مىرزا ۋە مۇزەپپەر ھۆسەيىن مىرزا دېگەن ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىشكەندىن كېيىن سۇلتان ھۆسەيىن بايقارادىن قالغان ۋە بۇ شاھزادىلەر بىلەن بىللە بولغان بەگلەر كېڭەش قىلىشىپ، بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن مۇزەپپەر ھۇسەيىن مىرزىنى ھىرات تەختىگە شېرىك پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرۈشتى. پادىشاھلىقتا شېرىك بولۇش ئەزەلدىن ئىشتىلگەن ئىش ئەمەس

① ھۇسەيىن بايقارا (1438ـ 1506) — تۆمۈرىيلەردىن. مىلادى 1468 ـ 1506 ـ يىللىرى خوراسان تەختىدە ئولتۇرغان.
② خوجا ئەھمەت يەسەۋى (1167ـ ؟) — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوپىزمنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. ئاتا يەسەۋى دېگەن نامى بار.
③ مىلادى 1506 ـ يىلى.

ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى سىغدۇرماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. چۈنكى، «ئون دەرۋىش بىر پالاستا ئۇخلايدۇ. ۋاھالەنكى، ئىككى پادشاھ بىر ئىقلىمغا سىغمايدۇ» - دە!

ئاخىر ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرىگە قارشى تىغ كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ، غەلىيان قىلىشىپ تۆمۈرىيلەرنىڭ يىلتىزىنىڭ قۇرۇشىغا سەۋەبچى بولۇشتى...

تۆمۈرىيلەرنىڭ ئىشىنى خىلىدىن بىرى كۆزىتىپ يۈرگەن ئۆزبېك خانى شەيبانى ماۋرائۇننەھردە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، غوغا قايناتقان بۇ ئەلنى ئاخىر ئىسلام تۇغى ئاستىغا توپلاشقا مۇۋەپپەق بولدى...

ئۆزبېك خانى شەيبانىي خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار[①] دەك نەقشىبەندىلەرنىڭ ھۈسەيىن بايقارا سەلتەنەتىگە قول تىقىپ، بىرى بىردىن شاھزادىگە پىر - ئۇستاز بولۇۋېلىشىپ، تۆمۈرزادىلەر ئارىسىغا نىزا - ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ يۈرۈشكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

بۇ چاغدا تۆمۈرىيلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئۆزبېك خانى شەيبانى دەھرىي ھاكىمىيەت بىلەن ئىلاھىي ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا بىرلەشتۈرۈپ، تۆمۈرىيلەرگە نىسبەتەن ھەر قەدەمدە زور بىر ئۇستۇنلۇككە ئېرىشمەكتە ئىدى. بۇخارائىي شېرىفتە شەرىئەت ۋە تەرىقەت ئىلمىنى ياخشى ئۆگەنگەن، قۇرئاننى يادقا بىلىدىغان شەيبانىخاننىڭ ئالدىدا دىنىي ئىسلامنى ئۇنىڭدەك ياخشى بىلىدىغان، قۇرئاننى قىرائەت بىلەن ئوقۇشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باشقا ئۆزبېك يوق ئىدى. شەيبانىخان قۇدرەتلىك ئۆزبېك خانلىقى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشۋاتقاندا، بۇ مەقسىتىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ پۈتۈن ئىخلاس ۋە ئېتىقادىنىمۇ قازىنىشقا، ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى

① خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار (1404 - 1490) — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ 3 - ئەۋلات ئىمامى. ئۇ ھۈسەيىن بايقارانىڭ مەنىۋى ئۇستازى ئىدى.

ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇپ، ھەممىسىنى ھازىرقى زاماندىكى بىر دىنىي «ئىمامى زامان، خەلفەئى راخمان» بولغان ئۆزىگە قارىتىشقا ئالاھىدە تىرىشماقتا ئىدى.

بالىنىڭ ئاتىغا، قېرىنداشىنىڭ قېرىنداشقا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈشى ئادەتكە ئايلانغان بۇ ئەلدە قانچىلىك ئىپلاسلىقلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە شۇ زاماندىكى مۇئەررىخلەر نۇرغۇنلىغان تارىخىي خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقانىدى. ئابدۇلەتىف مىرزا ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار خانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆز ئاتىسى — ئاقساق تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغبەگ مىرزىنى ئۆلتۈردى؛ سۇلتان ئەلى مىرزا ئۆزىنىڭ ئاكىسى بايسۇنقۇر مىرزىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ قېچىپ كېتىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى؛ كېيىن بايسۇنقۇر مىرزىمۇ سۇلتان ئەلى مىرزىنى تۇتۇۋېلىپ كۆزىگە مىل سۇرمەكچى بولغاندا، بۇ مىرزىمۇ جاللاتنى ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ، قېچىپ قۇتۇلدى. دېمەك، تۆمۈرىيلەر سارىيىدا ساتقۇنلۇق، خىيانەت، بۇزۇقلۇق ئەۋج ئالدى. خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرارخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى خوجا يەھيا ئېرىشاتنامە بويىچە پىر بولۇپ ئالەمگە مەشھۇر بولدى. بىراق، ئۇمۇ ئوردىدىكى سىياسىيغا قول تىقىشتىن ئۆزىنى تارتمىدى. ئاۋۋال ئۇ مۇرىتلىرىغا خائىنلىق قىلىپ سەمەرقەندنى بابۇرغا بەرمەكچى بولغاندا، مۇرىتلىرى ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلىپ، سەمەرقەندنى تۆمۈرىيلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئۆزبېك خانى شەيبانىغا ئېلىپ بەردى. دېمەك، خىيانەت ئۈستىگە خىيانەت! بىرى ئۇياقتا تارتسا، يەنە بىرى بۇياقتا تارتتى! پادىشاھ ئۆزىچە، پىر ئۆزىچە! بىر - بىرىنى ئالداپ، بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يېمەكچى بولۇشتى! ئاخىر شەيبانىخان خوجا يەھيانى بالىلىرى بىلەن قوشۇپ مەككە مۇكەررەمەگە «ئىمان پاكلاش»قا يولغا سالغاندىن كېيىن كەيىندىن ئادەم ئەۋەتىپ، سەمەرقەندنىڭ غەربىي

جەنۇبىدىكى ئاھاكلىق تىغى ئىچىدە قەستلەپ ئۆلتۈرگۈزدى. . .

ئاخىر ئۆزبېكلەرنىڭ زۇلۇمىغا چىدىيالمىغان ماۋرائۇننەھر خەلقى شەيبانىلارغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شاھ ئىسمايىل سەفەۋى ماۋرائۇننەھردىكى ۋە شەيبانىخاننىڭ سارىيىدىكى ئىچكى نىزالاردىن خەۋەر تېپىپ بۇ قولاي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىلىشقا ئىنتىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەربتە تۈرك سۇلتانى بايەزىد ئىككىنچى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان لەشكەرلىرىنى جەڭ مەيدانىدىن چېكىندۇرۇپ، شەرقتىكى ماۋرائۇننەھرگە لەشكەر تارتىپ كەلدى.

ھىجرىيىنىڭ 915- يىل (ئات يىلى)[1] قىشتا شىئە خانى ئىسمائىل سەفەۋى مۇرغاپ دەرياسى بويىدىكى مەرۋى دېگەن يەردە شەيبانىخاننى 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن قاتمۇ قات قورشىۋالدى. شەيبانىخان بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. . .

ئىلگىرى ماۋرائۇننەھر ئاسمىنىنى تەپرىقچىلىق قارا بولۇتلىرى قاپلىغان بولسا، مانا ئەمدى ماۋرائۇننەھر زېمىنى ئىسلام دىنىدىكى شىئەلەر بىلەن سۈننىلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ ئاداۋەت ئۇرۇش ئوتىدا كۆيۈشكە باشلىدى. . .

مويسىپىت كىشى مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز جەننەت ماكان پىر مۇھەممەت قازى ساھىبكالاننىڭ[2] ئۆزىگە ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالدى:

«. . . ئى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى، — دېگەنىدى ئۇستازى ئۇنىڭغا، — بۇ ئالەم پايانسىز بىر ئېكىنزارلىقتۇر. ھەممە كىشى بۇ ئالەم ئېتىزىدا ئىشلەيدىغان دېھقاندۇر. دېھقان

---

① مىلادى 1510- يىلى.

② مۇھەممەت قازى ساھىبكالانى (1516- ؟) — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ 4- ئەۋلاد ئىمامى.

ئېتىزغا نېمە تېرىغان بولسا، شۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر كىشىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك دەسمايىسى بولىدۇ! بىراق، غوۋغا قايىنىغان بۇ ئەلدە بۇنى چۈشىنىدىغان كىم بار؟ سەن بۇ ئەلدىن كەت! چۈنكى، ماۋرائۇننەھرىدە ئەمدى قىرغىنچىلىق باشلىنىدۇ!

— ئى پىر ئەزەم، بۇ نېمە ئۈچۈندۇر؟

— نېمە ئۈچۈن دەمسەن، شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىمۇ؟ — دەپ جىمىلگەنىدى ئۇل جەننەت ماكان پىرى، — ھەر قاچان، ھەر زامان شۇنداق بولغان، شەيخ! چۈنكى، كونا چاپان يېڭى خوجايىنىغا ياراشمايدۇ! ئەمدى ماۋرائۇننەھرىدە نەقىشبەندىيە سۇلۇكىمىز تەقىبكە ئۇچرايدۇ. كۆپلىگەن مۇرىتلىرىمىز قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بىراق، «چىرىپ كەتسە بىر دەرەخ، كۆكلەۋىرەر باشقىسى» دېگەندەك، ئىستىقبال باشقا تەرەپلەردە ساڭا كۈلۈپ چىراي ئاچسا ئەجەب ئەمەس. ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مۇلكىي قەشقەرىيىدە سەئىدخان موغۇل سۇلۇك تەرغىباتىغا يول قويارمىش. مۇبادا سەن ئاشۇ يەردە سەلتەنەتتىن كۆڭلى ئاغرىغانلار ئارىسىدىن ئۆزۈڭگە يۆلەنچۈك تاپالىساڭ، سەلتەنەتنىڭ مەنئى تۈۋرۈكى سۈپىتىدە سۇلۇكىمىز مۇلكىي قەشقەرىيىدە باشقىلاتىن باش كۆتۈرسە ئەجەب ئەمەس!...»

* * *

تاڭ سەھەردە يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى دەپ ئاتالغان بۇ مويسىپىتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. بۇ تۇگمەن نورىدىن چۈشۈپ، چاقپەلەكنىڭ قاناتلىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان سۇنىڭ گۈرۈلدىشى ئىدى. سەھەردىكى جىمجىتلىقتا بۇ ئاۋاز ناھايىتى يېقىن بىر يەردىن

ئاڭلىنىۋاتاتتى. كىچىچە ئۇخلىماي يول ماڭغان ئاتلىق يولۇچىلار سايغا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلىپ توختاشتى. باش باهاردا تاشقىن كېلىپ، ئاساۋ دەريادەك كۆپۈكلىنىپ ئاقىدىغان ئېقىن ساھىلى هازىر كۆپكۆك ئوتلاققا ئايلانغان، سايدا ئېشەكلەر، قوزىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈشكەن قويلار، چۇشەكلىك ئاتلار، ئوتقا تويۇپ كۆشەپ ياتقان سىيىرلارنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى. ئېقىننىڭ نېرىقى چېتىدە كونا تۇگمەن تىنماستىن گۈلدۈرلەپ چۆرگىلەۋاتقانىدى. شەيخ خوجا ئەهمەت كاسانى ئاتتىن سەل - پەل كۆتۈرۈلۈپ تۇگمەننى كۆرۈشكە هەرىكەت قىلدى. بىراق، ئورماندەك قارىيىپ تۇرغان سۆگەتلىكلەرنىڭ ئارىسىدىن تۇگمەن كۆرۈنمەيتتى. پەقەت نودىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ بىر خىلدىكى تىنىق گۈلدۈرلىشى بارغانسېرى ئوچۇق ئاڭلانماقتا ئىدى.

— بۇ ئېقىننى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ — دەپ سورىدى شەيخ خوجا ئەهمەت كاسانى ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.

— نېمەتلىك پىرىمغا مەلۇم بولغايكى، بۇ ئېقىن بوغۇز ئېقىنى① دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى مەككە خوجا شەيخنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ كۆجۈم مەهەللە - ئاتۇش قىشلىقىدۇر. ئەنە ئاۋۇ پەستە پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇببە هەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ ئالتۇن قۇببىسىدۇر! مانا ئەمدى يېتىپ كەلدۇق. ئەمدى راستىنلا هەزرىتى سۇلتان مازىرىغا يېتىپ كەلدۇق، هەزرىتىم!

شەيخ خوجا ئەهمەت كاسانى مەككە خوجا كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئوڭ تەرەپتىكى تۆۋەندە ۋادا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقانىدى. بۇ يەردىن قارىغان ئادەمگە ۋادىدىكى هەر بىر ئۆي، هەر بىر هويلا، قېلىن تاملار بىلەن ئورالغان قەلئەلەر، مەسچىتلەرنىڭ

① هازىرقى ئاتۇش شەهىرىنىڭ ئۇستىدىكى ئېقىننىڭ نامى، هازىرمۇ شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇببىلىرى، گۈمبەزلىك مازارلار ۋە ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان قاتار - قاتار دۇكانلار، رەستىلەر، قىسقىسى پۈتۈن ئاتۇش قىشلىقى ئالىقاندەك كۆرۈنەتتى.

* * *

ئەتراپى ئۇجمە، قارىياغاچ، قېرىپ قاغجىراپ كەتكەن سۆۋادان، چىنارلار بىلەن ئورالغان ھەزرىتى سۇلتان مازىرى ئادەمگە ئاللىقانداق غېرىبانە ۋە ۋەھىمىلىك تۇيۇلاتتى. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان[①] مەقبەرىسى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ[②] مەقبەرىسىنىڭ ئەتراپلىرىنى يانتاق، شىۋاق باسقان. ھەممە جايدا قۇرۇپ قالغان ئوت - چۆپلەر تاغ تەرەپتىن سوققان تاغ شامىلىدا لىڭشىپ تۇراتتى. قېرى دەرەخلەرلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان ياش نوتىلارمۇ تومۇز ئىسسىقتىكى قۇرغاقچىلىقتا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان.

مازارلىقنىڭ بۇ غېرىبانە، ۋەيرانە مەنزىرىسى، شاخلىرى قېرىپ مۇكچىيىپ، تېنىدىن ئەتلىرى سېزىپ كەتكەن قېرىلارنىڭ قاق سۆڭەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى ئەسلەتكۈچى ئۇجمە، قارىياغاچ، سۆۋادان، چىنارلا ۋە تۇغ شەددىلىرى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى دەپ ئاتالغان بۇ مويسىپىتنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. ئەلۋەتتە، مازارلىقتا قاراپ قويۇشسا، تۇغ - شەددىلىرىنى قېقىشسا، دەرەخلىرىنى كۆكەرتىپ، گۈللىرىنى تېرىپ، ئاسارلىرىنى يېڭىلاپ قويۇشسا يامان بولارمىدى؟!

---

① سۇلتان سوتۇق بۇغراخان (؟ - 995) — ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار خانى.

② ئەبۇنەسىر سامانى — تۇغۇلغان يىلى بىلەن ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ماۋرائۇننەھرلىك، سامانىيلار شاھزادىسى. 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارا خانىيلارغا كېلىپ، قەشقەردە سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخانغا ئۇستاز بولغان.

بىراق، ئۆزىنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن ماۋرائۇننەھردە تەقىب قىلىنىشى ۋە ئاخىر ئۇ يەردىن قوغلىنىشى، يولدا چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدەك چەكسىز رىيازەتلىرى ئالدىدا بۇ ئۇلۇغ مەقبەرەلەر، خاسىيەتلىك، ھەشەمەتلىك مازار ـ ماشايىخلارنىڭ ئۆزى قانچىلىك نىمە ئىدى؟ ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ تىجمەل ھاياتىدەك ئۆتكۈنچى ۋە بىچارە بىر نەرسە ئەمەسمۇ؟

«ئاھ، تەقدىر دېگەننىڭ تېگىگە يېتىپ بولغىلى بولمايدىكەن، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ تۇرۇپ، — شۇڭا جەننەت ماكان ئۇستازى مۇھەممەت قازى ساھىبكالان بۇ ئالەمدە ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەر خىل كەچۈرمىشلەر ئىنساندىن ئەمەس، بەلكى تەقدىردىندۇر، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن! . . . دەرۋەقە، ھاياتتا ھەر قانداق نەرسىنىڭ خۇددى تارازىدەك ئىككى تەخسىسى بولىدۇ. مەسىلەن، تاتلىقنىڭ ئاچچىقى، قاراڭغۇلۇقنىڭ يورۇقى، كېچىنىڭ كۈندۈزى، گۈلنىڭ تىكىنى . . . بولغىنىدەك. خوجا ئەھرارنىڭ ئاشۇ سەۋەنلىكىنىڭ جەبرىنى يەتكۈدەك تارتتىم، ئۇنىڭ غەزىپى بىلەن ئۆرتەندىم، ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا تەمتىرىدىم، زۇلمەت كېچىسىنى باشتىن كەچۈردۈم، تىكىنى بىلەن ئەلەم تارتتىم. بەس، ئەمدى بۇلارنىڭ ھەممىسىگە خاتىمە بېرىش پەيتى كەلدى. ئەمدى مەن سائادەت يولىنىڭ ئاغزىدا تەنتەنە بىلەن تۇرماقتىمەن. بەخت ـ تەلەيىنىڭ بوسۇغىسىدا مەزمۇت تۇرماقتىمەن! بۇ ئۇزاق ۋە پارلاق ئىستىقبالغا تولغان يول. بۇ يول نۇرلارغا تولغان، شىرىنلىقلارغا مول، دائىم كۈندۈز بولۇپ تۇرىدىغان، گۈللەر بىلەن قاپلانغان خاسىيەتلىك يول! . . .»

شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى قەددىنى رۇسلاپ، غەيۇرلۇق بىلەن ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ ئىچىگە قەدەم قويدى. . .

*       *       *

ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇق مەيداندا قەلەندەر ـ ئاشىقلار توپ ـ توپ بولۇپ ھەلقە تۈزۈپ جەررە سېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى:

يائاللا دوست، يائاللا،
ھەق دوست، يائاللا!
ھەمدۇ سانا دېمەستىن،
كەيپ ـ ساپا دېگەنلەر.
يائاللا دوست، يائاللا
ھەق دوست، يائاللا...!
دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر،
جاھان مالىن ئالغانلار،
ئاچ كۆز قۇشتەك بولۇبان،
ئۇل ھارامغا پاتقانلار.
گۇناھلىرى ھېسابسىز،
قىيامىتى مەدەتسىز...
يائاللا دوست، يائاللا،
ھەق دوست، يائاللا...!

بۇلارنىڭ تولىسى كەسپىي قەلەندەرلەر، تەمەگەر ئۇششۇقلار، سەۋدايى بەڭگىلەر، كاززاپ ـ ئالدامچىلار، تېجىمەل ـ جېدەلخورلار، بىكار تەلەت ـ ھارام تاماقلار، تىرىكتاپ زىيانكەشلەر ئىدى. ئۇلار ھەر قايسى جايلاردىكى چوڭراق بازار، يۇرت، مازار، سەيلىگاھلاردا تەسىس قىلىنغان تۆنەكخانىلاردىن، داشلىق خانىقالاردىن، ھەمەدان، ئېتىكاپخانىلاردىن، خەتمە ـ ئىستىغپار خانىلاردىن ئىمان

يېڭىلاش، توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇش ۋە مەخدۇم ئەزەمگە قول بېرىپ مۇرىت بولۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە — ھەزرىتى سۇلتان مازىرىغا يىغىلغانىدى. مەسچىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى خانىقانىڭ ئالدىدا بىر توپ سوپى ـ دەرۋىشلەر قازان قاينىتىۋاتقانىدى.

ياز ئاپتىپى يەر ۋە كۆكنى شۇنچىلىك قىزىتىۋاتاتتىكى، غىلاڭ تاشلىق سايدىن كۆتۈرۈلگەن تومۇز ھارارىتى ئادەمنىڭ يۈزىگە ئوت يالقۇنىدەك تېگەتتى. ھاۋا دىمىق، «غۇر» قىلغان شامال يوق ئىدى.

مەككە خوجا مازارنىڭ ئالدىدىكى چىنارنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ مەخدۇم ئەزەم — شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى مەشھەتتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىغا كەلگەندىن كېيىن ساقمۇ ساق قىرىق بىر كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇردى. ئارقىدىن ئۆزىنى «مەخدۇم ئەزەم»[1] دەپ ئېلان قىلدى ۋە قەشقەر نايىبى ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىغا بۇ مۇبارەك نام ـ شەرەپنى مەلۇم قىلدى. مازارنىڭ ئالدىنى ۋە خانىقانىڭ ئەتراپلىرىنى قوراللىق سىپاھلار قاپلاپ كەتكەنگە قارىغاندا، بۈگۈن شەيخنىڭ ئالدىدا بىرەر كاتتا زات بولسا كېرەك. بولمىسا مەككە خوجا ئادەتتە بۇنداق كۆپ ساقلاپ كەتمەيتتى، كېلىشى بىلەنلا شەيخ تەرىپىدىن چاقىرتىلاتتى.

ئىچكەركى ۋە تاشقىرىقى ھويلىدىكى مۇرىتلار پۈتلىرىنىڭ ئۈچىدا دەسسىشىپ ـ بىر ـ بىرىنىڭ قولاقلىرىغا پىچىرلىشاتتى. تام ياقىلىتىپ ئىسىلغان يوغان داش قازانلارنىڭ بەزىلىرىدە «تەۋەررۇك ئۇماچ» پۇرۇقلاپ قايناۋاتقانىدى. بىر قازاندا «تەۋەررۇك چاي» قايناۋاتقانىدى. بىر نەچچە سوپى نەچچە چارا، نەچچە تاۋاق قايماقنى شالاقلىتىپ قازانغا تۆكۈشتى ۋە ئۇنى

---

[1] مەخدۇم ئەزەم — «تەربىيەتچى، ئەتكە» دېگەن مەنىلەردە.

قازاندىكى كۆك چاي بىلەن تەكشى ئىلەشتۈرگەندىن كېيىن يەنە قايىنىتىشقا باشلىدى.

بىر كەملەردە بۇ سوپىلار داش قازانلاردا قايناۋاتقان «تەۋەررۈك ئۇماچ»نى ۋە «تەۋەررۈك چاي»نى قاچا ـ ئاياقلارغا ئۇسۇپ، تۇرنىلاردەك قاتار بولۇشۇپ، ئىبتىكاپخانىغا توشۇشقا باشلىدى...

تالادا ئارىلاپ، ئارىلاپ قەلەندەر ـ ئاشىقلار ۋە ئات چاپتۇرۇپ سوغۇق چىراي ياساۋۇللار كېلىۋاتاتتى. نىھايەت، ياش بىر سوپى چىقىپ مەككە خوجىنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى...

مەككە خوجا ياش سوپىنىڭ كەينىدىن ئىبتىكاپخانىغا كىرىۋېتىپ، گويا كۆڭلى بىر نېمىنى سەزگەندەك يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى ياش سوپىنى توختىتىپ بىر چەتكە تارتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— پىرىمنىڭ ھۇزۇرىدا بىر كىم بارمۇ نېمە؟

— ھەئە، بۈگۈن ساھىب ۋەزىر ئەمىرئەلى دوغلاتى جانابلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى...

«ساھىب ۋەزىر ئەمىرئەلى دوغلاتى» دەپ ئاتالغان بۇ كىشى ھازىرقى ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەتكەسى، قوشۇمچە سەئىدخاننىڭ باش ۋەزىرى، قەشقەر نايىبى مىرزا ئەلى تاغايى ئىدى. مەككە خوجا بۇ ئادەمنىڭ تولىمۇ ھەسەتخور، ئالدىدا ئوچۇق گەپ قىلىشتىن قاچىدىغان ئەمما ئىشنى چىقىمچىلىق يولى بىلەن ئاستىرتىن ئەپلەيدىغان زامان ئەللامەسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا زامانداشلىرى تەرىپىدىن «شەيتانلار ئانىسى» دەپ نام ئالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئۆزىنىڭ ئىبتىكاپخانىسىنىڭ تۆرىدە قىلىن بىساتلار ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئاستا تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان سېمىز، قورساق

سالغان ئەمىر ئەلى تاغايى جانابلىرى بويلىرى ۋىجىك، ئىنچىكە كەلگەن شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ يېنىدا خۇددى گۇمبەزدەك دۇپدۇگىلەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى - سىياقىمۇ باشقىچە بولۇپ، مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا ساقىلىدا، قويۇق ئۆسكىلەڭ قاشلىرىدا بىر تالمۇ ئاق يوق ئىدى. ئۇنىڭ قىپقىزىل چىرايلىق يۈزىدە بىر قاراشتىلا كىشىنى تەقىپ قىلىدىغان يوشۇرۇن بىر دەھشەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شەيخنىڭ ئۇدۇلىدا تىزلىنىپ، يەر سۆيۈپ تولۇق ئىھتىرام بىلەن سالام بەرگەن مەككە خوجىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى — دە، ئۈندىمەي گىدىيىپ ئولتۇردى.

— خۇش كېلىپسەن مەككە خوجا، — دېدى تۆردە قېلىن بىسات ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى، — قېنى سۆزلە، ۋاقىت قىس، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مانا جانابىي ۋەزىر ئەزەممۇ قەشقەر مۇزاپىتىدىن قەدەم تەشرىپ قىلىپتۇ...

مەككە خوجا ئولتۇرغان جايىدا ئەمىر ئەلى تاغايىغا ئىھتىرام بىلەم تەزىم قىلدى.

— بىلەمدىلا، جانابىي ۋەزىر ئەزەم، — دېدى شەيخ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، — ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىم ۋە مەسلىھەتچىم بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا ۋەكىل بولۇپ سىلى بىلەن قول ئېلىشىدۇ.

— ئىنشائاللا، ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەم ماشايىخىم، ئاقىل پاناھدارىمىنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى ئېلىشقا مۇشەررەپ بولۇش مەنكى مۇخلىسلىرىنىڭ ئارزۇيىدۇر!

شەيخ مىرزائەلى تاغايىنىڭ گېپىگە ئانچە ئىلتىپات قىلىپ كەتمىدى ۋە مەككە خوجىغا قاراپ:

— سۆزلە، مەككە خوجا، — دېدى، — بۇ ئۇزۇن قۇلاقلىرىڭ بىلەن نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭ؟ پايتەختتە قانداق

گەپ ـ سۆزلەر بار؟ جايلاردىكى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، تىجارەتچى ـ ئوقەتچىلەر ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىدا نېمە خەۋەرلەر بار؟

مەككە خوجا سۆزلەشكە ئۈمتۈلدى ـ يۇ، ئەمما ئەمىر ئەلى تاغايىغا قاراپ قويۇپ شۈبھىلەنگەندەك قىلىپ سۆزلىمەي شۈك تۇردى.

— سۆزلەۋەرگىن مەككە خوجا، — دېدى شەيخ، — ئۇل ۋەزىر ئەزەمدىن ئېھتىيات قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇل زات بىزگە قول بېرىپ، بىزنىڭ ئالىي نەسەبلىك مۇرشىدلىرىمىزدىن بىرىگە ئايلاندى!

— پىرىم! — دېدى مەككە خوجا ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — سۇلتانۇل ئىشان خوجا مۇھەممەت شېرىپ[1] نىڭ خەلىپىلىرى بىزلەرنى ھەر قەدەمدە تەقىپ قىلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنى كۆزىتىپ، چەكلەپ تۇرۇپتۇ. ئەلھال، سۇلۇك تەرغىباتلىرىمىز قەشقەرىيە دىيارىدا توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، دىلىمىز شىكەستە يېمەكتە!

ئۇ مىرزا ئەلى تاغايىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن شۈك بولۇپ قالدى.

— ئىننەللاھا مەسسابىرىن، سەۋرقىل، ئى ئۇزۇن قۇلاق زات، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتۇر! — دېدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى، — ۋەللەھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب! ۋەئىللا بۇل دىيانەتسىز سۇلتانۇل ئىشان گەرچە بىزلەرنىڭ جەننەت ماكان بۇزرۇكۋارىمىز ئەھرارخان تۆرەمنىڭ نەۋرىسى بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ كۇپۇرلۇققا تولغان بۇ زېمىندا ھېسابسىز مەكرۇ كىتاب ـ رىسالىلەرنى پۈتكەن ئۇل مۇرتەدلەر بىلەن بىللە بىر تاۋاقتا ئاش

---

[1] خوجا مۇھەممەت شېرىپ (؟ ـ 1568) — يەنى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار. ئۇ خوجا ئەبەيدۇللا ئەھراخان تۆرىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنىۋى ئۇستازى ئىدى.

يەپ، خۇداۋەندى كەرىمدىن قورقماي دوزىخىي بولۇپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بۇل گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن جازاغا تارتىلىشى كېرەك!

— پىرىم، سىلى سۇلتان سەئىدخاننى بىلمەيسىز، ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىدخاننى تېخىمۇ بىلمەيسىز! — دېدى مىرزائەلى تاغايى ئۆزىنى ئاقلىغاندەك قىلىپ.

— بىلىمەن! — شەيخ ياستۇققا تايىنىپ قەددىنى رۇسلىدى، — ھەقتائاللادىن قورقمىغان بۇل ئىمانى سۇس موغۇل سۇلتانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن!

— بەرھەق! — دەپ شەيخنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى مەككە خوجا، — ھەزرىتى سەئىددىل ئەزەم خوجىمىز ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن بۇل رىياكار زېمىندىكى مۆمىن بەندىلەرگە پىرى نىجادكار بولۇش ئۈچۈن كەلگەن مەخدۇم ئەزەمدۇر!

— ئى ۋەزىر ئەزەم، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟ — دېدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى كۆزلىرى بىلەن مىرزا ئەلى تاغايىغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ.

— ھەسسىنات! قۇللۇق، نېمەتلىك پىرىم! — دەپ ئىگراپ تاشلىدى مىرزائەلى تاغايى شەيخنىڭ ئاپئاق قويۇق قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئەپقېچىپ. شەيخنىڭ ئەلپازى خۇددى ئۇ نارازىلىق بىلدۇرسە، قولىدىكى تەسۋىنى ئۇنىڭغا ئاتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئى ئەھلى يارەن، شۇنى بىلىڭىزكى، — دېدى شەيخ ئالدىرىماي سۆزلەپ، — كىشى بۇ دۇنيادا قانچە ئازابلانسا، ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ. شۇڭا، كىشىگە پانىي دۇنيادا كېلىدىغان ھەر خىل كەچۈرمىش ئىنساندىن ئەمەس، تەقدىردىندۇر. ئۆزىنى دەرۋىش، سوپى، ئىشان، تەقۋادار دەپ ئاتايدىغانلار بۇل دۇنيادا پەقەت كىشىلەرگە دۇئا قىلىشقىلا يارىتىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىنسانچىلىق رىزقى دۇئا بىلەن

ئەمەس، توۋا بىلەن قارار تاپقاي. . . ئۇلار ئۇلۇغ ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ تەڭرىلا ئۇلۇغ. . . ھەدىستە: «بەندىچىلىك رىزقىنى تەڭرىدىن ئەمەس، تەڭرى نامىدا دۇئا بىلەن مۆمىن بەندىلەردىن ئۈندۈرمەكچى بولغانلار شەررىلىك ـ ئاچ كۆزلۈك، نەپسى بالا، ھىرىسمەنلىك، ئازدۇرغۇچىلىق قىلغۇچىلارغا كىرىدۇ» دېيىلگەن. شۇڭا، ئۇلۇغ ئاللادىن: «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن» دېگەن ئايەت نازىل بولغان①.

— ئىلاھىم ئۇلۇغ كارامەت ئىگىسى، مەخدۇم ئەزەم پىرىمىزنىڭ ئۆمرىنى مەڭگۈ ئۇزۇن قىلغايسەن. ئۇل پىرى ئەزەمنىڭ بالالار يۇكىنى كۆتۈرۈشكە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئاتا قىلغايسەن. . . ئىلاھائامىن! . . . — دەپ دۇئا قىلدى مىرزا ئەلى تاغايى تىترەپ ـ قاقشاپ تۇرۇپ.

— سىزگە نېمە بولدى؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ ۋەزىر ئەزەم جانابلىرى؟ — دەپ سورىدى شەيخ ئۇنىڭ دۇئاغا قول كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ.

— ئەلھەمدۇلىللا، ياخشى، ئى پىرى ئەزەم. . .

— ياكى بولمىسا بىرەر دەردكە يولۇقتىڭىزمۇ ئى ۋەزىر ئەزەم؟

مىرزائەلى تاغايى بىردىنلا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى:

— ھەئە، مېنى باش ئاغرىقى قىيناۋاتىدۇ پىرىم. . .

— باش ئاغرىقىمۇ ياكى كۆڭلۈڭىزگە ئازازۇل ۋەسۋەسە سالدىمۇ، ئى مۆھتىرەم ھىمايىچىم؟

① سۇرە فەلەق، 5 ـ ئايەت، قۇرئان كەرىم، 611ـ بەت. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «تەزكىرەئى پىر ياران» (قولىيازما) غا قارالسۇن.

مىرزائەلى تاغايىنىڭ يۈرىكى قارت، قىلىپ قالدى: «يا خۇداۋەندە كەرىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟»

شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئۇنىڭغا سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ بىردەم جىم تۇردى. ئاندىن:

— ئاڭلىسام، سۇلتان سەئىدخان موغۇل ۋەزىر ئەزەم سىزنى موغۇلىستانغا نايىب قىلىپ بەلگىلەپتۇدەك. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

مىرزائەلى تاغايى مەككە خوجىغا خەۋپسىرىگەندەك قىلىپ بىر قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئاندىن:

— پىرىم، مېنى موغۇلىستانغا نائىب قىلىشقىنى راست، — دەپ، شەيخكە ئومۇمىيراق جاۋاب بەردى، — ئەمما سەلتەنەتتىكى بارلاس بەگلىرى تەخت مەسافنى بىز دوغلاتلارغا ئاسانلىقچە بەرمەس.

— دېمەك، يەنە ئۇرۇش، يەنە خەۋپ - خەتەر! . . .

— پىرىم، «تاغنىڭ بېشى قارسىز بولمايدۇ، يىگىتنىڭ بېشى خەتەرسىز.» ئەلھال، خوجائەلى باتۇر قاتارلىق بارلاس بەگلىرى سەئىدخاننىڭ جىيەنى باباچاق سۇلتان بىلەن بىرلىشىپ، سەلتەنەتنى ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرماپ ئالماقتا ۋە بىز دوغلاتلارنى سەلتەنەتتىن يىراقلىتىش ئۈچۈن ئاكتىپ چارە كۆرمەكتە. ئەگەر بىز دوغلاتلار سەلتەنەتنى چىرمىۋالغان ئاشۇ ئۆمۈچۈك تورىنى بۆسۈپ تاشلىمايدىغان بولساق، چوقۇم بارلاسلارغا يەم بولىمىز!

— چۈشەندىم. سىز ئۆزىڭىزنىڭ قەشقەر ئۆلكىسىنىڭ نايىبلىق ئورنىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىزدىن دەرد تارتىۋاتىسىز. ئەلھال، ئاۋۋالقى ۋەلىئەھد ئەتكەسى سەلتەنەتتىن يىراقلاشتۇرۇلغان! . . .

— پىرىم، گەپ خاننىڭ جىيەنى باباچاق سۇلتان بىلەن خوجا

ئەلى بارلاستا ئەمەس. ئۇلارنى يىغىشتۇرماق قىيىنغا چۈشمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزمۇ باباچاق سۇلتاننى قوللاپ چىققاندۇق. بىراق، ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتان بىلەن خان تاغىسى، ئەمىر كىبىر، ۋەزىر ئەزەم مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتلار تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ خاننى قورچاق قىلىۋالغانلىقتىن، باشقا دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ئەھۋالى چاتاق كۈنگە مۇپتىلا بولدى. . .

مىرزائەلى تاغايى شۇنداق دەپ، يەكەن خانلىقىدىكى ئىككى چوڭ قارىمۇ قارشى ھۆكۈمران گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى چىگىش ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە بىر ھازاغىچە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. . .

* * *

— بۇ يىل ئەتىيازدا[1]، سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، — دېدى مىرزائەلى تاغايى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — ئۆزىنىڭ جىيەنى باباچاق سۇلتاننى موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنغا ئەمىر كىبىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتكەسى خوجا ئەلى باتۇرنى نايىب قىلىپ بەلگىلىدى. ھالبۇكى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇلىستانغا ئەسكەر چىقىرىشىغا ئاشۇ خوجائەلى باتۇر تۈرتكە بولغانىدى. . .

— ۋەزىر ئەزەم، بۇ ئىشتا خوجا ئەلى بارلاسنىڭ تۇتقان سالمىقى زادى قانچىلىك؟

— ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمگە مەلۇم بولغايكى، خوجا ئەلى باتۇر سۇلتان سەئىدخانغا شۇنداق ئېيتتىكى: «ئىككى ئالەم سەرۋىرىگە ھەمدۇ - شۈكرانىكىم، بىز موغۇل ئۇلۇسىنىڭ مۇشۇنداق قۇدرەت تېپىشى، مال - چارۋىسىنىڭ مۇشۇنداق

---

[1] مىلادى 1522- يىلى.

ئاۋۇشى ئارقىسىدا ئەسلىدە كەڭ كۆرۈنگەن پايانسىز قەشقەر قىشلاقلىرى ئەمدى تار تۇيۇلىدىغان بولدى. يۇقىرىلار ئارىسىدا يايلاق ماجىرالىرى ئۆكسىمىدى. ئەلھال، خان ئائىلىلىرى، سىلىنىڭ قىلىچ ئۆتمەيدىغان قاتتىقلىقنى قەلەم بىلەن كېسىپ، تىل كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىرلىقنى بىر بارماق بىلەن ئاسمانغا ئاتىدىغان پەيتلىرى كەلدى. پۇشتىپاناھ، پەرمان بەرگەيلا، بىز موغۇلىستانغا غازات قىلىپ، موغۇلىستان ھۇدۇتلۇقىنى بويسۇندۇرغايمىز.»① سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭدىن موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى بۇ زور قوشۇنغا كىمنى ئەمىر كىبىر قىلىش ئەڭ مۇۋاپىق؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ دېدىكى: «بۇ قوشۇنغا مۆھتەرەم جىيەنلىرى باباچاق سۇلتان ئەمىر كىبىر بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولۇر. چۈنكى، باباچاق سۇلتاننىڭ ئاتىسى، سىلىنىڭ مۆھتەرەم ئىنىلىرى مىرزا خېلىل سۇلتان ئۆز ۋاقتىدا قىرغىز ئېلىگە باسقاق بولغان. شۇڭا، موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا ئەمىر كىبىر ۋەزىپىسىنى باباچاق سۇلتان ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ھەقلىق! تۈركىستان جاڭگىلىنىڭ شىرى دەپ ئاتالغان قىرغىز - قىپچاق ئۇلۇسلىرىنىڭ پەنجىسىنى سۇندۇرۇپ، قارشىلىقىنى ئۇشتۇپ، ئۇل پاراكەندە خەلقنى ئەدەپكە باشلاپ تىنجىتىش ۋە سەلتەنەتنى خاتىرجەم قىلىش — پەقەت ئاشۇ باباچاق سۇلتانىنىڭلا قولىدىن كېلۇر! بىز سىلىنىڭ مۇبارەك ناملىرى ۋە قەدەملىرىنى باسقايمىز. سىلىنىڭ سەلتەنەتلىرىنىڭ يولىنى مۇنەۋۋەر ئەيلەپ، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى شەۋكەت ۋە ھالاۋەتكە تولدۇرغايمىز!»②

— سەئىدخان موغۇل ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆردىمۇ؟— دەپ سورىدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى بۇ گەپكە

---

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.
② بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرى كوراگانى يازغان «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما) گە قارالسۇن.

قىزىقىپ.

— شۇنداق، خوجائەلى بارلاسنىڭ تەكلىپى سۇلتان سەئىدخانغا تولىمۇ ياراپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ تەكلىپنى ئەمىرلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويغاندا، ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى. بىراق، ئەمىر كىبىر، ۋەزىر ئەزەم مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بۇ تەكلىپكە قارشى چىقتى.

— ئۇ قانداق قارشى چىقتى؟ — دەپ سورىدى شەيخ مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ سۆزىگە تېخىمۇ قىزىقىپ.

— مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات شۇنداق ئېيتتىكى: «... خوجا ئەلى باتۇرنىڭ تەكلىپىنى خاتا دېگىلى بولماس. بىراق، موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنغا باباچاق سۇلتاننى ئەمىر كىبىر قىلىپ ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، سەلتەنەتىمىزدىكى موغۇل بەگلىرىنىڭ ھەممىسى موغۇلىستاندىن كەلگەندۇر. بۇ موغۇللار ئەسلى ۋەتىنىدىن ھەرگىزمۇ مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. موغۇلىستاننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. مۇبادا، باباچاق سۇلتان ئۇ يەرنى سورىسا، موغۇللارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىنى توسۇشىمىزغا نارازى بولىدۇ. ئەگەر توسىمىساق، ئۇلار ئۇ يەرنى بېسىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن موغۇلىستاننى يېغا ـ ئىسيان، مالىمانچىلىق قاپلاپ كېتىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، موغۇلىستانغا جىيەنلىرى باباچاق سۇلتاننى ئەمەس، بەلكى ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتاننى ئەۋەتىش كېرەك. ئۇ ھەر قانچە كۆچىيىپ كەتسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتى، پۇشتىپاناھ جانابىي ئالىيلىرىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. بىز موغۇللارنىڭ موغۇلىستانغا قايتىپ كېتىشىنى توسساق، ئابدۇرەشىد سۇلتان ھېچ بولمىغاندا قارشى تۇرمايدۇ. موغۇللار ئۇ يەرگە كۆچۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلىنىڭ پەرزەنتلىرى بولغاندىكىن

ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئىش يۈز بەرمەيدۇ! . . . »[1]

ئەمما، مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىنىڭ سەئىدخان ئوردىسىدىكى رەقىبلىرىنىڭ باشلىقى بولغان خوجائەلى باتۇرنى قانداق يوقاتقانلىقىنى بولسا شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىدىن يوشۇردى. . .

* * *

ئەسلىدە، مىلادى 1518- يىلى (يولۋاس يىلى) ئەتىيازدا، سۇلتان سەئىدخان ئاخىر موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ قارارغا كېلىشىگە ئاخىرقى ھېسابتا موغۇل بەگلىرى، بولۇپمۇ بارلاس قوۋمىدىكى موغۇل بەگلىرى تۈرتكە بولغانىدى.

شۇ چاغلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موغۇللار «قۇدرەت تاپقان، مال چارۋىچىلىرى ئاۋۇغان» ئىدى. بىراق، قەشقەر تەۋەسىدىكى يايلاقلار يېتىشمىگەنلىكتىن، «موغۇل پۇقرالىرى يايلاق تالىشىپ دائىم جېدەل قىلىشاتتى.» يەكەن خانلىقىنىڭ سەلتەنەتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغۇچى بارلاس قوۋمىنىڭ بەگلىرىدىن بولغان خوجائەلى باتۇر ۋەكىللىكىدىكى بىر بۆلەك موغۇل بەگلىرى سۇلتان سەئىدخاننى چەت ئەللەرگە ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن ھۇدۇتلۇقىنى كېڭەيتىشكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىلادى 1517- يىلى (كالا يىلى)، يەكەن خانى سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ ئاكىسى — تۇرپان ھۆكۈمرانى مەنسۇرخان بىلەن تۈزگەن سىياسىي ئىتتىپاق سەئىدخاننىڭ ئەسلى ۋەتىنى بولغان موغۇلىستاننى تارتىۋېلىشنى ئويىبېكتىپ

---

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما).

شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان قىرغىز ـ قىپچاق ئۇلۇسلىرى ئۆزى بەگ ـ ئۆزى خان بولۇۋېلىشىپ، ھەممىلا يەرنى پاراكەندە قىلىشتى. ئۇلار ئۆزبېكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىپ، پەرغانىدىكى سايرام، ئەنجان ۋە ئاخسى قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ، ئاھالىنى بۇلاپ ـ تالىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى، بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ قۇل قىلىپ ساتتى. بۇ چاغدا، سۇلتان سەئىدخان پۈتكۈل موغۇلىستان ھۇدۇتلۇقىدا «بىرمۇ مۇسۇلماننىڭ خورلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ بىرمۇ كاپىرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ»[1] دەپ ئاشكارا جاكارلىغانىدى. شۇڭا، قىرغىز ـ ئۆزبېك ئۇلۇسلىرى ئۈستىدىن غازات قىلىش سۇلتان سەئىدخاننىڭ پۈتۈن موغۇلىستان ھۇدۇتلۇقىدا بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك خانلىق قۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان يەنە بىر مۇھىم سەۋەب ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا سابىق قىرغىز ئېلىنىڭ باسقاق بېگى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىنىسى خېلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى باباچاق سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلدى.

سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنغا كىمنى ئەمىر كىبىر قىلىپ قويۇش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا، يەكەن خانلىق ئوردىسىدا موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىنى كىمنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا كەسكىن كۈرەش قانات يايدى. بۇ كۈرەشتە، بارلاس ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇس بېگى خوجا ئەلى باتۇر باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىق بەگلەر موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنغا سۇلتان سەئىدخاننىڭ جىيەنى باباچاق سۇلتاننى ئەمىر كىبىر قىلىشنى

[1] مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كورا گانى: «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما).

قوٗۋۋەتلىدى. بۇ پىكىرنى دوغلات ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇس بېگى، ۋەزىر ئەزەم، ۋەلىئەھد ئەتكەسى مىرزا ئەلى تاغايمۇ قوللىدى.

سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنغا ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتاننى ئەمىر كىبىر قىلىشنى چىن كۆڭلىدىن خالىسىمۇ بىراق كۆپ ساندىكى موغۇل بەگلىرىنىڭ باباچاق سۇلتاننى قوللاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئارىسالدى بولۇپ قالدى. خاننىڭ مۇددىئاسىنى ياخشى چۈشىنىدىغان مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات تولۇق ئاساسلار بىلەن موغۇل بەگلىرىنىڭ باباچاق سۇلتاننى ئەمىر كىبىر قىلىش كېرەك، دېگەن تەكلىپىنى رەت قىلىپ تاشلاپ، ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتاننى موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنغا ئەمىر كىبىرلىككە كۆرسەتتى. يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى، ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتاننى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگەن بەگلەر دەرھال ئەسلىدىكى باباچاق سۇلتاننى ئەمىر كىبىرلىككە كۆرسىتىشتىن ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتاننى ئەمىركىبىرلىككە كۆرسىتىشكە ئۆزگەردى...

* * *

ئۆزبېك خانى سۈيۈنچى سۇلتان بىلەن بۇرۇندىنلا تىل بىرىكتۈرۈپ يۈرگەن مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىنىڭ بارلاس بەگلىرىنى قۇتراتىپ موغۇلىستانغا كەتكۈزۈۋېتىش ھىيلىسىنىڭ ئەمىركىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات تەرىپىدىن بىتچىت قىلىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ بولۇپمۇ ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتاننىڭ ئىشەنچىسىنى قازىنىش ئۈچۈن، دەرھال مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ پىكرىنى

قوللىدى ۋە ساددا، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان خوجا ئەلى بارلاسنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاپ، ئۇردىدىكى موغۇل بەگلىرىنى ئۆز تەرىپىگە قارىتىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى...

بىر كۇنى، سەئىد خاننىڭ ھۇزۇرىدىكى قوبۇل مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن مىرزا ئەلى تاغايى خوجا ئەلى باتۇرنى ئالداپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ۋە غىزا ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا ياخشى كۆرگەن مەيلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن زورلاپ ئىچۇرىۋېرىپ قاتتىق مەست قىلىپ قويدى. خوجا ئەلى بارلاس مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندا، تۇن نىسپى بولغانىدى. ئەتراپ قازاننىڭ كۇپىسىدەك قاپقاراڭغۇ ئىدىكى، بەش قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى پەرق ئەتمەك قىيىن ئىدى. مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ مۇلازىملىرى خوجا ئەلى باتۇرنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا ئاران مىندۇرۇشتى - دە، ئېتىنىڭ بېشىنى خالاستان تەرەپكە قارىتىپ ماڭدۇرۇۋەتتى.

بىردىنلا، قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەن خوجا ئەلى باتۇرنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ياۋاش ئات سۆڭگۈچىگە قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ تەگكەن تاشنىڭ زەربىسىدە ئۇركۇپ كەتتى - دە، بىر چاپچىپلا ئۇستىدىكى ئىگىسىنى يەرگە تاشلىۋەتتى بىراق، خوجا ئەلى باتۇرنىڭ بەستلىك گەۋدىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئاتمۇ سەنتۇرۇلۇپ يېنىغا يىقىلدى. خوجا ئەلى باتۇر پۇتىنى ئۇزەڭگىدىن چىقىرىشقا ئۇلگۇرەلمىدى. ئۇنىڭ بىر پۇتى يەرگە يىقىلغان ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. ئات پۇتۇن ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن بېسىۋالدى. خوجا ئەلى باتۇرنىڭ قوۋۇرغىلىرى قاراسلاپ سۇنۇپ، گەۋدىسى ئېزىلىپ نەپەس ئالالماي قالدى - دە، پۇتۇنلەي ھوشىنى يوقاتتى...

ئەتىسى، كىشىلەر خوجا ئەلى باتۇرنى ئۆلگەن ھالەتتە ئىزدەپ تاپتى. ئېتى بولسا ئىگىسىنىڭ يېنىدا ئوتلاپ

يۇرگەنىدى. «مۇشۇنداق ئىككى خىل پىكىر تىركىشىۋاتقان چاغدا، خوجا ئەلى باتۇر مەينى زىيادە ئىچىپ ئۆلۈپ كەتتى. خوجا ئەلى باتۇر راستىنىلا مەي ئىچىپ ئۆلدىمۇ؟ بۇنىسى شۇبھىلىك. لېكىن، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۆلۈپ كېتىشى، شۇبھىسىزكى دوغلات قەبىلىسىدىكى موغۇل بەگلىرىنىڭ ئورنىنى ۋە ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ قوماندانلىق ھوقۇقى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بېرىلدى.»[1] مىرزا ئەلى تاغايى بولسا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇس بېگى بولۇپ تەيىنلەندى...

مىرزا ئەلى تاغايى بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى شەيخ خوجا ئەھمەت كاساندىن يوشۇرغان بولسىمۇ ئەمما يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى سېزىدىغان بۇ قېرى قاقۋاش بۇ ئىشلاردىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ:

— جانابىي ۋەزىر ئەزەم، خوجا ئەلى باتۇرنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىزدىن يوشۇرغان بولسىڭىزمۇ كىشىلەرنىڭ شىكايەتلىرىدىن بىلىۋالدۇق سىرىڭىزنى! — دەپ گەپ ئارىسىدا ئازراق تەنىمۇ قىلىۋالدى.

— ئازماس ئاللاھ، — دەپتىكەن كونىلار، ئى نېمەتلىك پىرىم، ئۆزىڭىزمۇ تۇرمۇشتا خاتا قىلمايدىغان ئادەم بولمايدۇ، دەيسىزغۇ؟ ئەلھال، توۋا قىلىپ ئىنساپقا كەلدۇق، ئى ھەزرىتى پىرى ئەزنزان، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى. ئۇ مۇشۇ تاپتا خۇددى بېشىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ زەھەر ئىچىپ، گېلى بوغۇلۇپ قالغان ئادەمدەك تولغىنىپ كېتىۋاتقانىدى.

— بىلىمەن! سىز ئۆز بېشىڭىزنى ساقلاش كويىدا! بىراق، بۇنداق قىلىپ ساقلاپ قالغان باشنى قانداق قىلىپ ئەل قاياشىڭىز

---

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، (قولىيازما).

ئالدىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەيسىز؟ ئېسىڭىزدە بولسۇن، قىساسلىق دۇنىيا بۇ! — دېدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى سوغۇقلا، — بىراق، بۇ شىكايەتلەرنى ئاددىي كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان مەنسەپدارلار، مايلىق مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالغان ھارام تاماقلار قىلىشماقتا. سىزچۇ، ئى جانابىي ۋەزىر ئەزەم، بۇ ئامانەت جاھاننىڭ بەش كۈنلۈك نېمىتىگە خۇش بولۇپ يۈرۈپسىز. بىز سۇلۇك تەۋرىتىمىز دەپ بۇ ھۇدۇتلۇقتا قەدەم قويغىلى ئەلھال، تالاي كۈنلەر بولدى. قىرىق بىر كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇردۇق. سىزگە «مەخدۇم ئەزەم ۋەلىيۇللا» دېگەن مۇبارەك نام - شەرىپىمىزنى مەلۇم قىلغىلى ھالا بۈگۈن ساقمۇ ساق بىر يىل بولدى. بىراق، قېنى ئۇ بىزنىڭ اسەلتەنەتتىكى ئورنىمىز؟ كەبۇرىيە سۇلۇكىمىز نېمە ئۈچۈن سەلتەنەتنى ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرمىۋالغان خوجا مۇھەممەت شېرىپ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن تەقىب قىلىنىدۇ؟ ئى ۋەزىر ئەزەم بىلەمسىز؟ «مۇسۇلمان ئۈممەتلەرنىڭ نىيەت، ئەفھاللىرىنى ئۇلۇغ پىرلەرنىڭ نىيەت - ئەفھاللىرى بىلەن بىر قىلماق، ھەر تىنىق، ھەر قەدەمدىكى خۇدالىق قەرز، ئىككىلا ئالەملىك ۋەزىپە ۋە شەرت ھېسابلانغاي. قوۋم - رەئىيەلەرنىڭ نىيەت - ئەفھاللىرى بۇزۇلغان، ئەزىز پىرلەرگە بويۇنتاۋلىق كۆرۈلگەن يەر - جاي، ئەل - يۇرتلاردىن خوجام رازى بولماس، ئاللامۇ رازى بولماس! توغرا نىيەت - پىر بىلەن بىر نىيەت دېمەكتۇر.»① ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندە ئاللاھغا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشان بولغۇچىغا قول بېرىپ، سوپى بولۇپ، شۇ مەزھەپنىڭ تەلىماتىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىشى، ئۆز سۇلۇكى ئۈچۈن چەكسىز ساداقەتمەن بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئىشان بولغۇچى ئۇستازنىڭ ھەقىقەتنى ئېچىپ

① «تەزكىرەئى پىرياران»، قولىيازما.

بىرىشى ئارقىسىدىلا ئاندىن ئاللاھقا يېقىنلىشالايدۇ! . . .

مىرزا ئەلى تاغايى ئۇزاق مۇددەت سەلتەنەتكە خىزمەت قىلىش ئارقىسىدا تەرىقەتچىلىكنىڭ كاتتا رولىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ سەئىدىيە سەلتەنەتىنى ئۆز قولىدا ئويۇنچۇقتەك ئوينىتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولسا، چوقۇم نەقشىبەندىيە تەرىقىتىچىلىكىدىن پايدىلانماي بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. چۈنكى، تەرىقەتتىن ھەم يوشۇرۇن سۈپىتىدە پايدىلانغىلى، ھەم رەقىبلەرنى مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتە يوق قىلىشتىكى قورال سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولاتتى. شەيخنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەرىقەتنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۇردى.

نەزمە

ئۇرا قازار ئىككى تۈرلۈك ئادەملەر،
بىرى زالىم، بىرى بولسا بەتنىيەت.
بىرى ئەلنى يەپ، شىلىشنى كۆزلەيدۇ،
بىرى ئەلنى تىقسام دەيدۇ ئورنىغا.
ئۇزۇم ھەرگىز مېۋىلىمەس تىكەندە،
ياخشىلىق يوق يامانلىقنىڭ زورىغا.

— شەيخ سەئىدى

بىرىنچى باب

# موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىش

«كىمكى ئالدىدىكى دۈشمەننى ئۆلتۈرمىسە،
ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن.»
— شەيخ سەئىدى

**مىلادى** 1523 ـ يىلى (قوي يىلى) ئەتىياز.

ئاسمان يىقىملىق كۆكىرىپ تۇراتتى. باھار ياشنىماقتا ئىدى. كېچىلىرى تېخى نەم ۋە سوغۇقراق ئىدى. ئەمما، كۈندۈزى ئىللىق قۇياش نەملىكنى ئۆزىگە تارتىۋالاتتى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرلىرى كېلىپ چۈشكەن يەردىن ئوتلار كۆكىرىپ ئۈنۈپ چىقماقتا ئىدى. ھازىر باھارنىڭ كۈندۈزى قۇياش قىزدۇرۇپ، كېچىسى ئادەمنى توڭلىتىدىغان سوغۇق ۋاقتى ئىدى.

ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدىكى يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك سەئىدىيە قوشۇنلىرى دارۇ سەلتەنەت يەكەندىن يولغا چىققاندىن كېيىن باھار يامغۇرلىرىنىڭ سۇلىرى بىلەن قاپلانغان چۆل ئارقىلىق موغۇلىستانغا قاراپ ھەيۋەت بىلەن يۈرۈش قىلىپ كېتىۋاتاتتى. جەۋزا ئېيىدىكى تىنىمسىز يېغىپ

تۇرىدىغان باھار يامغۇرىدىن كېيىن تېخى قۇرۇپ ئۈلگۈرمىگەن پاتقاق يوللاردا يۈرۈش، لەشكەرلەرنى ناھايىتى ھالىدىن كەتكۈزەتتى.

موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىۋاتقان بۇ زور قوشۇنغا سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ خىل، ياخشى تاللانغان جەڭچىلىرىنى قاتناشتۇرغانىدى. ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلىنىدىغان يەزەك[1] قىسمىغا تېخى يېڭىدىن يەركەن تۇرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن قىرغىز سەردارى مۇھەممەت قىرغىز باشچىلىق قىلاتتى. يەزەك قىسمىنىڭ كەينىدىن مەركىزىي قىسىم ھېسابلىنىدىغان ئوردۇگاھ مېڭىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئىككى تەرەپتىن پىيادە لەشكەرلەر بىلەن ياخشى ھىمايە قىلىنغانىدى. ئوردۇگاھنىڭ ئالدىدا قاراگىر ئارغىماق ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرغان ئەمىر كەبىر، ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئېتىمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە ئوخشاش، بېشىنى مەغرۇرانە كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ مۇلازىم ـ چاكارلىرى كېلىۋاتقانىدى. قوشۇننىڭ ئاخىرى چېدىرلار، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر، زاپاس قوراللار، ئوق ـ دورىلار يۈكلەنگەن چوڭ تۆگە كارۋانلىرى بىلەن ئاياغلىشاتتى. بۇ كارۋانلارنى بىر توپ خىزمەتكارلار، ھەربىي تېۋىپلار، مالايلار ۋە چۆرىلەر كۆزىتىپ كەلمەكتەئىدى.

ئەمىر كەبىر، ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنىڭ قۇمۇشقۇلاق قاراگىر ئارغىمىقى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭ قىلماستىن جىم كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۈرلۈك خىياللار كېلىۋاتقانىدى. مۇشۇ تاپتا، ئۇنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، چىرايى تولىمۇ سۇرلۇك ئىدى. يۈرۈش پەسلىنىڭ يامان

① ھەربىي يۈرۈشتە ئالدىدا يۈرگۈچى ئەترەت.

ۋاقتىغا توغرىلانغان بولسىمۇ ئەمما خاننىڭ پەرمانىنى تەخىرسىز ئورۇنداش ئۈچۈن توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم ئىدى.

كەشتىسى ئالتۇندىن ئىشلەنگەن توق قىزىل چاپان ياش سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خۇش پىچىم بويىغا دەل كەلگەنىدى. چاپاننىڭ ئېتەكلىرى سالقىن چۆل شامىلىدا يەلپۈنۈپ يېيىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى كۈمۈش رەڭ سەقەرلات چەكمىنى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. بەدەخشان لەئەللىرىدىن قىلىنغان تۈگمىلەر ۋە ئۇ قولىدىن كېچە ـ كۈندۈز زادىن نېرى قىلمايدىغان ئەگرى قىلىچىنىڭ سېپى پارقىراپ تۇراتتى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ باشقا شاھزادىلىرى ئىچىدە ھەممىدىن كۆپرەك سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنىڭ قىلىچ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى بىلىدىغانلىقى بىلەن مەغرۇرلىناتتى.

ئۇ بېشىدىكى يالتىراق يېشىل بۆكىنىڭ ئۈستىدىن ئېسىل قەشقەر داكىسىدىن قىلىنغان ئاق سەللىسىنى تۆت قەۋەت قىلىپ نېپىز ئورىۋالغانىدى. سەللىسىنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان يوغان بىر تال لەئەل ياقۇت قۇياش نۇرىدا ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. ياقۇتنىڭ ئۈستى تەرىپىگە قادالغان يېشىل توز پېيى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ، شامالدا يېنىك سىلكىنىپ تۇراتتى.

* * *

ھىجرىيە 928 ـ يىلىنىڭ[①] باشلىرىدىن تارتىپ، مۇغۇلىستاننىڭ يەتتىسۇ — ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان قازاق، قىرغىز، موغۇل ئۇلۇسلىرى ئارىسىدا ئوتلاق تالىشىش ماجىرالىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. بەزىدە بۇ ماجىرالار

① مىلادى 1521 ـ يىلى.

ھەتتا پۈتۈن موغۇلىستاننى قاپلىغان ئۇرۇش ئوتىغا ئايلىنىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دۆلەت ئامانلىقىغا بىۋاسىتە خەۋپ يەتكۈزگىلى تۇردى. شەيبانىيلار موغۇل سۇلتانلىرىنى موغۇلىستاندىن بىر - بىرلەپ سىقىپ چىقارغاندىن كېيىن موغۇلىستاندا يۈز بەرگەن بۇ پاراكەندىچىلىك سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇل بەگلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان موغۇلىستانغا قايتىپ كېتىش ئىستىكىنى بىردىنلا كۈچەيتىۋەتتى. مۇلكىي قەشقەرىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى تېخى ئەمدىلەتىن ئورۇنلىغان سۇلتان سەئىدخان تەمتىرەپ قالدى. چۈنكى، بۇ ماجىرالارنى ئۆز ۋاقتىدا تېز، توغرا ھەل قىلمىغاندا، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزغىلى، سەلتەنەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايتتى. بۇنى تونۇپ يەتكەن سۇلتان سەئىدخان پۈتكۈل مۇلكىي قەشقەرىيە بىلەن موغۇلىستاننى سەئىدىيەلەر سەلتەنەتىنىڭ قەلەمىي تەسەررۇپى ئاستىغا ئېلىشقا بەل باغلىدى ۋە دوغلات، بارلاس، دوختاي، ئوردۇ بېگى، يىتارج، قونج، جوراس، بارىن، بېككى، قاراچ، خارلۇق، مەركىت، شولكارج قاتارلىق موغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ ئەمىر - بەگلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، شۇ يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆزىنىڭ يەكەندىكى ئوردىسىدا ھەربىي كېڭەش چاقىردى. كېڭەش ھە دېگەندىلا سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇددىئاسى بويىچە بولۇپ كەتمىدى. خان تاغىسى، سەئىدىيىلەر سەلتەنەتىنىڭ ئەمىر كەبىرى، ۋەزىر ئەزەم مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات باشچىلىقىدىكى دوغلات ئەمىرلىرى بىر تەرەپ، ئەمىر خوجا ئېلى باتۇر باشچىلىقىدىكى بارلاس ئەمىرلىرى بىر تەرەپ بولغان ھالدا كەسكىن مۇنازىرە يۈز بەردى.

ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھوزۇرىدا يۈز بەرگەن ئاشۇ بەھس - مۇنازىرە ياش سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە تا ھازىرغىچە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ! خان ھوزۇرىدا بۇ

بەس ـ مۇنازىرە ھەممىدىن ئاۋۋال موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىش ـ قىلماسلىق مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلدى.

سەئىدىيەلەر سەلتەنەتىنى بەرپا قىلىشتا خانىڭ ئۆز تاغىسى بولغان مىرزا سەئىدمۇھەممەت كوراگانىنىڭ تۆھپىسى تۇغلۇق تۆمۈرنى چاغاتايلار تەختىگە يۆلەپ چىقارغان خۇدايداتتىن قېلىشمايتتى. سۇلتان سەئىدخان تاغىسى سەئىد مۇھەممەتكە سەلتەنەتتىكى 12 خىل ھوقۇقنىڭ ھەممىسىنى بەرگەنىدى. شۇڭا، سەلتەنەتتىكى ھوقۇقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قانۇنلۇق ھالدا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بىراق، سۇلتان سەئىدخان تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوخشاش، ھوقۇقنى تارتقۇزۇپ قويۇپ قورچاق بولۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. لېكىن، بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىرى سەلتەنەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ھەر قايسى موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ بولۇپمۇ دوغلات، بارلاس قاتارلىق موغۇل بەگلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ يەنە بىرى، موغۇلىستاندىكى قىرغىز، قازاق ۋە موغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، سەئىدىيەلەر سەلتەنەتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان روھانىيلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەممىدىن زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئوردا كېڭىشىمۇ مۇشۇ ئۈچ مەزمۇننى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى.

— ئى پادىشاھى ئالەم، رۇخسەتمىكىن؟ — دېدى ئەمىر كەبىر، ساھىب ۋەزىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئورنىدىن تۇرۇپ.

— قېنى مەرھەمەت، ئى ئەمىر كەبىر، ساھىب ۋەزىر جانابلىرى، — ئۇنىڭ سۆزلىشىگە ئىجازەت بەردى سۇلتان

سەئىدخان.

ئوردا كېچەشلىرىدە خاندىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىش — مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ 12 تۇرلۇك ھوقۇقىنىڭ بىرى ئىدى.

— قۇللۇق، پۇشتىپاناھ، — دەپ خانغا تەزىم قىلدى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات، — ئى كەرەملىك پادىشاھىم، بەدەۋلەرگە بىر چاقىرىم يەرنىمۇ بەرمەسلىك لازىم. ۋەتەننى ۋەيران قىلغۇچى ئۆز ئارا جاڭجالغا چەك قويۇش كېرەك. مۇلكىي تۈركىستاننىڭ بەگۋاش ھاكىملىرى تەپرىقچىلىق قىلىپ بۆلۈپ تاشلىغان، ئاجىزلاشتۇرغان ۋە تالاپ خۇددى ئۆچكە غاجاپ يالىڭاچلىۋەتكەن شاپتۇلنىڭ سوتىسىدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئۇل مەملىكەتنى قايتىدىن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن قانلار تۆكۈلدى. ئۇلۇغ خان، مەن سىزنىڭ خەلقنى بەختلىك قىلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن ئەبۇسەئىد بىلەن جانىبەگ سۇلتانلارنىڭ لەشكەرلىكىدە بولدۇم. ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەرلەرنىڭ قېنى، خوتۇنلارنىڭ يېشى ئاققاندى. يېتىم قالغان باللارنىڭ زارى كوچىيگەندى. بۇ يۇرتلار تىنچ ھاياتنى كۆتۈپ ھالىدىن كەتكەندى. ئەلھال، پۇشتىپاناھىمىزنىڭ ھىممىتىنىڭ بەركاتى بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيە ئاھالىسى ئارىسىدىكى ئادەمگەرچىلىك، دوستلۇق تازا ۋايىغا يەتتى. قامۇلدىن بەدەخشانغىچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر ئۇزۇق - تۈلۈك ئالماي خاتىرجەم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىدىغان بولدى. شاھىنشاھىمىزدەك كۈچلۈك جاھانگىر، مەرىپەتپەرۋەر، مەدەنىيەت ئاشىناسىنىڭ بەركاتى بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ يۇرتىندارچىلىق ھاۋاسى نۇرلاندى... پۇقرايۇ - پەقىرلەرنىڭ ھەممىسى سىلى پۇشتىپاناھىمىزنى ئېسىل نىجادكارىمىز، ئالىيجاناب پادىشاھىمىز، ئىسكەندەر سانىي ۋە

ئەمىر ئىسلامىمىز دەپ تەرىپ - تۆسىپلىرىنى قىلىشماقتا! ① ۋەھالەنكى، قۇرۇغلۇقنى كەزگەن، سۇغا كىرگەن ئىسكەندەردەك پادىشاھلار ھايات چېغىدا ئىستېلا قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئەمما مەقسىتىگە زادى يېتەلمەي ئارمان بىلەن كەتكەن بۇ پايانسىز مۇلكىي قەشقەرىيە زېمىنىنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى پەقەت بىر سىلىلا ۋۇجۇدقا چىقاردىلا! بىراق...

مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىراق، ئەلمىساقتىن بۇيان، نەسەب - ھەسەبى يوق ئادەمنىڭ، رىسالىسى يوق ھۈنەرۋەن - كاسىپنىڭ، خېتى يوق زېمىنىنىڭ، تەزكىرىسى يوق يۇرتنىڭ، تارىخى ئېتىبارسىز قالغان ئەلنىڭ غۇرۇر - بەرىكىتى يوق. ئىش - ئۇنۇمى تۆۋەن، مەئىشىتى ھۇزۇرسىز بولۇر. بۇ ئىللەتلەر بىرلىكى سۇس، تەپرىقاتچىلىق ئادەتكە ئايلانغان، جامائىتى قولاشمايدىغان ھەم غەيۋەت يامىرىغان بۇل مەملىكەت ئۈچۈن ئاپەت مەنبەسى ھېسابلىنار.

سۇلتان سەئىدخان تاغىسى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ بۇ پىكىرلىرىنى تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، شەيبانىيلار سەلتەنەتىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار موغۇلىستاندا تەپرىقە - جاڭجال چىقىشنى ھەر ۋاقىت تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشمەكتە!

— پۇشتىپاناھ ھەزرىتى ئالىيلىرى مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئىستېلا قىلغان چاغدا، بىز ئەمدى كۆچمەنچى ھەربىي تۇرمۇشقا چەك بېرىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى، دەپ ئويلىغاندۇق، —

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.

دېدى دوغلات ئەمىرى؛ ۋەلىئەھد ئەتكەسى، ساھىب ۋەزىر ۋە قەشقەر نايىبى مىرزا ئەلى تاغايى ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا سىلىق تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — چۈنكى كىشىلەر ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇرۇشنى توختىتىشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. ئەلھال، مانا بۇ يەردە ھۆكۈمەتتىن لەززەتلىنىشنىڭ ئورنىغا لەشكىرىي يۈرۈش ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە بولماقتا! مۇبادا، ئىستىپلاچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرىدىغان بولساق، بىر چاغلاردا مورغاب بويىدىن ھەيدەلگەن جەڭچى - تىجمەل بويىچىلا قالساق بولمايتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىستىپلاچىلىق ئۇرۇشىنىڭ نېمە بىلەن ئاياغلىششىمۇ تېخى مەلۇم ئەمەس!

— ئى ساھىب ۋەزىر، تومۇرلىرىمىزدىكى قانلارنىڭ ئۇيۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ تەئەددى قىلدى بارلاس ئەمىرى خوجا ئەلى باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنىڭ ۋاقتى يەتتى...

— شۇنداق نەيزىلىرىمىزنى دات بېسىپ كەتتى! — دەپ ۋارقىراشتى قالغان موغۇل ئەمىرلىرىمۇ تەڭلا.

— مېنىڭ ئۇچقۇر ئېتىم تۆپىلىكلەردە ۋە ۋادىلاردا قانات ياساپ لاچىندەك ئۇچۇشنى ئەستىن چىقىرىپ قويدى! — دېدى خوجا ئەلى باتۇر قىزىشىپ تۇرۇپ، — جەڭچىلەر قىلىچلىرىنى چاقلاپ، نەيزىلىرىنى ئۇچلاپ، ئاتلىرىنىڭ ئۈستىگە ياپىدىغان پولات گىجىملىرىنى[①] تازىلاپ قويۇشتى. تۆمۈر بەلگىلەر قېقىلغان ئېگەرلىرىنى تۈزىتىپ، خاندىن پەرمان بولسىلا موغۇلىستانغا ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ، تەقمۇ تەق بولۇپ تۇرۇشماقتا. ئەمدى يۈرۈش قىلمىساق، يەنە قاچان يۈرۈش قىلىمىز؟ موغۇللارنىڭ مەئىشتى يېڭى زېمىنلاردا تۇرۇپتۇ. شۇڭا بىردىن بوقۇسنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈۋەرمەسلىكى لازىم.

① پولات زەنجىردىن توقۇلغان زىرىھ. جەڭلەردە ئاتلارنى دۈشمەن ئوقىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئاتنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدۇ.

بولمىسا، موغۇللار زادى تىنجىمايدۇ!
— مۆھتەرەم خوجا ئەلى باھادىر! — دېدى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئالدىرىماي سۆزلەپ تۇرۇپ، — موغۇللار ئۇچۇن تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، مەئىشىتىنى گۈللەندۇرۇشكە ئۇل مۇلكىي قەشقەرىيە ئاشۇ قاقاس موغۇلىستان دالاسىدىنمۇ خوپ قولايلىقۇ؟ ياز پەسلى ئىنتايىن ئىسسىق، قىش دەھشەتلىك سوغۇق بولىدىغان ئاشۇ قاقاس موغۇلىستاننى تەرك ئەتكەنلىكتىن، خانىنىڭ ئالتۇن ئوردىسىنى مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى گۈزەل زەرەپشان بويىغا قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدۇق! مۇبادا، بۇقۇشىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۇرمەستىن، ھە دېسىلا ئەسلىدىكى كۆچمەنلەر تۇرمۇشىغا بېرىلسەك، سەلتەنەتنى قانداق قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇمكىن؟ ئىككى يۈز تۈمەن ئاھالىنى قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولغان ئىمكانىيەتكە كەلتۈرەلىگەن بولاتتۇق؟
— ياراتقان تەڭرىم، — دېدى سۇلتان سەئىدخان ئەكابىر - ئەشرەبىلەرگە تەكشى نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن، — بىز موغۇللارغا ئاتا دۈشمىنى شەيبانىيلار خانلىرىنى يوق قىلىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەندى. مۇھەممەت شەيبانىخان تۈركىستاندىكى موغۇل خانلىرىنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ يوقىتىپ، موغۇلىستاننى تەسەررۇپ قىلىۋالدى. مۆھتەرەم تاغام سۇلتان مەھمۇد خان بەش ئوغلى بىلەن مۇھەممەت شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا پاناھلىق تىلەپ بارغاندا، ئۇ قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن سۇلتان مەھمۇد خاننى بەش ئوغلى بىلەن خوجەند دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرگۈزدى. دېمەك، ساددا موغۇل سۇلتانلىرى كاززاپ شەيبانىيلارنىڭ مەككارلىق تۇزىقىغا دەسسەپ بىر - بىرلەپ يوقىتىلدى. بىز ئاخىر موغۇلىستاننى تاشلاپ، مۇلكىي قەشقەرىيەگە قېچىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇنداق

پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى ئېسىمىزدە مەڭگۈ ساقلىشىمىز كېرەك.

— ئى پۇشتىپاناھ، ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى شۇنداق ئىكەنكى، — دېدى باياتىن ئەمىر - بەگلەرنىڭ بەس - مۇنازىرىگە ئارىلاشماستىن جىم ئولتۇرغان ئاتالىق، سۇلتانۇل ئىشان خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار، — يالغۇزلۇق جەم بولۇشقا سەۋەب بولۇر. شۇڭا، ئۇلارغا بىر-بىرى تېپىشىپ بىر شەھەردە ياكى بىر ماكاندا جەم بولۇپ ئولتۇرماي ئىلاج يوق. بىراق، ھەقتائالا ئادەملەرنىڭ مىجەز - ئەفھاللىرىنى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان قىلىپ ياراتقانلىقتىن، جامائەت ئارىسىدا جەم بولۇپ ياشاش تەپرىقچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا مەئىشەتلىرى ئىنتىزام تېپىپ، پىتنە - پاسات ۋە خاتالىق - سەۋەنلىكلەردىن يىراق بولۇش ئۈچۈن بىر قائىدە - نىزام كېرەك بولىدۇ. بۇ قائىدە - نىزام - شەرىئەتتۇر. شەرىئەتنىڭ ئەسلى ئاساسى ھەق ۋە پاك تەڭرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنى زۇھۇرغا كەلتۈرۈپ، ئاشكارا قىلغۇچىلار ۋەلىيلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇل قائىدە - نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە باشقىلارنىڭ دەخىل - تاجاۋۇزىدىن ساقلاشنى تەركە قىلىپ تۇرغۇچى قۇدرەت ئىگىسى ۋە شەۋكەت ئىگىسى — پادىشاھ - سۇلتان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەلھال، سۇلتان سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنىتى مۇلكىي قەشقەرىيىدە قارار تېپىپ مۇستەھكەملەنگىنىگە ئەمدى تېخى ئىككى كەم ئون يىل بولدى. بىر تۇغقانلار بىر تۇغقان بولمىسا، پارە بولۇر. بۇ ھەممە دۈشمەندىنمۇ دىشۋارچىلىقى بەك يامان ئىش.

— ئى ھەزرىتى ئاتالىق، سىزنىڭچە بىز قانداق قىلساق بولۇر؟ — دەپ سۇلتان سەئىدخان ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئۈزۈكلەر تېقىلغان بۇغداي ئۆڭلۈك قوللىرى بىلەن يۈزىنى ۋە ساقىلىنى سىلىدى ھەمدە مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتقا

گۇمانسىراپ قاراپ قويدى.

— موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىش — مۇلكىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، نىزا - ماجىرالارغا، سۈركىلىش - جەڭلەرگە خاتىمە بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم، ئەلۋەتتە، — دېدى مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىراق، پېقىر مەسىلىنى ئۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە تىنچ، سۈلھ قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىپ، مۇلكىي تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، بۇ چارە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ ئازابىنى يەتكۈدەك تارتقان پۇقراغا دېمىنى ئېلىپ، قەددىنى رۇسلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت توپ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن پايدىلىق نەتىجىلەرنى بېرىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان ئۇستازىنىڭ دەۋاتقانلىرىغا قىزىقىش بىلەن قۇلاق سېلىۋاتاتتى. بىراق، مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ سۆزى خوجا ئەلى باتۇر تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلاندى:

— موغۇلىستاندىن ئايرىلىپ، خەتەر بىلەن مۇشەققەتتىن پىچىلغان توننى كىيىپ يۈرۈشكەن باھادىرلارنىڭ ئەمدى ئۆز يۇرت - ماكانىغا قايتىپ دەم ئالىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ھۆرمەتلىك خان ئالىيلىرى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدىڭىزمۇ؟ بىز موغۇلىستاننى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن ئۇ يەردە سىزنىڭ پەرمانىڭىز ئۆتمەس بولۇپ قالدى. لەشكەرنىڭ كۈچى پەقەت دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بىراق، سەلتەنەتنىڭ، ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. قاچانكى موغۇلىستان خان ئالىيلىرىنىڭ قەلەمىي تەسەررۇپى ئاستىغا كىرمەيدىكەن، ئاخىر بىر كۈنى شەيبانىيلار تەرىپىدىن يېڭىلىپ، يېڭىۋاشتىن

شۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن!
— . . .

*　　　*　　　*

ھۆرمەتلىك كىتابخان، شۇ زاماندا ياشىغان ۋە بۇ ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى، سىياسىيون ۋە ھەربىي ئالىم مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى تەرىپىدىن مىلادى 1546 - يىللىرى كەشمىردە يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كىتابتىكى ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان بۇ زېمىن ئەسلىدە سابىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇ چاغلاردا چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى موغۇلىستان، ماڭلاي - سۆيەر ۋە ئۇيغۇرىستان قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. موغۇلىستان شەرقتىكى ئالتاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، غەربتىكى تالاس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى چۆللۈككىچە، شىمالدا چۆچەك تاغلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنى بويلاپ، جەنۇبتىكى تەڭرى تاغلىرىغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قىسىمدا پايانسىز يايلاقلار، ئاسمان — پەلەك تاغلار ۋە چوڭقۇر جىلغىلار بار بولۇپ، سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى بولۇق، شارائىتى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى؛ ماڭلاي - سۆيەر دەپ ئاتالغان جايلار ئاساسەن سابىق شەرقىي قارا خانىيلارنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايداتنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى بولۇپ قالغانىدى. بۇ زېمىن قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، چەرچەن - چارقىلىق، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلارنى ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانىنى

ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تاشكەنت ئەتراپلىرىمۇ مۇشۇ زېمىن دائىرىسىدە ئىدى. بۇ جايلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرى بولۇپ، ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قوۋملاردىن ئىدى؛ ئۇيغۇرىستان ئاساسەن ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنى جۇملىدىن تۇرپان، چالىش (قارا شەھەر) — يۇلتۇز يايلىقى، كۇچا ۋە قۇمۇل رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ جايلار دېھقانچىلىققىمۇ چارۋىچىلىققىمۇ ماس كېلەتتى.①

سۇلتان سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەت خاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، مىلادى 1487- يىلى (قوي يىلى) تۇرپاندا تۇغۇلغانىدى. ئۇ 14 يېشىدىن باشلاپ تۈرلۈك ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ ياردار بولغان، ھەتتا مۇھەممەت شەيبانىخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگىلى تاس قالغانىدى. مىلادى 1504 - يىلى سۇلتان سەئىدخاننىڭ دادىسى سۇلتان ئەھمەت خان مۇھەممەت شەيبانىخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئاقسۇدا ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇ يەتتىكەنتكە — تاغىسى سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ قېشىغا پاناھداپ كەلدى. بىراق، تاغىسى «ئەلنى ئىدارە قىلىشنى بىلمەيدىغان، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان يارامسىز پادىشاھ»② بولغانلىقتىن، ئاخىر ئۇ «تاغىسىنىڭ لامزەللە ۋە بىپەرۋالىقىغا چىدىماي تاغىسىنىڭ ئوردىسىدىن قېچىپ»③ ئىنىسى خەلىل سۇلتاننىڭ يېنىغا پاناھداپ كېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئىنىسى شۇ ۋاقىتتا قىرغىزلارغا ۋالىي ئىدى.

مىلادى 1508 - يىلى ئەتىيازدا تۇرپان ھۆكۈمدارى مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان خەلىل خاننىڭ

---

① ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 57-، 58- بەتلەر.

② ③مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى»، قولىيازما.

قولىدىن موغۇلىستاننى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تۇرپاندىن قوشۇن تارتىپ كەلدى. ئالما - ئاتانىڭ يېنىدا يۈز بەرگەن بۇ جەڭدە سۇلتان سەئىدخان بىلەن خېلىل سۇلتان ئاكىسى مەنسۇرخان تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىندى.

سۇلتان سەئىدخان خوجا ئەلى باتۇر باشلىق ئەللىكتەك ئادىمى بىلەن جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ چىقىپ دولان دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ نائىلاج «ئېتىنى نارىن دەرياسى بويىدىكى مېڭىش قىيىن بولغان توقايلىققا قويۇۋېتىپ، مۈكۈپ يېتىپ، ئارقار - كېيىك ئېتىپ، گۆشىنى ئوزۇق، تېرىسىنى يېپىنچا قىلىپ» بىر مەزگىل سەرسان بولۇپ يۈردى. مۇشۇ مەزگىللەردە بارلاس قەبىلىلىك خوجا ئەلى باتۇر ئۇنىڭغا ئىنتايىن سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ قايتىلاتىن باش كۆتۈرۈشىگە يېقىندىن مەدەت بەرگەنىدى. سۇلتان سەئىدخان پامىر ئېگىزلىكىنى بېسىپ ئۆتكۈچە بەزىدە ئۆلىما، بەزىدە سودىگەر ۋە بەزىدە دىۋانە - ئاشىق قىياپىتىگە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى، ئۇ مىڭ بىر جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر مىلادى 1508 - يىلى قىشتا كابۇلغا قايتىپ كېلىۋالدى. بۇ يەردە ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىگە ئېرىشتى.

مىلادى 1510 - يىلى (ئات يىلى) قىشتا مۇرغاپ بويىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا مۇھەممەت شەيبانىخان ئىراندىكى سەفەۋىيلەر خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئىسمائىل قىزىل باش تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا بارلىق ئۆزبېك سۇلتانلىرى سەمەرقەندكە يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. پەرغانە ھاكىمى جانبەگ سۇلتان ئۆزىنىڭ باش مىرزىسى، دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان مىرزا سەئىد مۇھەممەتنىمۇ بۇ كېڭەشكە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەسلىدە مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئەنجانغا ئېلىپ كېلىنگەندە،

جانبەگ سۇلتان ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، ئۆزىگە باش مىرزا قىلىۋالغانىدى. سەمەرقەند كېڭىشىدە شەيبانىيلار بارلىق موغۇل بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغاندا، جانبەگ سۇلتان بۇ قارارغا قوشۇلمىدى ۋە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات باشلىق بارلىق موغۇل بەگلىرىنى دەرھال قويىۋەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئەنجان خەلقى شەيبانىيلارنىڭ زۇلۇمىغا چىدىيالماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۆزبېكلەرنى پەرغانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. بابۇر شاھ سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۇنى ئەنجانغا ئەۋەتتى.

مىلادى 1511- يىلى (قوي يىلى) ئەتىيازدا سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا يېتىپ باردى. سەئىد مۇھەممەت دوغلات باشلىق بارلىق موغۇل بەگلىرى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆزەڭگىسىنى سۆيۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. سۇلتان سەئىدخانمۇ دەرھال مىرزا سەئىد مۇھەممەتنى دوغلات ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇسبېگى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا، پەرغانىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ئۆزبېك سۇلتانلىرى كۈچۈمخان سۇلتان ۋە سۇيۇنچى سۇلتانلارنىڭ باشچىلىقىدا زور قوشۇن بىلەن پەرغانىگە باستۇرۇپ كەلدى.

سۇلتان سەئىدخان دەرھال بىر بۆلۈك موغۇل بەگلىرىنى زور قوشۇن بىلەن كاسان قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. كاسان قەلئەسى شەيبانىيلار ھەممىدىن ئاۋۋال ھۇجۇم قىلماقچى بولغان مۇھىم قورغانىدى. سۇلتان سەئىدخان قالغان كۈچلىرىنى كاسان تاغلىرىغا ئەۋەتىپ، دۈشمەننىڭ ئىككى قانىتىنى پاراكەندە قىلغاچقا، شەيبانىيلار سۇلتانلىرى كاسان قەلئەسىگە قىلىۋاتقان ھۇجۇمىنى بوشاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قەشقەر ھۆكۈمدارى

مىرزا ئابابەكرى دوغلات سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاساسلىق ھەربىي كۈچىنى كاسان قەلئەسىگە يادەمگە ئەۋەتىۋەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى مادۇ ۋە ئوش شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەنجانغا يېقىن بىر جايدا ئوردۇگاھ قۇرۇپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. شەيبانىيلار كاسان قەلئەسىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىغاندىن كېيىن قەلئە مۇداپىئەچىلىرى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ، كاسان تاغلىرىدىكى موغۇل قوشۇنلىرىغا قوشۇلدى ـ دە، بىرلىكتە ئەنجانغا قاراپ جىددىي چېكىندى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى تاڭ سەھەردە ئەنجانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان سەئىدخان شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە قوشۇنلىرىنى شەھەردىن چېكىندۈرۈپ چىقىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن مەيدان جېڭى قىلىش ئۈچۈن ئەنجاندىن ئىككى پەرسەخ يىراقلىقتىكى قۇتلۇق دېگەن يەردە سەپ تۈزدى. ئاتلىق جەڭ قىلىشقا ماھىر 15 مىڭ موغۇل قەشقەر ھۆكۈمدارى مىرزا ئابابەكرىنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى بىر ھۇجۇم بىلەن تىرىپىرەن قىلىپ تاشلاپ 3000 ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. ئادەت بويىچە ئەسىر ئېلىنغانلار پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلەتتى. بىراق، موغۇل ئەمىرى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات سۇلتان سەئىدخانغا بۇ ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە تەكلىپ قىلدى ۋە: «بۇ قېتىمقى نۇسرىتىمىز ئۈچۈن ئاللاغا ھەمدۇ سانالار ئېيتىشىمىز لازىم، — دېدى ئۇ، — چۈنكى، بۇ بىزنىڭ پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنى پەتھى قىلىشىمىزدىكى ئاچقۇچتۇر. بىز مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ ئاسانلا تەسەررۇپ قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىمىزغۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ قىساس ئېلىش شەرئەتتە راۋا ئىش ھېسابلىنۇر. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرلىكتۇر. مۇبادا، خان ئالىيلىرى بۇ يەردە ئۇلارنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلمىسىلا،

بۇ سىلىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە بىر قېتىم قەتلىئام يۈرگۈزگەنلىكلىرى بىلەن باراۋەردۇر! ئەگەر خان ئالىيلىرى بۇ ئەسىرلەرگە ئەپۇ قەلەملىرىنى سۇرۇپ، كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ھېسابىدا پېقىرغا بەرسىلە، سىلى ئۇ ئالەم ـ بۇ ئالەم ئۇنىڭ ساۋابىنى كۆرىدىلا! . . .»①

سۇلتان سەئىدخان مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقان تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە ھېلىقى قەشقەرلىق 3000 ئەسىرنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. بۇ ئەسىرلەر سۇلتان سەئىدخان ئۈچۈن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قوشۇن تارتىشتا مۇھىم ئەسكىرىي مەنبە بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى يەنە خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشتا ئىنتايىن پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

مىلادى 1514 ـ يىلى (ئىت يىلى) باش ئەتىيازدا شەيبانىيلار قوشۇنى سۈيۈنچى خاننىڭ قوماندانلىقىدا پەرغانىگە يېڭىۋاشتىن ھوجۇم قوزغىدى. قۇدرەتلىك ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا سۇلتان سەئىدخان ئۈچۈن ياكى ئۇرۇش قىلىش، ياكى چېكىنىشتىن باشقا ئۈچىنچى يول يوق ئىدى. «. . . ئۆزبېكلەرنىڭ كۈچى زور، ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا موغۇل سۇلتانلىرى ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن باش تارتىپ تۇرغان ۋاقىتتا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشى تەۋەككۈلچىلىك بولاتتى.»② شۇڭا، ئۇ مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ تەكلىپى بويىچە «دۈشمەن قوشۇنلىرى پەرغانە چېگرىسىغا يېتىپ كىرىشتىن ئاۋۋال ئەنجاننى تاشلاپ چېكىنىش» قارارىغا كەلدى③. بىراق، ئۇلار بىرى، موغۇلىستانغا؛ يەنە بىرى، مۇلكىي قەشقەرىيىگىلا بارالىشى مۇمكىن ئىدى؛ موغۇلىستان گەرچە ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.
② ③مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.

بولسىمۇ ئەمما هازىر مەنسۇر خاننىڭ زېمىنى بولۇپ، سۇلتان سەئىدخان ئەنە ئاشۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى؛ مۇلكىي قەشقەرىيە — دوغلاتلارنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى بولغان بولسىمۇ ئەمما هازىر ئۇ يەرگە مىرزا ئابابەكرى دوغلات هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى.

مىرزا سەئىد مۇهەممەت دوغلات باشچىلىقىدىكى موغۇل بەگلىرى: «مۇلكىي قەشقەرىيىگە بېرىش كېرەك» دەپ هېسابلىدى. چۈنكى، قەشقەر شىمال، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپتىن ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغانلىقتىن، دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرمەككە ئەپلىك، دۈشمەننىڭ هۇجۇم قىلىشىغا ئەپسىز، زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، دېهقانچىلىققىمۇ، چارۋىچىلىققىمۇ ماس كېلىدىغان، ئىستىراتېگىيە جەهەتتە ئىنتايىن مۇهىم ئورۇنغا ئىگە بىر زېمىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىرزا ئابابەكرى مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئەللىك يىلغا يېقىن هۆكۈمرانلىق قىلىپ، خەلقنى ئېغىر زۇلۇم ـ ستەمگە دۇچار قىلغانلىقتىن، ئاۋامنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، «پەيمانىسى تولۇپ، گۇمران بولىدىغان كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغان» ئىدى. ئۇچىنچىدىن، سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرى بىلەن بىر قېتىم ئېلىشىپ كۆرگەن ۋە ئۇنى يەڭگەن بولغاچقا، گەرچە ئۇ «ئۆلۈم ئالدىدا جاهىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرستەلىشى مۇمكىن» بولسىمۇ ئەمما سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇنى يەڭمىكى هەر هالدا شەيبانىيلارنى يېڭىشكە قارىغاندا كۆپ ئاسانغا چۈشەتتى.

ئاخىر سۇلتان سەئىدخان مىرزا سەئىد مۇهەممەت دوغلات باشچىلىقىدىكى موغۇل بەگلىرىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىگە قاراپ چېكىنىش هەققىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ بېشىدا سۇلتان سەئىدخان پەرغانىنى ئۆزبېك سۇلتانى سۆيۈنچ خانغا تاشلاپ بېرىپ، ئەنجاندىن چېكىنىپ چىقتى ـ دە، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

سۇلتان سەئىدخان باشچىلىقىدىكى موغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەرگە بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مىرزا ئابابەكرى دەرھال قاتتىق مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئۇ دەرھال قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىنى يەكەنگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، ئاھالىنىڭ ئۆي - جايلىرىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە تۈمەن دەرياسى بويىغا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 گەز، ئۈستىدە تۆت ئاتلىق چېرىك قاتار ماڭالايدىغان، كۆلىمى تەخمىنەن 74 تاناپ كېلىدىغان مۇستەھكەم بىر قەلئە ياساتتى. ئوغلى ئەمىر يۈسۈپنى بۇ قەلئەگە مىڭ لەشكەر بىلەن قوماندان قىلىپ بەلگىلىدى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى سۇلتان سەئىدخان قوشۇنلىرىنى باشلاپ موغۇلىستاننىڭ چېگرىسىدىكى ئاتبېشى دېگەن شەھەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەر نارىن دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان تاغلىق شەھەر بولۇپ، بۇ يەردىن قەشقەرگە يەتتە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولاتتى.

سۇلتان سەئىدخان ئائىلە - تاۋابىئاتلارنى ۋە ئارقا سەپ تەمىنات ئەسلىھەلىرىنى مۇشۇ ئاتبېشى دېگەن شەھەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاتلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ تويۇنبېشى ئېغىزىدىن ئۇلۇغچات تەۋەسىگە كىردى - دە، چاقماق دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ 3 - كۈنى يەنى 5 - ئاينىڭ 21-كۈنى ئاتۇشقا يېتىپ كەلدى. ئەتىسى قەشقەرنىڭ ئۈستىدىكى تۇتۇرگە دېگەن يەردە چاقماق دەرياسىدىن ئۆتتى. سۇلتان سەئىدخان چاۋۇشلىرىنى قوشۇننى سەپراس - چەپراس قىلىپ ئىدىتلاپ چىقىشقا بۇيرىدى. قارىسا جەمئىي 4700 ئادەم تىزىمغا ئېلىنىپتۇ. شۇ كۈنى سۇلتان سەئىدخان قوشۇننى باشلاپ قەشقەرنىڭ ئۈستىدىن ئىككى پەرسەخ كېلىدىغان يەردىكى سەمەن دېگەن يەردە تۈمەن دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتتى ۋە تۈمەن قەلئەسىگە ھۇجۇم باشلىدى. بىراق، بۇ ھۇجۇم نەتىجىسىز

بولدى. ئۈچىنچى كۈنى، ئۇ نائىلاج، قورغانغا قىلىنىۋاتقان ھۇجۇمنى بىكار قىلىپ، قوشۇننى باشلاپ يېڭىسارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يېڭىسار قەلئەسىنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمىر كىبىرلىرىدىن ئەمىن دارغاچ دېگەن بىرى ساقلاپ ياتاتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاساسلىق مۇنتىبزىم ھەربىي كۈچى مۇشۇ قەلئەگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، يېڭىسار قەلئەسىنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىق مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھايات - ماماتىغا ئالاقىدار مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، سۇلتان سەئىدخانمۇ ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يېڭىسار قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلىشقا قاراتتى. مۇھاسىرە ئىككى ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئېغىر زۇلۇمىغا ئۇچرىغان بۇرۇت قىرغىزلىرىنىڭ سەردارى مۇھەممەت قىرغىز ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ سۇلتان سەئىدخانغا قوشۇلدى.

8 - ئاينىڭ بېشىدىكى تۇنجى ئازنا كۈنى تاڭ سەھەردە ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرگەن قاتتىق پارتلاش ساداسى ئىچىدە يېڭىسار قەلئەسىنىڭ بىر بۇرجىكى غۇلاپ چۈشتى. قەلئەدىكىلەر پاتپاراق بولۇشۇۋاتقان بىر پەيتتە، سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنى بىلەن مۇھەممەت قىرغىزنىڭ قوشۇنى قەلئەگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. قەلئە بېگى ئەمىن دارغاچ ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن تەسلىم بولۇپ، شەھەرنى سۇلتان سەئىدخانغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. يېڭىسار قەلئەسى سۇلتان سەئىدخان مۈلكىي قەشقەرىيىدە ئىگىلىگەن تۇنجى قەلئە بولۇپ قالدى. شۇڭا، تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كىتابىدا: «... يېڭىسار قەلئەسىنىڭ ئېلىنغانلىقى سۇلتان

سەئىدخاننىڭ مۇلكى قەشقەرىيىنى ئىستىلا قىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ قەدەم بولدى» دەپ يازدى.

يېڭىسار قەلئەسى قولدىن كەتكەندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرى ئۆز ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، تەختنى چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا بىكارلاپ بېرىپ ئۆزى ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت قاتارلىق ئېرىغ، مەرغۇپ ماللىرىنى 900 قېچىرغا ئارتىپ قاراڭغۇلۇق تاغلىرىغا قاچتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھ - پاسىقلىق بىلەن تولغان جىنايەتكار ھاياتىنىڭ ئاچارچىلىق ئىچىدە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى!

مىلادىدىن 1514 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەكەندىكى ئوردىسى — ئاقسارايدا خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن «سەئىدىيە مەملىكىتى» دەپ ئاتالغان يەكەن خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى...

* * *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈشىنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر ئۈستىدە مۇشۇنچىلىك مەلۇمات بەرسەك كۇپايە قىلۇر. ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە قايتىپ كېلەيلۇق.

سۇلتان سەئىدخان بارلاس ئەمىرى ئەلى باتۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاستا يۆتىلىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ سۆز قىلماقچى بولغانلىقىدىن بىشارەت ئىدى. باياتىن ئەمىر - بەگلەرنىڭ بەس - مۇنازىرىدىن زىلزىلىگە كەلگەن شاھىنشىنىنىڭ ئىچىدە ئەمدى يىگىنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

— ئىنشائاللا، تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن پۈتۈن ماڭلاي سۆيەر ۋە ئۇيغۇرىستان ھۆدۈتلۈقى بىزنىڭ قەلەمىمىي تەسەررۇپىمىز ئاستىغا ئۆتتى، — دېدى ئۇ، — پەقەت موغۇلىستانلا ئاشۇ پاراكەندە، باشباشتاق ئۇلۇسلارنىڭ ئىلكىدە قالدى. ئەلھال، بىزمۇ شۇ يەردە موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىش - قىلماسلىق ھەققىدە كېڭەشىپ ئولتۇرۇپتۇق. مۇبادا، ئاشۇ پاراكەندە، باشباشتاق ئۇلۇسلارنى تەسەررۇپ قىلىش ئۈچۈن موغۇلىستانغا لەشكەر تارتمايدىغان بولساق، ئەمىر - سەركەردىلەرنىڭ، جەڭچى - جۇۋانگەرلەرنىڭ «ھۇجۇم» دەپ تىنزگىن سىرىپ تۇرغان كۆڭلىنى تىنجىتالمايمىز. مۇبادا، ئەمىر - بەگلىرىمىزنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم لەشكەر تارتىشىمىز كېرەك. بولمىسا، چوقۇم تەقدىرنىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز!

باياتىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۆزىگە تەشۋىش ۋە چىدامسىزلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ، زۇۋان سۈرمەي جىم ئولتۇرغان مىرزا ئەلى تاغايى ئىختىيارسىز قىمىرلاپ قويدى. ئۇ ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىقتىن ھارغان ئەمما تىنچلىق ۋە ھاكىملىقتىن خالىغانچە لەززەتلىنىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇ سورۇن ئەھلىگە ئەنسىزلىككە تولغان، مۇغەمبەر سىنچى كۆزلىرى بىلەن تەكشى نەزەر سېلىپ چىقتى ۋە بۇ بەگلەرنىڭ يۈرۈشلەردە قارىيىپ، شامالدا يېرىلىپ كەتكەن جىددىي يۈزلىرىنى، كۈچلۈك قوللىرىنى ۋە جەڭگىۋار قامەتلىرىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قەتئىيلىك، قەيسەرلىك ۋە باتۇرلۇق ئالامەتلىرى چاقنىماقتا ئىدى.

— مەن غالىپكارخاننىڭ ماڭا ئۆز پىكرىمنى ئېيتىشىمغا رۇخسەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن، — دېدى ئۇ.

سۇلتان سەئىدخان ئىجازەت، دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىشقا ۋاقىت كەلدى، دەپ ئويلايمەن، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى خانغا خۇشامەت قىلىپ تۇرۇپ، — مەن جانابىي غالىبكار خان ئالىيلىرىنىڭ موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى ئولجىغا ئېتىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئارسلاندەك ھېس قىلماقتىمەن. مەنمۇ خان ئالىيلىرىغا ھەمدەم بولۇپ، يۈرۈشكە ئاتلىنىشقا بەل باغلىدىم. موغۇلىستاننى پاراكەندە قىلغان ئاشۇ ئۆزبېكلەردىن قىساس ئالىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. بىز ئۇل پاراكەندە ئۇلۇسلارنىڭ تۆكۈلۈكىدىن كىرىپ، ئىشىكىدىن چىقىشىمىز، قويىندىكى خوتۇنلىرىنى تارتىۋېلىپ، بۆشۈكتىكى بالىلىرىنى بوغۇپ تاشلىشىمىز، مال - چارپايلىرىنى بەيتىلمال قىلىپ ھەيدەپ كېلىشىمىز لازىم! بىزنىڭ ئالدىمىزدا قەتئىي جەڭ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بۇ يۈرۈش توغرىسىدا باخشى - مۇنەججىملەرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قوشۇنلارنىڭ يولغا چىقىشىنى سەييارىلەرنىڭ ياخشى ئەبزىيەت كۆنلىرىدىن بىرىگە توغرىلاش لازىم.

ئەمىر كىبىر، ساھىب ۋەزىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ۋەلىئەھد ئەتكەسى، ساھىب ۋەزىر، قەشقەر نايىبى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران بولغىنىدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. مۇشۇ تاپتا مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىرايى ئىشنى تىز بىر تەرەپ قىلىدىغان كەسكىن ئادەمنىڭ سوغۇق چىرايىغا ئوخشاپ قالغانىدى. مىرزا سەئىدمۇھەممەت دوغلات ئۇنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇمۇ نائىلاج خاننىڭ قارارىنى قوللاشقا مەجبۇر بولدى:

— مەنمۇ موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىش ۋاقتى بولۇپ قالدى، دەپ قارايمەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا تەزىم

قىلغاندىن كېيىن، — بىز موغۇلىستاننى پاراكەندە قىلغان ئاشۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە تاغدىن غۇلىغان تاشتەك بېسىپ بېرىشىمىز، ئانا زېمىنىمىزدىكى بىر غېرىچ يەر، بىر تۈپ ياغاچ، ھەتتا بىر تال گىياھ ئۈچۈن جان تىكىپ جەڭ قىلىشىمىز لازىم. جانابىي سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن موغۇل ئولۇسلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇغى ئاستىغا ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلاشتۇردى. ئەلھال، سەئىدىيە ئېلىنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزۇش، تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ۋە تېخىمۇ باياشات قىلىش ئۈچۈن يېڭى - يېڭى زېمىنلارغا ئىرىشىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن موغۇلىستانغا، بەدەخشانغا ھەتتا كەشمىرگە يۈرۈش قىلىشىمىز لازىم. ئىسلى كۆرۈلمىگەن بەختىيار ھايات، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۆچمەن ھاياتقا خاتىمە بېرىپ، سېپىل سوقۇپ، قەلئە سېلىشىمىز، مال - چارۋىلىرىمىزنى تاغۇ - تاشلاردا ھەيدەپ يۈرمەي، مۇقىم يايلاقلاردا بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا نۇسرەتپەرۋەر غالىب سۇلتان سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرى بىزلەرنى غەلىبىدىن غەلىبىگە باشلاپ ماڭىدۇ!

شاھىنشىن ئىچىدە ياڭرىغان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى پۈتۈن ئاقسارايىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى:

- ياشىسۇن سۇلتان سەئىدخان! ياشىسۇن، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن! . . .

بۇ چاغدا، سۇلتان سەئىدخان تەنتەنىلىك ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئەمىر - بەگلەرگە قول كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ بۇ يىل 36 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ چېكە - چاچلىرىغا ئاق سانجىغان ئەمما ساقال - بۇرۇتلىرى قاپقارا، تەمبەل، ئېگىز قامىتى ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىدىكىن سەل - پەل ئېگىلىپ قالغاندەك

كۆرۈنەتتى.
سۇلتان سەئىدخان 14 يېشىدىن باشلاپ لەشكەر بولغان، ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ ياردار بولغان، كېيىن تۈركىستان جاڭگاللىرىدا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، ئىككى قېتىم زىندانغا تاشلانغان، تۆت قېتىم خەتەرگە يولۇقۇپ ئامان قالغان، سان ـ ساناقسىز جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتە مول تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئېرىشىپ، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، چېنىققان بىر سىياسىيون بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. قانداقلا بولسۇن، ھازىر ئۇنىڭ تازا قىران چاغلىرى ئىدى. تومۇرلىرىدا باھادىرلىق قانلىرى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئون يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا، مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىپ پانىي دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن مۇلكىي قەشقەرىيىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈپ، ئاھالىنى ھاللىق تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن، سەلتەنەتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاتا دۈشمىنى ـ شەيبانىيلار بىلەن بەل تۇتۇشقۇدەك كۈچ توپلىغانىدى.
سۇلتان سەئىدخاننىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى. خان ھاياجانلانماقتا ئىدى. ئۇ قولىنى كۆتۈردى، ئالقىش سادالىرى ياڭرىتىۋاتقان بەگ بېگات، ئەمرۇل ـ ئۇمەرالار دەررۇ جىم بولۇشتى.
سۇلتان سەئىدخان ئەئىيانلىرىغا جاراڭلاپ تۇرغان ياڭراق ئاۋازى بىلەن سۆز قىلىشقا باشلىدى:
— شۇنداق، مۇلكىي قەشقەرىيە ھۇدۇتلۇقىدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈگىدى. ئەلھال، قەشقەر ئاھالىسى ئون يىلدىن بېرى ئادەتتىكى تىنچ تۇرمۇشى بىلەن ياشىماقتا. شەھەر ـ ئاۋدانلاردا قۇرۇلۇۋاتقان ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ سانى كۆزگە كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە كۆپەيدى. مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدىكى خەلق ئۇستىگە يۈكلەنگەن ھەددىدىن ئارتۇق باج ـ سېلىق

ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خانلىق ياساقلىرى يولغا قويۇلۇپ، ئابابەكرى ئوردىسىدىكى چېكىدىن ئاشقان چىرىكلىك ۋە كەيپ-ساپالىق تۇرمۇشقا خاتىمە بېرىلدى. بىز ھەر يىلى دېگۈدەك ھۇدۇتلۇقىمىز تەۋەسىدىكى پۈتكۈل يۇرت-ئايماقلارنى ئارىلاپ، پۇقرالارنىڭ ئەرز-دادىنى ئاڭلاپ، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىدىغان ناشايان ئىشلىرىنى تەرك قىلىپ تۇردۇق. بۇنىڭ مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان ئىگىلىكنى تېز ئەسلىگە كېلىشكە پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولدى. شەھەر-ئاۋادانلارنىڭ كوچا-گۆزەلىرىدە ۋە بوش يەرلەردە خىش، ياغاچ ۋە قىرىندىلار دۆۋىلىرى چېچىلىپ ياتماقتا. بىناكارلار پالتا-كەكىلىرى ۋە ئىسكىنە-ھەرىلىرى بىلەن قوراللىنىپ مەكتەپ-مەدرىس بىنا قىلىشماقتا، كۆۋرۈك سېلىشماقتا، رابات-تەكىيخانىلارنى ئەھيا قىلىشماقتا. كىشىلەر سۇ ئىنشائاتلىرى، توغان قۇرۇلۇشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشماقتا. مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا ئۈزۈلۈپ قالغان «شاھرايى ئەبرىشىم»[1] سودىسى قايتا راۋاج تاپتى. مۇلكىي قەشقەرىيىگە سان-ساناقسىز كارۋان يوللىرى كېلىپ قوشۇلدى. مەملىكىتىمىزدىن خاقانىي چىنغا، ھىندىستانغا ۋە كەشمىر، ئىران، ھەمەدان، شىراز، تەبرىز، تېھران، مىسىر ھەتتا فەرەڭىستان قاتارلىق مەشرىق، مەغرىب ئەللىرىگە قاشتېشى، ئالتۇن-جاۋاھىر، ماتا-چەكمەن، خان ئەتلەس، يۇڭ، تېرە-تەسەك، زىلچا-گىلەم چىقىرىلىپ، ئۇ يەرلەردىن كۆپ مىقداردا تاۋار-تورقا، شايى-دۇردۇن، چىنە-قاچا، فار-فور بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇلۇپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىدىن قانداق تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى:

---

① شاھرايى ئەبرىشىم - يىپەك يولىنىڭ تارىختىكى نامى.

— مەغرىپ ۋە مەشرىق ئەللىرىگە مېڭىۋاتقان كارۋانلار ئارىسىدا تۈركلەر، موغۇللار، خىتايلار، ھىندىلار ۋە كەشمىرلىكلەر بار. مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن خاراب قىلىنغان كەلپىن، مارالبېشى، مەكىت، پەيزىۋات، يوپۇرغا، چىرىيە، كىرىيە، قاغىلىق يۇرتلىرى يېڭىۋاشتىن ئاۋات قىلىندى ۋە بازار - گۈزەلىرى كېڭەيتىپ سېلىندى. تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىش ساھىلىدىكى قوشلاش - غولتۇغراق ۋادىسىغا قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار، خوتەنلەردىن يەر - زېمىنسىز ئاھالە كۆچۈرۈلۈپ ئاۋات قىلىندى① ۋە كۆجۈملەشتۈرۈلدى. مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدىن قالغان تۇرمۇش خارابىلىقى مەمۇرلاشتۇرۇلدى. بىناكارلىق، كاھىشگەرلىك، نەققاشلىق ھۈنەرۋەن - كەسىپلىرى يۈكسەلدۈرۈلدى. كان - مەدەنچىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، سەلتەنىتىمىزنىڭ ئاساسلىق مالىيە مەنبەلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرۇلدى. يېڭىساردا شاناز تۆمۈر مەدەن كانى، تاشكۆمۈر كانى، كۇچادا مىس كانى، كىرىيە، چەرچەنلەردە مىس، تۆمۈر مەدەن كانلىرى بىلەن ئالتۇن كانلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى! بۇ كانلاردىن ئېلىنغان تۈرلۈك مەدەنلەردىن ئېرىتىلگەن تۆمۈر، مىس، ئالتۇن - كۈمۈشلەر خانلىقىمىزنىڭ ھاجىتىدىن ئېشىپ، خاقانىي چىن، ھىندىستان، ئەجەم - شام ئەللىرىگە قىلىنىدىغان سەلتەنەت سودىسى — چىقىندى سودىسىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىماقتا. ئەلدە تىنچلىق - ئاسايىشلىق قارار تاپتى. پۇقرالارنىڭ شىللىسىدىكى زۇلۇم - سىتەم تۈگىدى. ئوغرى - يالغان تىنچىدى. ئىلگىرى سودىگەر - يولۇچىلار خەتەرلىك دەپ قارايدىغان يوللار ھازىر تىنچ - ئامان بولۇپ قالدى. شۇڭا، كىشىلەر: «مەزلۇم كىشىلەر

① ھازىرقى ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسى شۇ چاغلاردا ئەھيا قىلىنغانىدى.

بىر كومزەك ئالتۇننى ئېلىپ ماڭسىمۇ، ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ! ھەتتا بىر كىشى لىق بىر تاۋاق ئالتۇننى يولغا قويۇپ كەتسە، تا قايتىپ كەلگۈچە ھېلىقى بىر تاۋاق ئالتۇن قويغان يېرىدە تۇرىدۇ!» دېيىشمەكتە[1].

— نىھايەت، سەلتەنىتىمىز بۇ قەدەر كۈچەيگەنىدىكەن، موغۇلىستاننى ئەمدى تەسەررۇپىمىزغا ئالماي، يەنە قاچانغىچە كۈتۈپ تۇرىمىز؟! — دەپ سۇلتان سەئىدخان سۆزىنى بۇگۈنكى كېڭەشتە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئاساسىي تېما ئۈستىگە يۆتكىدى، — ئەمدى موغۇلىستاندىكى قازاق، قىرغىز ۋە موغۇل ئۇلۇسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يايلاق ماجىرالىرىغا بەرھەم بېرىدىغان پەيت بولۇپ قالدى. ئى ئەمرۇل ئۇمەرالار، شۇنى ئېسىڭىزلاردىن چىقارمىڭىزلاركى، شەيبانىيلار دۆلەت بوسۇغىمىزدا دېۋەيلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىزنى مۇنقەرز قىلىش نىيىتىدىن ھەرگىز يانغىنى يوق! مۇھەممەت شەيبانىخاننىڭ موغۇل سۇلتانلىرىنىڭ ھاياتلىق شامىنى قانداق ئۆچۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. بىز كېلەر يىلى ئەتىيازدا موغۇلىستانغا لەشكەر تارتىمىز. نۇسرەتپەرۋەر لەشكەرلىرىمىزنىڭ ھۇجۇمىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر قانداق ئەلنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىمىز كېرەك!

— ئەمرىڭىزگە قۇللۇق، ئى پۇشتىپاناھ، — دەپ قول قوشتۇرۇپ تەزىم قىلدى بارلاس ئەمىرى خوجا ئېلى باتۇر، — قىلىچلىرىمىز قانسىرىغان، نەيزىلىرىمىز داتلاشقان! سىز نەنى كۆرسەتسىڭىز، بىز شۇ يەرگە خۇددى ئولجىسىغا قاراپ ئېتىلغان قاپلاندەك، گۆش ئورنىغا قان ئىچكەن كۆك بۆرىدەك، قامچا ئورنىغا قىلىچ تۇتقان، سۇ ئورنىغا مۇز يۇتقان، ئات ئورنىغا شامال مىنگەن باھادىرلاردەك كۆكرەك كېرىپ بارغايمىز!

---

[1] مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.

قالغان ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا گۇرۇلدەشتى:
— كۆكرەك كېرىپ بارغايمىز!...
سۇلتان سەئىدخاننىڭ كېلەر يىلى ئەتىيازدا موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىش ھەققىدىكى قارارى بارلاس، دوغلات ۋە باشقا موغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ ئەمىر - بەگلىرىنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئارقىدىنلا سۇلتان سەئىدخان بۈگۈنكى كېڭەشنىڭ كۈنتەرتىپىدىكى ئىككىنچى چوڭ ئىش موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر كېبىرلىكىگە كىمنى بەلگىلەش مەسىلىسىنى ئەمىر - بەگلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويدى...

* * *

ئەنىسىز ئۇرۇش ۋاقتى باشلاندى. خۇددى چىرىگەن قارا پاتقاقلىقلاردا پارتلاۋاتقان پۇۋەكلەردەك موغۇلىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇلۇس، قەبىلە ئىسيانلىرى ھېلىدىن ھېلىغا كۆتۈرۈلۈپ، جاھان زادىلا تىنچىماي كېتىۋاتقانىدى. سۇلتان سەئىدخان ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ ئۆزىنى تىنچىتقان، تۇرپان ھۆكۈمدارى مەنسۇرخان بىلەن قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئەمما موغۇلىستاندىكى قىرغىز، قازاق، موغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ خانلىرى سۇلتان سەئىدخاننىڭ سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەش ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ، بىر - بىرىنىڭ قوللىرىدىن ئېخىمۇ كۆپرەك سۇ، يايلاقلارنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشاتتى.
ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ پەرمانى بويىچە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئاقسۇدىكى تىنچ نايىبلىق تۇرمۇشىنى تاشلاپ، قورال - ياراغلارنى قايتىدىن قولغا ئېلىشقا، جاپالىق ھەربىي

يۇرۇشلەرگە يەنە ئاتلىنىشقا توغرا كەلدى.

قاراگىر ئارغىماق ئۈستىدە كېتىۋاتقان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. ۋەلىئەھد ئەتكەسى، قەشقەر نايىبى، ساھىب ۋەزىر، يەتتىسۇ - موغۇلىستانىنىڭ ئورۇنباسار نايىبى مىرزا ئەلى تاغايى ۋە مۇھەممەت قىرغىزلار ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان كېتىپ بارماقتا ئىدى.

بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ شەرقتىكى چوڭ ئۆلكىسى — ئاقسۇغا نايىب قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. ھالا بۈگۈن بەش يىل بولار - بولمايلا يەنە شۇ خان ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ يەتتىسۇ - موغۇلىستانغا نايىب قىلىپ تەيىنلەندى. ئەنسىز ھەربىي تۇرمۇش ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جېنىغا پاتقانىدى. ئۇنىڭغا ئالتۇندەك ياشلىق ھاياتىنىڭ چەت - ياقا يەرلەردە مۇشۇنداقلا غۇربەتتە ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. «... مەن قاچانغىچە شامالدا قالغان يىلتىزسىز قامقاقتەك ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ قاڭقىپ يۈرەرمەن؟ — دېگەن ئەلەملىك ئوي ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى، — مەن خان ئاتامدىن: ‹مېنى بۇ جاپالاردىن قۇتۇلدۇرۇڭ، يەنىلا ئاقسۇغا نايىب قىلىپ قويۇڭ›، دەپ ئىلتىجا قىلساممىكىن؟...»

ئاقسۇنى باشقۇرۇش ئوڭاي ھەم پايدىلىق ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇدا نايىب بولۇپ تۇرغان ئاشۇ بەش يىل ئىچىدە زىنىنەتلىك ھاياتىنىڭ لەززىتىگە، تەشۋىشسىز تۇرمۇشنىڭ يېقىملىق كۆڭۈل ئاچقۇچى ھېس - تۇيغۇلىرىغا بېرىلگەن ياش ئۆسمۈر شاھزادە ئىدى... ئۇنىڭ ئىختىيارى ئۇنىڭ بەگلىرىدە، جاھانخۇمار ئۇستازلىرىدا بولغانلىقتىن ھەر قانداق تاجۇ تەخت داغدۇغىسى ئۇنى تەشۋىش ئىلكىدە ئازابلىمايتتى. بىراق، ئۇلار

14 ياشلىق بۇ شاھزادىنىڭ مەسۇم كۆڭلىنى قانلىق غوۋغا ـ ماجىرالار، ھاكىمىيەت تەنتەنىلىرى ۋە سەلتەنەت ھەۋەسلىرىنىڭ دۇتى بىلەن ياندۇرماقچى بولۇشىنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قېلىشمايتتى.

ئەمما، خان ئاتىسى ئۇنىڭغا: «بۇ تاج ـ دۆلەتنى قىلىچ بىلەن ئالغاندۇق، ئەمدى ئۇنى يەنە شۇ قىلىچ بىلەن ساقلاشقا ھەرىكەت قىلىش لازىم. شۇڭا، موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىشتەك بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىش — سېنىڭ ئالدىڭدىكى جىددىي بىر سىناقتۇر! . . .» دېگەنىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئاقسارايدىكى كېڭەشتە ئۆزىنىڭ بۇ 14 ياشلىق شاھزادىسى ـ ۋەلىئەھدى، ئاقسۇ نايىبى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى يەتتەسۇ — موغۇلىستانغا نايىب، موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى 25 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا باش قوماندان ـ ئەمىر كەبىر قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا، ئۇ تەرتىپنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمىغاندى ۋە خاننىڭ پەرماننى ئېلىش ۋاقتىدىكى تەرتىپ ـ قائىدىگە ئاساسەن باشقا ئەمىر ـ بەگلەر بىلەن بىللە تىز چۆككەنىدى. . .

ئۇ ئەلەملىك بېشىنى چايقاپ قويدى. . .

— ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقى ھۆرمەتلىك سۇلتان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن خېلى خوپلا تەرەققىي قىلغانىدى، — دېدى باياتىن ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ جىم كېلىۋاتقان مىرزا ئەلى تاغايى تىل ياغلىمىلىق قىلىپ، — مۇبادا خان ئاتىلىرى سىلىگە موغۇلىستانغا ئىگىلىك قىلىشنىلا ئەمەس، بەلكى باشقا مەركىزىي ئۆلكىلەرگىمۇ ئىگىلىك قىلىشنى تاپشۇرغان بولسا، ئۇ ھالدا مۇشۇنداق غەمخورلۇقلىرىنى مەركىزىي ئۆلكىلەرگىمۇ سەرپ قىلغان بولاتتىله. ئۇ چاغدا بۇ ئىش قانداق ياخشى بولاتتى، ھە؟ بىراق، ساھىب ۋەزىر، ئەمىر كەبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت

دوغلاتنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا سىلى موغۇلىستانغا نايىب بولۇپ قالدىلا!...

ياش شاھزادە بىردىنلا ھوشيارلاندى ۋە:

— جانابىي ساھىب ۋەزىر، سىلى نېمە دېمەكچى بولىدىلا؟ — دەپ ئۇنىڭغا سوغۇقلا مۇراجىئەت قىلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، — دەپ باشلىدى ئۇ تەسىرلىك قىلىپ، — مەن «قىرىق كۈن يالغۇزلۇقتا غېرىب بولۇپ ياشىغان شەيختىن قاچ، چۈنكى، بۇ قىرىق كۈن دۇنيانىڭ قىرىق سوغۇق ئېيىدىنمۇ سوغۇقراق!» دېگەننى ئاڭلىغانمەن. ئەمما، سەلتەنەتكە خىزمەت قىلىش جاھاننىڭ ھەممە راھەت - خۇۋلۇقىدىن ۋاز كېچىشتىن دېرەك بېرىدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەدىس - شېرىفتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمىرلىككە بەلگىلەنگەن ئادەم خۇددى ئۆتمەس پىچاق بىلەن بوغۇزلىنىۋاتقان ھايۋان تارتىۋاتقان ئازابنى تارتىدۇ!» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان! ئامال قانچە؟...

بىراق، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان 14 ياشلىق شاھزادە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كىم يېتىلىسە شۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىغان نارەسىدە گۆدەك بالا ئەمەس ئىدى. ئۇ شانۇ شەۋكەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاش ساقال - بۇرۇتلىرى چىقماي تۇرۇپ ئۇرۇش سەنئىتىنى ئىگىلەشكە ئىنتىلىدىغان، جەڭگە مىڭلارچە باھادىر يىگىتلەرنى باشلاپ ئېتىلىپ كىرىدىغان، تۇرلۇك سىياسىي غوۋغالاردا قايناپ سۆڭىكى قاتقان، جەڭ مەيدانلىرىنىڭ قانلىق پاجىئەلىرىگە ھەۋەس قىلىدىغان شاھزادە ئىدى. شۇڭا، ئەتكەسىنىڭ خۇسۇمەتلىك سۆزلىرىگە گول بولۇپ كەتمىدى.

— موغۇلىستاندىكى پاراكەندە ئۇلۇسلارنىڭ پىتنىسىنى

قانداق يوقاتساق بولار؟ — دېدى ئۇ ئۆزىگە خاس يېقىملىق ۋە مۇلايىم - ئۆتكۈر سۆزلۈكى بىلەن سۆزلەپ تۇرۇپ، — بۇ خۇسۇستا خاقان ئاتىمىز ۋە ئەمىر بەگلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى بىلدۇق. ئەلھال، سىز جانابىڭىزدىنمۇ بۇ ھەقتە لايىق ۋە توغرا تەدبىر ھەققىدە پىكىر ئاڭلايمىز، دېگەن ئۈمىدىمىز . . .

— يوغۇسۇ، يوغۇسۇ، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى خۇشامەت ئىلكىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا كۈچۈكلىنىپ، — ۋەلىئەھد ئالىيلىرىنىڭ پىكرى ئەقىل ئەزىمىنىڭ سەر خىل مېۋىسىدۇر. ئۇل پاراكەندە جاھىل قىر خەلقىنى ئەدەبكە باشلاش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال تىغ، قىلىچ، قامچا لازىمدۇر. چۇنكى، ئۇلار مېھىر - شەپقەت ۋە ئەتەكەللۇپ - مەرھەمەتنىڭ قەدرىنى نەدىن بىلگەي؟

— ھەيھات، ھەيھات، — دېدى باياتىن ئۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشماي جىم كېتىپ بارغان مۇھەممەت قىرغىز تەنە قىلىپ، — سۇلتان سەئىدخاننىڭ سەلتەنىتى پارلاق قۇياشقا ئوخشاش ھەممە ئولۇسلارنىڭ بېشىغا ئۆزىنىڭ ئاپتاپ نۇرىنى چېچىپ تۇرۇپتۇ. جانابىي شاھزادەم، قىر خەلقى سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ ئۆز پۇقرالىرىدۇر. پاراكەندىچىلىك چىقارغان بىر - ئىككى پىتنىچى بىلەن ھەممە قىر خەلقىنى بىر تاياقتا ھەيدەش ئادالەتلىك بولماس. خەلق ئۆزىنىڭ مېلىنى، جېنىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئۇل بۆرى كەبى پىتنىخورلار ۋە پىتنىچى قانخورلار دەستىدىن چۇقان كۆتۈرسە، ئۇلارنىڭ دادىغا يەتمەستىن ئەكسىچە، تىغ، قىلىچ ۋە تاياق ئىشلەتسەك ھەرگىزمۇ ئادالەت - ئىنساپ ھېسابلانماس، شۇڭا چۆچۈتۈش ۋە سىياسەت ئورنىغا مېھرىبانلىق، يۇمشاقلىق كېرەكتۇر. مەن قىر

خەلقى بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدە قىلىچقا ئەمەس، بەلكى مېھىر - شەپقەت، ئادالەتنىڭ كۆچىگە تايىنىش لازىم، دەپ ئويلايمەن!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان موغۇلىستاندىكى يايلاق تالىشىش ماجىراسىنى قانداق يول بىلەن تىنچىتىش يېڭىدىن ئورنىتىلغان سەئىدىيلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئامانلىقى ۋە سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ كۆڭلىدە پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن قەتئىي قارارغا كەلدى ۋە:

— جانابىي ئەمىر ۋەلى ئۇمەرا، مۇلاھىزىڭىزنى تامامەن قوبۇل كۆردۇق. شۇڭا، بۇ نازۇك ۋەزىپىنى سىزگە يۈكلىمەكچىمەن. ئىنشائاللا، خان ئاتام سىزگە .ئوخشاش تەجرىبىلىك تەدبىر ئىگىسىنى ماڭا ھەمدەم قىلىپ ئەۋەتكەنىكەن، مەنمۇ سىزنىڭ قىپچاق بۇرادەرلەر ئارىسىدا پات - پۇرسەتتە ئەمىنلىك ئورنىتىپ، ئۇلارنى ئىنساپقا دالالەت قىلالىشىڭىزغا ۋە ئۇلارنى سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرىغا ئىتائەت قىلدۇرۇشىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل. ھازىردىن باشلاپ سىزگە سەپەرگە ئاتلىنىشقا ئىجازەت بېرىمىز. خۇدا خالىسا، بىزمۇ ھايالشىماستىنلا ئارقىڭىزدىن يېتىپ بارغايمىز، قوچقار دېگەن يەردە بىزلەرنى غەلىبە ساداسى ئىچىدە قارشى ئالغايسىز!

— پەرمانىڭىزنى بەجانىدىل ئورۇنلىغايمەن جانابىي شاھزادە ئالىيلىرى! — دەپ يېنىك تەزىم بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈردى مۇھەممەت قىرغىز، — زەررىچە شۈبھىلەنمەڭكى، مەملىكەتنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغان پىتنىچىلەرنى جازالىماي بولماس. ھېچ بولمىغاندا، قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن

ئۇنداقلارغا سىياسەت قىلىپ بولىسىمۇ بىزەر جازا بەرمەيدىغان بولساق، كەلگۈسىدە مۇنداق ئىشلار تەكرارلىنىۋېرىدۇ! تەكرار ئېيتىمەنكى، خەلقنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش، شىكايەتلەرنى سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلاش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنچىقماستىن كۆلۈمسىرىدى ۋە قىرغىزلار ئارىسىدا ئىجرا قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان باشقا ئىشلار ھەققىدە قىسقىچە سۆزلىگەندىن كېيىن:

— يولغا ھازىرلانغايسىز، ساھىب ۋەزىر جانابلىرى پەرمانىنى يېزىپ سىزگە تاپشۇرىدۇ! — دەپ مىرزا ئەلى تاغايىغا مەنىلىك قاراپ قويىدى.

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، تىلى كېسىلدى...

* * *

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مۇھەممەت قىرغىزنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزى 25 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، ئەتىيازنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامىلىغا قارىماي، قىپچاق دالاسىنى توپتوغرا كېسىپ ئۆتتى. ئاتلىق قوشۇن چىقىۋاتقان بورانغا پەرۋا قىلماي جىددەللەپ ماڭدى. چۈنكى ياخشى بېقىلغان سېمىز ئاتلار ئۆزىگە قامچا تەگكۈزمەيتتى.

قىرغىزلارنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن مۇھەممەت قىرغىز ئالدى بىلەن ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىغا كېلىپ، پىتىراپ كەتكەن قىرغىز قەبىلىلىرىنى توپلاپ، سۇلتان سەئىدخانغا ئىتائەت قىلدۇردى. ئارقىدىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ زور قوشۇن بىلەن ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىكى قوچقار دېگەن يەرگە يېتىپ

كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە موغۇلىستاننى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى.
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان موغۇلىستاننىڭ يىراق جايلىرىغا قېچىپ كەتكەن قىرغىز - قىپچاق ئۇلۇسلىرىغا ئەمىنلىك پەرماننى جاكارلاپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ مۇۋاپىق يايلاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە موغۇللار بىلەن قىرغىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يايلاق ماجىراسىنى كېڭىشىش يولى بىلەن مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، موغۇلىستاننى ئاخىرقى ھېسابتا تىنجىتتى...

نەزمە

سالغىن قۇلاق دانا كىشى — ھۈنەرۋەن،
ئىشنىڭ ئەمەس ئىزلەش ھۈنەر ئەيىبىنى.
گاھى شايى، گاھ بەقەسەم توقۇيسەن،
چۈشۈرسىمۇ گەر پاختىنىڭ نەرخىنى.

— شەيخ سەئىدى

## ئىككىنچى باب

# «كارامىتۇللا كاتىبى»

«ئاڭقاۋ ئەلنىڭ هارامدىن موللىسى بولىدۇ.»

— قازاق خەلق ماقالى

**مىلادى** 1527 ـ يىلى (تۆڭگۈز يىلى) ياز.

شەيخ خوجا ئەهمەت كاسانى ئۆزىنىڭ هەزرىتى سۇلتان مازىرىدىكى هەشەمەتلىك مېهمانخانىسىدا قات ـ قات سېلىنغان قېلىن بىساتلارنىڭ ئۈستىدە شىركەيپ بولۇپ ياتاتتى. ئالدىدىكى كالتە پۇتلۇق شىرە ئۈستىدە سەيخانىسىدىن كۆكۈچ ئىس چىقىرىپ بىقسىپ يېنىپ تۇرغان بىر كۈمۈش چىلىم بىلەن بىر چىراغپاي تۇراتتى. تورۇستىكى ئۈچ قۇلاقلىق قاشتېشى قەندىل ۋە تامدىكى ئويۇقچىلاردىكى ئالتۇن شامدانلارغا تىزىلغان شاملار ئۆچۈرۈۋېتىلگەنىدى. شىرە ئۈستىگە قويۇلغان چىراغپايدىكى لىپ ـ لىپ قىلىپ سۇس يېنىپ تۇرغان جىنچىراغ مېهمانخانا ئىچىگە غۇۋا يورۇقنى سېپىپ تۇراتتى. قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئەلى تاغايى قول قوشتۇرغىنىچە پەگاهتىلا يۈكۈنمەكچى بولۇۋىدى. ئاڭغىچىلىك تۆردە يانپاشلاپ ياتقان شەيخ قىمىرلاپ ئورنىدىن قوزغالدى ۋە: «بېرى كەل!» دەپ ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى.

— خوش ئەمىر، سەئىد موغۇلنىڭ ئوردىسىدا قانداق يېڭىلىقلار بار؟ — دەپ سورىدى شەيخ ئۇنىڭدىن.

مىرزا ئەلى تاغايى: «ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، خاننى سەئىد موغۇل دەۋاتقىنىنى قارا تېخى!» دەپ ئويلاپ، كۆزىنى شەيختىن قاچۇرۇپ بېشىنى سەل پەسكە ئەگدى:

— ئىنشائاللا، خاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئىچى تىنچلىق، ئى ھۆرمەتلىك مەخدۇم ئەزەم!

— تىنچلىق بولسا كۆزۈڭنى نېمىشقا مېنىڭدىن قاچۇرىسەن؟

مىرزا ئەلى تاغايى زورمۇ زور كۈلۈمسىرىدى:

— مەخدۇم ئەزەمنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن مۇرشىدلىرىنىڭ كۆزى قامىشۇر...

— خۇشامەتنى قاملاشتۇرىسەن - دە، كاززاپ ئەمىر! — دېدى شەيخ نەشىدىن مەست بولۇپ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — ۋە لېكىن بىلىپ قويغىنكى ئەمىر، كۆڭلۈڭدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزلىرىڭدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. سەئىد موغۇلنىڭ موغۇلىستان يۇرۇشلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى مېنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ سەئىد موغۇل ئۆزىنىڭ 25 مىڭ لەشكىرى بىلەن 200 مىڭ قىپچاققا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇرۇتلاردىن قالغان يۈز مىڭ قوينى ئولجا ئېلىپ، نائىلاج سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن باشقا موغۇللارنى باشلاپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ھالبۇكى، باشتا موغۇلىستانغا يۇرۇش قىلىشقا مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتى ھەممىدىن بەكرەك قارشى تۇرغانىدى.

مىرزا ئەلى تاغايى بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرمەستىن غودۇڭشىدى:

— خۇدايىتائالانىڭ ئىلتىپاتى شۇ بولسا، بۇنىڭغا نە

چارە؟ . . .

— خۇداغا تىل تەگكۈزگىچە، ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىڭنى تونۇپ، تووا قىل، ھەي كاززاپ ئەمىر! موغۇللارنى موغۇلىستانغا كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن بارلاس، دوغلات ئەمىرلىرىنى موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈرتكەن سەن ئەمەسمۇ؟

— مەن. لېكىن، يالغۇز قىلمىدىم بۇ ئىشنى. . .

— چۈشىنىۋاتىمەن، سەن بۇ ئىشتا بارلاس ئەمىرى ئەلى باتۇرنى باش بولغان دېمەكچىمۇ؟

«ئەستاغپىرۇللا! بۇ مۇساپىر شەيخ مۇددىئايىمنى بىلىپ قالدىمۇ نېمە؟ يارەببى، يائەلھەزەر! كونىلار: ‹شىر بىلەن پادىشاھدىن يىراق تۇرۇش كېرەك!› دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن - دە! مىرزا سەئىد مۇھەممەتتىن قۇتۇلۇپ، مەنسەپ - شۆھرىتىمنى ئاشۇرىمەن دەپ، يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ قىمىرلىغىنىنى سېزىپ تۇرىدىغان بۇ قارا نىيەت ئىشانغا يولۇقتۇممۇ نېمە؟ — دېدى ئىچىدە ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى ۋە تۇساتتىن كاللىسىغا باشقا بىر خىيال كېلىپ سۈر بېسىپ كەتتى، — بۇ سەۋدا ۋە نادامەتلەر بىئەجەل ئۆلگەن ئاشۇ بارلاس ئەمىرى ئەلى باتۇرنىڭ روھ - ئەرۋاھى ئۈچۈن قايتقان جازا ئەمەسمىكىن؟ . . .» بىردىنلا ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ قالدى. . .

* * *

ئەسلىدە، سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تىنچ، ئاسايىشلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى. سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرى

زاماندىن قالغان زالىم سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇزۇل - كېسىل بىكار قىلىپ، «پۈتۈن پۇقرالارنى ئارامغا يەتكۈزۈش»①، «يامانلارنىڭ بىلىنى ئۈشتاپ، بالانى قايتۇرۇش»② ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال مۈلكىي قەشقەرىيىدە: «پۇقرالاردىن ئون يىلغىچە باج - سېلىق ئېلىنمايدۇ» دېگەن مەشھۇر پەرمانىنى جاكارلىغانىدى. بۇ مەشھۇر پەرمانىنىڭ شاراپىتىدە، «دېھقانلارنىڭ سېلىقى يەڭگىللەپ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتتى.»③ مىرزا ئابابەكرى زامانىدىكى ئېغىر زۇلۇم دەستىدىن قەددى پۈكۈلگەن پۇقرالار قەددىنى رۇسلاپ، دېمىنى ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مەملىكەتنىڭ مەئىشىتى پەيدىنپەي كاپالەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. پۇقرالار ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولدى. سۇلتان سەئىدخان «مەملىكەتنى تۈزەپ، مۆمىنچىلىك قىلىۋەتكەنىدى. يۇقىرىسى بەگ بېگات، تۆۋىنى پۇقرايۇ پەقىر، ئەكابىر - ئەشرەبلەرگىچە ھەممە كىشى ئەدەپ - سۈلكەتلىك ئىدى. ئەلدە غەم - قايغۇ يوق ئىدى...»④

بىراق، موغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلكە يەرلىرىگە كىرىپ ئولتۇراقلىششىغا ئەگىشىپ، سەئىدىيە مەملىكىتىدىكى ئاھالە ۋە چارۋىلارنىڭ ئاۋۇشى بىلەن يايلاق - زېمىن يېتىشمەسلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ باردى. بۇ زىددىيەت مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى تېخى ئەمدىلەتىن ئورۇنلىغان سەئىدىيە دۆلىتى ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈپ ئامىل ئىدى. سۇلتان سەئىدخان قىپچاقلارنىڭ قولىدىن پايانسىز موغۇلىستان يايلاقلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قەبىلىلىرى بىلەن بەش يىل ئۇدا ئۇرۇشقان بولسىمۇ

①②③④ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.

ئەمما ئۇنىڭ موغۇلىستان يۇرۇشلىرى ئاخىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. قانلىق ئەمەلىيەت موغۇل ئۇلۇسلىرىدا ئەمدى چىڭگىزخان زامانىسىدىكىدەك مۇلكىي تۇركىستاننى تىترىتىدىغان كۈچ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچۈپ، ئولتۇراقلىشىپ هايات كەچۇرۇشكە ئادەتلىنىش — بۇ موغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ ئالدىدىكى بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، بۇ يولغا ماڭغاندا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە قارىغاندا ئازراق يەر بىلەن كۆپرەك ئاهالىنى باققىلى بولاتتى. بىراق، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ۋە ئولتۇراقلىشىپ هايات كەچۇرۇش ئادىتىنى پەس كۆرىدىغان ئەنئەنە موغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ بۇ يولغا قاراپ مېڭىشقا بەل باغلىشىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق كۆچمەن تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە يول قويمايتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىرلا يول، يەنى سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، باشقىلارنىڭ زېمىنىنى تالان ـ تاراج قىلىش يولىلا قالغانىدى. بۇنداق قىلغاندا، مەملىكەتنىڭ ماددىي مەئىشىتىنىڭ كېمىيىشىنى تولدۇرغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان موغۇل هەربىي ئارىستوكراتىيىسىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قامدىغىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ قەدىمكى چىڭگىز ئەنئەنىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تازا مەدھىيىلەيدىغان باتۇرانە ئىش ئىدى. شۇڭا، سۇلتان سەئىدخان مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدىكى ئاجىز ئەللەرگە كۆز تىكىشكە باشلىدى. . .

* * *

— سەئىد موغۇل كۇپپار ئەللىرىگە لەشكەر تارتىپ بارماقچى

بولۇۋېتىپتۇ. بۇ خۇسۇستا ئەمىر، سىنىڭ پىكرىڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئارىلىقتىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ.

ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنچىقماستىن شەيخنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

— بىزنىڭ كۆڭلىمىز، — دېدى شەيخ تورۇستىكى قەندىلگە قاراپ، — سەئىد موغۇلنىڭ سەلتەنىتىنى خۇددى يىلاندەك چىرمىۋالغان ئۇل ئاچ كۆز موغۇل بەگلىرىنىڭ دەپى - دۇنياغا، شانۇشەۋكەتكە، ھاكىمىيەت - دۆلەتكە ئىشتەي باغلاپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇشقانلىقىنى، بۇ يەردىمۇ خۇددى ماۋرائۇننەھردىكىدەك قانلىق غوۋغىلار ۋە ئۇر - يىقىتلارنىڭ خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرماقتا، شۇڭا...

ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭ نېمە دېيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ داۋاملىق سۈكۈت قىلىپ جىم تۇردى.

— شۇڭا، ھەر قانداق قەدەمنى ياخشى ئويلاپ بېسىش كېرەك، ئەمىرىم، — دەپ پىچىرلىدى شەيخ ئۇنىڭغا، — سەن ئەمدى بۇ سەلتەنەتنىڭ تايانغۇچى ئەڭ چوڭ نىجات يۇلتۇزىسەن. ئۆيلەنمەكچى ئۇچۇن بالاغەتكە يەتمەك زۆرۈر، ئەمما تاج كىيمەك ئۇچۇن بالاغەتكە يەتمەك شەرت ئەمەس. سەلتەنەت ئىشىدا ياش ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىد خان ئۇچۇن ئىش بىلەرمەن، سىياسەتتە تەدبىرلىك، ھەربىي ئىشلاردا پىشقان تەجرىبىلىك بىر يېتەكچى بولسا بولدى. بىراق، ئەمىر سەن ۋەلىئەھدكە مۇشۇنداق يېتەكچى بولۇشنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ قارا، ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئىشنى مەخپىي ھەم پىششىق ماڭغۇزۇۋاتىدۇ. موغۇل ئەمىرلىرى موغۇلىستانغا لەشكەر تارتىپ بېرىشنى قۇۋۋەتلىگەندە، سەن مىرزا باباچاق سۇلتاننى سەئىدىيە قوشۇنلىرىغا ئەمىر كىبىر قىلىشتا چىڭ

تۇردۇق. ئەمما، مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات 14 ياشلىق ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنغا ئەمىر كىبىرلىككە كۆرسىتىپ، ئاسانلا سەئىد موغۇلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشۋالدى؛ هالا بۈگۈن ئۇ يەنە سەئىد موغۇلنى جەنۇبتىكى كۈپپارلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا كۆندۈرۈپ، يەنە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالدى. قارا، پۇرسەت كەلگەندە بىغەملىك قىلىشقا زادىلا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنسەن. شۇڭا، هوشيار بولۇش كېرەك. ئەمىر ساهىب! . . .

ئوردىدىكى تۈرلۈك سىياسىي كۈرەشلەرگە ئارىلىشىپ چېنىقىپ، زاماندىشلىرى تەرىپىدىن «شەيتانلار ئانىسى» دەپ نام ئالغان ئەمىر مىرزا، ئەلى تاغايى هىيلە - مىكىرلەرنى ۋايىغا يەتكۈدەك دەرىجىدە پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئۇ هىيلە ئىشلىتىپ ئوت بىلەن سۇنى بىر - بىرىگە قوشالايدىغان، تىل - ياغلىمچىلىقتا تاشنى مومدەك ئېرىتىۋېتەلەيدىغان ئادەم ئىدى. بۇ ئىشلاردا هەتتاكى پاشا بىلەن پىلنى بىر - بىرىگە جۈپ قىلالايدىغان دەرىجىدە ماهىر ئىدى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنى شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن قىلاتتىكى، بۇ ئىشتا پاشا هەرگىزمۇ ئۆزىنى كىچىك دەپ هېسابلىماس، پىلمۇ ئۆزىنى چوڭ كۆرمەس ئىدى. بىراق، «ئازماس ئاللا» دېگەندەك، ئۇنىڭمۇ ئازىدىغان، قىڭغىر خىياللىرى باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدىغان پەيتلىرىمۇ بولاتتى. بولۇپمۇ، ئۇ باباچاق سۇلتاننى موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ ئەمىر كىبىرلىكىگە تەۋسىيە قىلىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغاندىن بېرى، بىرەر ئىش باشلاشقا پېتىنالماي يۈرەتتى. شۇڭا، شەيخنىڭ باياتىن دېگەنلىرى ئۇنىڭدىكى تەشۋىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا شەيخ خوجا ئەهمەت كاسانى ئۇنىڭ بادام قاپىقى

ئاستىدىكى قىيغاچ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ غەزەپ ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
شۇنداق، تەقدىر ئەزەل دېگەن شۇنداق ئۇستا چاقچاقچىكى، زامانە - زامانىلەردىن بېرى جەمشىد پادىشاھلاردەك تالاي ئادەملەرنى قولىدا ئويۇنچۇقتەك ئوينىتىپ كەلگەن تەقدىر مۇئەككىلى ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىنىمۇ قولىغا ئەنە شۇنداق ئېلىۋالغانىدى. نىھايەت، شەيخ خوجا ئەھمەد كاسانىدەك شەيتان - لەئىنلەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەنە شۇنداق قارا سايە - ۋەسۋەسە ئوتىنى سالغاندىن كېيىن ئۇ بۇنداق دوزاخ ئۇچقۇنىدا يانماي قالارمۇ؟! . . .
— ھوشيار بولۇش كېرەك، ئەمىر ساھىب! — دەپ باشتىكى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى، — ھۇشيار كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەدبىرلىك كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، ھىيلە - تەدبىر بىلەن يولۋاسنى تۇتۇش مۇمكىن، چۇنكى ھىيلە كۈچ - قۇۋۋەتتىن كۈچلۈكرەكتۇر!
— قېنى كۆرىمىزغۇ، سەلتەنەتكە سوزۇلغان قولنى قىلىچ قانداق كېسىدىكەن؟! — دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى، — كىم سەلتەنەتكە ئىگە بولىمەن دېسە، مەيدانغا چىقسۇن!
شەيخ ئۆز سۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئوتقا ياغ چاچقاندەك تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى - يۇ، ئەمما قىلچە چاندۇرمىدى:
— ھەر ھالدا ئالا كۆڭۈللەردىن ئېھتىيات قىلماق لازىمدۇر! چۈنكى ئېھتىيات قىلغان يىقىلمەيدۇ! دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: «كۆڭۈلنىڭ ئالاسى خۇدانىڭ بالاسى.» كۇپرانى نىئمەت سەئىد مۇھەممەت دوغلاتتەك ئالا كۆڭۈللەرنىڭ بوينىغا دوزاخ ئوتى سىرتماق بولغاي ئىلاھىم! . . .
شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ماۋرائۇننەھردىكى تۆمۈرىيلەر

ئارىسىدا سەلتەنەت ئۈچۈن بولغان ھەممە چوڭ - كىچىك كۈرەشلەرنىڭ، پىتنە ۋە ئىسيانلارنىڭ تارىخىدىن ياخشى خەۋەردار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىغا نىيەت - ئەفھالىنى دىلىغا پۇختا يوشۇرۇشنى، ھەر قانداق شارائىتتىمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىشنى بىلىشنى، ھەر قاچان ئېغىر - بېسىق بولۇشنى ئۇزاققىچە چۈشەندۈردى...

— بىراق، سەن پېقىر ئەمەسدۇرسەن، — دېدى شەيخ قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىنى سىيرىپ تۇرۇپ، — چۈنكى ئەمىر ساھىب بولغان كىشى ئاللاتائالانىڭ زېمىندىكى سايىسىدۇر. شۇڭا، «ئەسسە لاتىن زىللاللاھۇ فىل ئەرز» دېگەن ئايەت نازىل بولغان! مانا دىنى ئىسلام يولىدا، پەيغەمبىرىمىز يولىدا قەتئىي تۇرغانلىق سەۋەبلىك، ئىنشائاللا، تەڭرىمىنىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشتىڭ! سەلتەنەتتە ئەمەل - مەنسەپ تۇتۇپ، يەۋمى سائادەتكە يەتتىڭ، جەننەتكە ئوخشاش ئۇلۇغ مەملىكەتكە ئەمىر ساھىب بولدۇڭ. ئەلھال، سۇلۇكىمىزگە قول بېرىپ، بۇل دىيانەتسىز موغۇل ئەمىرلىرىنى ھىدايەتكە تەرغىب قىلىۋاتىسەن!

شەيخ بىر پەس شۈك تۇرۇۋالدى - دە، ئاندىن:

— ھەر ۋاقىت ئېسىڭدە تۇرغايكى! — دەپ قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا پۇلاڭلاتتى، — يابۇل دىيانەتسىز سەئىد موغۇل باشچىلىقىدىكى ئەمىر - بەگلەرنى بىر - بىرلەپ يوق قىلىپ، ھاكىمىيەت تىزگىنىنى بىر يولىلا قولۇڭغا ئالغايسەن، يا ھىدايەت يولىدىن تايغان بۇل بىپەرھىز موغۇل ئەمىرلىرى سېنى تاجۇ - ھوقۇقتىن جۇدا قىلىپ ئۇجۇقتۇرۇر! كالامىم ئايانمۇ، ئى ئەمىر ساھىب؟

ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى يېنىك ئۇھسىنىپ قويدى - دە، كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ دېدىكى:

— ئايان، ئى مەخدۇم ئەزەم پىرى يارەن! مەن سىزدىن ھەر قانداق ئىشنى يوشۇرماسمەن. شەيخ خوجا مۇھەممەت شىرىپ

بۇزرۇكۋار ئاھالىنىڭ سىزنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، قەدىرلىگەنلىكىنى، سىزگە ئېتىقاد، ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى ۋە سىزنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭىز، خانىقا - تۇنەكخانىلاردا قىلغان مەسائىل - مەرۇپلىرىڭىزنىڭ ئۇلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ سۇلتانۇل ئىشانلىق ئورنىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرىمەكتە. سۇلۇكىمىزنىڭ كۇنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان تەسىرىدىن ۋەھىمە يېمەكتە. . .

— بۇنى توغرا سېزىپسەن، ئەمىر ساھىب، — دېدى شەيخ، — چۈنكى، مەرتىۋە - ئورۇن تۇگىمەس - پۈتمەس بايلىقتۇر. شۇنداق ئىكەن، مەرتىۋە ئىگىسى بولغان خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان ئۇنى ھايات - ماماتى، جان - جەھلى ۋە چىش - تىرنىقى بىلەن قوغداشنى بىلىدۇ!

— خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان بىز خىزمەتكارلىرىدىنمۇ گۇمانلانماقتا. ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە سەلتەنەتكە تايىنىپ، سىزنى يوقىتىش، سۇلۇكىمىزنىڭ تەسىرىنى بۇ دىياردىن سىقىپ چىقىرىش، ئەمدىلەتىن تەڭشەلگەن قانات - قۇيرۇقىمىزنى كېسىپ تاشلاش قەستىدە بولماقتا. شۇ ۋەجدىن، يېقىندا ئۇ خانغا سىزنى ئوردىغا چاقىرتىشنى ئىلتىجا قىلدى.

— سەئىد موغۇلنىڭ مېنى ئوردىغا چاقىرتىشتىكى مۇددىئاسى نېمە ئىكەن؟

— سىز بىلەن سۇلتانۇل ئىشاننىڭ بەس - مۇنازىرىسىنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىكەن.

— ئەي ئەمىر ساھىب، — دېدى شەيخ كۆزىنى ئاچماستىن، — بۇنىڭدىن خەۋرىمىز ھەم باردۇر. بىز بۇ دىيارغا سۇلۇك تەۋرىتىمىز، دەپ كەلگەنىكەنمىز، ھەر قانداق قىيىن - مۇشكۇللۇكلەر بىزگە ھەرگىز توسالغۇ بولالماس. ھېلىغۇ بەس - مۇنازىرە ئىكەن. بوينىمىزغا قىلىچ تەڭلەنگەن تەقدىردىمۇ

ئىرادىمىزدىن ھەرگىز قايتمىغايمىز. سۇلۇكىمىزگە مۇرىت بولغان تەقۋا بەندىلەر ئەمدى بۇ دۇنياغا ئالدانماسلىقى، غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەرمەسلىكى بەلكى، ئۆز روھىي كامالىتىگە يېتىش ئۇچۇن تىرىشىشى لازىم. بۇنىڭ ئۇچۇن، خەلىپە - ئىشانلىرىمىز كېچە - كۈندۈز بۇل دەرگاھتا يېتىۋەرمەي، ئەل - يۇرتنى كېزىپ، جاھان ئايلىنىشى كېرەك. ئەۋلىيا - ماشايىخلارنىڭ مازارى مۇبارەك، قەدەم جايلىرىنى تاۋاپ ئەيلەپ، خانىقالارغا قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرى لازىم. ئەمىر ساھىب سەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھەر جۇمە كۈنى جامائەگە بېرىپ خۇتبە ئوقۇغايسەن چۇنكى بارچە مۆمىن مۇرىت - مۇرشىدىلار سېنىڭدەك تەقۋادار مۇسۇلمان سەلتەنەت ساھىبىنى كۆرۈپ شاد بولغاي، دىيانەتسىزلەر، دەھرىيلەر ۋە كاپىرلار بولسا ئادالىتىڭدىن بىنەسىپ بولسۇن، ئىلاھىم تەقەببۇل! . . .

شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى سۆزىنى تۈگىتىپلا دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن ئىككى قولى بىلەن يۈزىنىسىلىدى - دە، ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىغا ئەمدى چىقىپ كەتسەك بولىدۇ، دەپ ئىشارەت قىلدى. . .

* * *

بۈگۈن جۇمە ئىدى. قەشقەر ئەمىرى، ۋەلىئەھد ئەتكەسى، ساھىب ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھېيتگاھ جامائەسىدە خۇتبە ئوقۇماقچى ئىدى. ئەمىر ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى ۋە مەنسەبدارلىرىنى باشلاپ قەشقەر كوچىلىرىدا تاراقلاپ ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەندە، خۇددى ياۋ باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك ھەممە ياق پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى. ئاقسارايدىن ھېيتگاھ مەسچىتىگە باردىغان چوڭ كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا، ھەتتا چاھارسۇ، گۇزەر ئېغىزلىرىنىڭ ئىككى

قاسىنقىدا ئادەملەر سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. دەل مۇشۇ چاغدا تۇمەن دەرياسى تەرەپتىن بىر توپ ئالامان چىقىپ كېلىشتى. بۇ ئالامانىڭ ئالدىدا ئۇچىسىغا قىزىل جۇببە تون، بېشىغا دەرۋىشلىك كۇلاسى كىيگەن بىر مويسىپىت پىيادە كېلىۋاتاتتى. بۇ مويسىپىت — ئاتۇش مەشھەتتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا ئىستىقامەت قىلىپ ياتقان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بىلەن خەلىپىسى مەككە خوجا بويۇنلىرى ساپاقتەك، بەللىرى قورايدەك ئىنچىكە، ئۆسكىلەك بويلۇق يىگىرمە ـ ئوتتۇز سوپىنى باشلاپ شەيخنىڭ كەينىدىن قالماي كېلىشىۋاتقانىدى. ئۇلارغا يەنە ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدىكى پۇتكۇل دەرۋىش، دىۋانە، مۇساپىر، بىكار تەلەپلەرنىڭ ھەممىسى ئەگىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇچىلىرىغا جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن جەندە كىيىشىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋارقىراپ، بەزىلىرى ھۆركىرەپ ۋە بەزىلىرى يىغلاپ، توختىماستىن زىكرى سوقۇپ ماڭاتتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا توختاپ ھەلقە تۇزۇپ، «يائاللا ـ ھەق! يائاللا!» دەپ جەرە سېلىشاتتى!

ئالامانلار مۇشۇنداق دەبدەبە، ئەس ـ ئەسرلەر بىلەن ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشكەندە، شەيخ قولىنى كۆتۈرىۋېدى، غوۋغا كارامەتلەر بىردىنلا تىنجىپ، باياتىن بېرى زىكرى سوقۇپ چۇۋۇلداپ جىم تۇرۇشمايۋاتقان دەرۋىشلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىمتاس بولۇشتى.

ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئېگىز پەشتىقى ئالدىدا شەيخنى قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئەلى تاغايى باشچىلىق پۇتكۇل ئۇلىما ـ ئاقساقاللار ۋە بەگ ـ بېگاتلار قارشى ئېلىشتى. جامەنىڭ كەڭ سەيناسى ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ، بۇ يەرگە ھەر قايسى يۇرت ـ ئايماقلاردىكى مەسچىت ـ خانىقالارنىڭ ئىمام ـ

مەزىنلىرى ۋە بارلىق دىنىي ئۆلىمالارمۇ يىغىلغانىدى. سەينانىڭ بىر بۇلۇڭىدا گادايلار ۋە دەرۋىشلەر، يەنە بىر بۇلۇڭىدا بولسا، يېقىن ئەتراپتىكى يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن پۇقرايۇ - پەقىرلەر سانجاق - سانجاق ئۆرە تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەجدىدە ئولتۇرۇشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى بېشىغا يوغانلىقى قازاندەك ئاپئاق سەللە ئورالغان، ئۇچىسىدىكى زەرباپ ۋە مەخمەل تونلىرىنىڭ تېپىشىغا ئاق يەكتەك چاپان كىيىشكەن دىن پېشىۋالىرى ۋە ئۆلىما - ئاقساقاللار بولغاچقا، كەڭ سەينا گوياكى ئېگىز تاغ باغرىدا ئۈزۈپ يۈرۈشكەن ئاق بۇلۇتلاردەك دولقۇنلىشىپ، ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا قىلاتتى. بۇ چاغدا قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئەلى تاغايى شەيخ ھەزرەتلىرىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ سەجدە قىلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىن جامائەنىڭ ھەيۋەتلىك پەشتاقلىرى ئاستىدىكى ئېگىز تۇۋرۇكلۇك مەر - مەر سۇپىغا باشلاپ باردى. مەر - مەر سۇپا ئۇستىدىكى مۇنبەرگە كىمخاپ تاشلىق «كالامۇللائى شەرىف» ۋە «سىيەر شەرىف»① قويۇلغانىدى. ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى ئېگىز مۇنبەرنىڭ ئۇچىنچى ۋاخنىسى ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققاندىن كېيىن خۇتبە ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ شەرىئەتى مۇستافا، ھەدىس شەرىف ۋە قۇرئانى مەجىتتىكى ئايەت ۋە كەلىمىلەردىن مەسىلە - مەرۇپ قىلىپ ۋەز ئېيتقاندا ۋە مەخدۇم ئەزەم سۇلۇكىنىڭ رەقىبلىرىنى قارغاپ، مۇلكىي ئىسلام قەشقەردە مۇسۇلمان ئاۋات دەۋرى، سائادەتلىك كۈنلەرنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى زىكرى قىلغاندا، مىڭلىغان نامازخان مۇرىت - مۇخلىسلارنىڭ: «ئامىن يا رەببۇلئالەمىن!» دەپ جور بولۇشىدىن ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ ئاسمانغا قەد كۆتۈرگەن گۇمبەزلىرىمۇ لەرزىگە كېلىپ كەتتى. خۇتبىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ

① سىيەر شەرىف - مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى كىتاب.

مەخدۇم ئەزەم دەپ ئاتالغان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئۇچۇن ئۇزاق دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەسچىت سەيناسىنىڭ ئىچىدىكى ئون مىڭ نامازخاننىڭ يەنە بىردەك «ئىلاھا ئامىن» دېيىشىدىن ئېگىز پەشتاقلاردىكى كوۋۇكلىرىدا خاتىرجەم يېتىشقان كەپتەرلەر گۇركىرەپ ئاسمانغا ئۇچۇشتى. ھېيتگاھ مەسچىتى قايتىدىن بىر نۆۋەت لەرزىگە كەلدى...

— ھەق سۇبھانا ۋە تائالا بىزنى كارامەتۇل كاتىبىن مەخدۇم ئەزەملىك دۆلەت سائادەت ئىرشادىغا يەتكۈزدى، — دېدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن نامازخانلارغا مەسىلە مەرۇپ قىلىپ تۇرۇپ، — بۇ ئەمەلكى بىز كىم مەخدۇم ئەزەمدىن زوھۇرغا[1] كېلەدۇر. بىز كىم مەخدۇم ئەزەم دەرىجىسىدىكى بىزدەك زات ئەرشئەلادا ھەقتائالا بىلەن مۇلاقەت قىلغاندا، مۇرىتلىرىنىڭ مۇرادىدىن ئۆزگە ھېچنېمە تىلىمەس. بىز ئاللاغا شۇ قەدەر يېقىنلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنكەنمىزكى، ھېچبىر مەخلۇق ئىلگىرى ياكى كېيىن بىز كىم مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۇچتىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرى ۋە ياكى ئۇندىن كەمرەك بولسىمۇ دۆلەت سائادەتلىك دەرىجىسىگە ھېچقانداق بېرىپ يېتەلىگەن ئەمەس! بىز مانا مۇشۇ دەرىجىگە مۇيەسسەر بولغانمىز. بىز مەخدۇم ئەزەملىك دۆلەت ۋە سائادەت ئىرشادىغا ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا سىز بىچارە ۋە مىسكىنلەرنىڭ كۆڭۈل سۆھبىتىنى ئىختىيار قىلىپ دۇنيا ـ ئالەم سارىغا قايتىپ چۈشتۇق. ئەسلىدە ئاللانىڭ دوستى، مۆمىن مۇرشىد ـ مۇخلىسلارنىڭ ھامىيسى بولغان بىز مەخدۇم ئەزەمئۇچۇن ئۇل ئالىي بارگاھ بۇ جاپالىق ماكانغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇناسىپ ئىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھەقتائالا تالاي بۇزرۇكلەرنىڭ جەسىتىگە بۇ قارا تۇپراقنى مۇناسىپ

---

① زوھۇر — ئەمەلگە ئاشۇرماق.

كۆرمەي، يۈكسەك ئورۇنغا چىقارغانىدى. مۆمىن مۇرشىد ـ مۇخلىسلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ھۇزۇرى بولغان بىزلەرنىڭ پاك ـ مەقبەرىلىرى بىغى بۇ قارا تۇپراقتىن، تېخىمۇ يۇقىرىراق بولغان ئۈچ قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىدە بولۇشقا تېخىمۇ مۇناسىپ ئىدى. چۈنكى، ئۇل ئالىي بارگاھتا جەمئىيى ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئەرۋاھلىرى، ھەممە مالائىكە، ئاسمان ـ زېمىن ياخشى سۈرەت بىلەن كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولۇر ئىدى. ئۇلار خۇشخۇيلۇق بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى ئىزدىشەر ئىدى. بۇ ھەقتائالانىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىزنىڭ مۇستەھكەملىكىنى سىناپ كۆرگىنى ئىكەن. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا زادىلا ئىلتىپات كۆرسەتمىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە مۇرەببى بولدى. ھەر بىرلىرى بىزگە شەپقەتلەر ۋە ئىنايەتلەر كۆرسەتتى. لېكىن بىزنىڭ مۇبارەك ۋە ھەسەدىسىز ۋۇجۇدىمىز سىز دىلى شىكەستىلەردىن ئايرىلىشنى خالىمىدى، چۈنكى قىيامەت كۈنى بۇ ئىسيان كەلكۈنىگە غەرق بولغان، دىللىرى ھەسرەت نادامەت بىلەن تولغان، ئىزتىراپ ـ تەشۋىش ئىچىدە سىز بىچارە مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىن يىراق كەتمەي، رەھمەت ۋە شەپقەت نەزىرىمىز بىلەن سىزلەرگە بېقىشنى زۆرۈر دەپ بىلدۇق[①]...

بۇ چاغدا شەيخنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان مەككە خوجا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ھەقدوست، بالاگەردان نەقشىبەندى پىرىم! — دەپ دوست تارتىۋىدى، نامازخانلار ئارىسىدىكى سوپىلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دوست تارتىشتى. پۈتۈن سەينا مۇرشىد ـ مۇخلىسلارنىڭ «ھەقدوست، بالاگەردان نەقشىبەندى پىرىم!...» دېگەن سادالىرى ئىچىدە زىلزىلىگە كېلىپ تىترەپ

① مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 19 ـ، 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ بەتلەر.

كەتتى.

— بىزگە ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ئىچىدە ئەرشتىن تا فەرشىغىچە[①]، زەررىدىن قەترىغىچە[②] ھېچنېمە مەخپىي ئەمەستۇر، — دېدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز كاساندا[③] سۈلۈك تەۋرەتكىنىمىزدە ھەممە خىش - ئەقىرە بالىرىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ دەستۇرخان ھازىرلاپ ئاش بەرمەككە تەمشەلدى. بىز ئېيتتۇقكى: «ئى ئەقرەبالەر، بىھۇدە رەنج چېكەرسىزلەر. ئەھمەت موغۇل[④] جامائەلەرى بىلەن كېلىپ تالان - تاراج ئەيلەپ، ئۇل ئاشنى يېگەيلەر!» بۇ سۆزۈمدىن خەلقلەر بىزنى مەسخىرە ئەيلەپ، دىۋانىلىككە ھۆكۈم قىلىپ، بىسيار تاپا - تەنىلەر قىلىشتى، بىز ئۈنچىقمىدۇق. تاڭلا ئەتىسى مەشغۇل بولۇپ تۇرىۋىدى، ئەھمەت موغۇل جامائەسى بىلەن بېسىپ كېلىپ مۇسۇلمانلارنى تالان - تاراج قىلىپ، ئاشلىرىنى يېدى. ھەممە خەلق ئۆزلىرىنى قەلئە ئىچىگە ھىمايىگە ئالدى. ئۇل موغۇللار كېلىپ بىزنى ھەر تەرەپتىن ئوق - بوران قىلغان بولسىمۇ كارغا كەلمىدى. بەدىنىمىزگە تەگكەن ئوق خۇددى قۇرام تاشقا تەگكەندەك پارە - پارە بولدى. بۇ كارامەتنى كۆرگەن موغۇللار تەئەججۇپ قىلىپ ئېيتتىكى: «بۇ ساھىردۇر!» ئاخىر بۇل مۇنكىر زالىملار قولىمىزدىن تۇتۇپ سۆرەپ ھاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى - دە، تۆۋەنگە ئىتتىرىۋەتتى. ھاڭنىڭ تېگى پۈتۈنلەي قۇرام تاشلىق ئىكەن. بىزنىڭ تېنىمىز ئۇل قۇرام تاشلارغا تېگىپ، ئۇستىخانلىرىمىز چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەرشتىن پەيغەمبەرلەر ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇستىخانلىرىمىزنى يىغىپ،

---

① فەرشى — يەر يۈزى.
② قەترە — تامچە.
③ كاسان — پەرغانىدىكى يەر ئىسمى، مەخدۇم ئەزەمنىڭ يۇرتى.
④ ئەھمەت موغۇل — سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى، ئۇ شۇ چاغدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ چوڭ خانى ئىدى.

توگمەنگە ئېلىپ كېلىپ سۇدا يۇيۇپ تازىلىدى ۋە ئۇستىخانلىرىمىزنى جايى - جايىغا قويۇپ ۋۇجۇدىمىزنى ئەسلىگە كەلتۇردى. خىش - ئەقرەبالىرىمىز بىزنى ھاڭغا تاشلىغاننى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرۇشقانىكەن، ئۇلار: «ئاتەشپەرەستلەر ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللا ئەلەيھىسسالامنى مەنچاناققا سېلىپ ئوتقا تاشلىغانىدى؛ ھەزرىتى زىكىريا ئەلەيھىسسالامنى ئەررە قويغانىدى؛ ھەزرىتى جىرجىس ئەلەيھىسسالامنى نەچچە مەرتىۋە ئۆلتۈرۈپ قازانغا سېلىپ پىشۇرغانىدى. ئۇل مۇشۇ ئىگىز ھاڭدىن چۈشكىچە چۈل - چۈل بولۇپ كەتتى، ئۇن جېنى بولسىمۇ ئۆلگەندۇ؟» دەپ تۇرۇشقانىكەن.

موغۇللار كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ھاڭنىڭ ئاستىغا ئادەم چۈشۈرۈپ بىزنى ئىزدەتتۇرۇپتۇ. بىراق، تاپالمىغاندىن كېيىن ھېلىقى توگمەنگە كېلىپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ ساق - سالامەت تۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشتى ۋە:

— ۋاھ ئەجەبا، مۇنداق ھاڭغا چۈشۈپ قانداق ساق قالغانسەن؟ ئۇنىڭدىن ئاجايىپراقى شۇكى، بىز توگمەن ئىشىكىگە كەلگەندە، توگمەن ئىچىدىن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ئەمما، توگمەن ئىچىدە سىنىڭدىن بۆلەك كىشى يوققۇ؟ — دېيىشتى، — ئى بۇزرۇك بۇ نېمە سىر - ئەسرادۇر؟

بىز بۇ چاغدا:

— ھەيھات، ھەيھات! ئىلاھى سىرنى ئاشكارا قىلساق، كۇپۇرلۇق بولۇر، — دەپ جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىدۇق.

ئەسلىدە، ئادەملەرنىڭ كېلىۋاتقان تېۋىشنى ئاڭلاپ، ھېلىقى پەيغەمبەرلەر نەزىرىمىزدىن غايىب بولۇشقانىدى. ئاچلىق غالىب كېلىپ كۆزىمىز تورۇسقا چۈشۈۋىدى، بىر نان تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا بىزدە بۇ ناننى ئالغۇدەك ماجال - قۇۋۋەت نېمە ئىش قىلسۇن؟ مىڭ بىر مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن تامغا يامىشىپ چىقىپ ناننى ئېلىپ يېدۇق. ئۇنداق لەززەتلىك ناننى ئەسلا

كۆرمىگەنىدۇق. . .

بۇ كارامەتلەرنى كۆرگەن خىش ـ ئەقرەبالىرىمىز ھەيران بولۇشقىنىدىن بارماقلىرىنى چىشلىشىپ، بىزنى «ئۆيگە ئېلىپ بارساق» دېيىشتى.

بىز: «بىر زەمبىل ئېلىپ كېلىپ، سىلەر يىراق تۇرۇڭلار» دەپ ئېيتتۇق. خىش ـ ئەقرەبالىرىم يىراق تۇردى. بىر چاغدا پەيغەمبەرلەر كېلىپ، بىزنى ئاۋايلاپ زەمبىلگە سالدى. خىش ـ ئەقرابالىرىم بىزنى ئۆيگە ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر مەزگىللەرگىچە تەشۋىش ئىچىدە ئىزتىراپ بولۇپ يۈردۇم. ھەر قېتىم پەيغەمبەرلەر مېنى كۆرگىلى كەلسە، ماڭا ئاندىن ئارام ـ ئاسايىشلىق بولاتتى. بۇ ئاجايىپ كارامەتلىك مۆجىزىلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە تەكرارلىنىپ تۇردى. بىراق، پەردەئى غەپلەتتە قالغان، ھىدايەتكە كۆز يۇمغان بەزىلەر ئىنكاردىن ياناماس ئىدى ۋە بۇ كارامەتلەرگە ئىمان كەلتۈرمەس ئىدى[1]. «نەئۇزۇبىللاھ مىنھا، سۇممۇم بۇكمۇم ئۇمىيۇن فەھۇم لايە ئىقىلۇن.»[2]

— ئى مۆمىنلەر، — دەپ چۇقان كۆتۈردى مەككە خوجا، — ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمنىڭ كارامەتلىرىنى ۋە ئالىي نام ـ نىشانلىرىنى شۇنىڭدىن بىلمەك كېرەككى، بۇ زات ـ ئاللانىڭ كارامەتلىرىنى خاتىرىلىگۈچى ۋە بايان قىلغۇچى كارامىتۇللا كاتىبىندۇر[3]. ھەرنەمۇشكىلاتكى، ئۇل ھەزرەتكە ۋاقىئە بولسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭ خىزمىتىگە دەرھال پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتىپ ئىشلىرىنى ئاسان قىلدى. دەمەدەم ئۇرۇغ ـ قاياشلەرىگە ۋاقىئەنى روشەن قىلىپ ئاشكارىلىدى. ئى

---

① مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 21 ـ، 24 ـ بەتلەر.

② «(كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز ـ نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ.» قۇرئان كەرىم. سۈرە بەقەرە، 171 ـ ئايەت.

③ كارامىتۇللا كاتىبىن — خۇدانىڭ كارامەتلىرىنى خاتىرىلىگۈچى.

رىندىلەر[1]، قىنى سىزلەر؟ بىر مەيپۇرۇشكىزلەر شەھىرىڭىزلەرگە كېلىپتۇ. ۋەھدەت مەرىپەت ھەمخانىلىرىڭىزنىڭ ئىشكى ئوچۇق تۇرۇپتۇ، كېلىڭلار! بۇ مەي مۇھەببەتنى ئىچىپ مەست بولغايسىزلەر!

— ھەقدوست، بالا گەردان نەقشبەندى پىرىم! — دېيىشىپ سوپىلار تۇشمۇ تۇشتىن تەڭلا دوست تارتىشتى.

جامائەنىڭ كەڭ سەيناسى ئىچىدە شەيخ خوجا ئەھمەت كاساننىڭ تەبلىغىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر بۇ ھالەتتىن قاتتىق تەسىرلەنگەندى، شۇڭا:

— مەخدۇم ئەزەمگە، ئۇنىڭ خىش ـ ئەقرەبالىرىغا ئاللانىڭ سالىمى ۋە رەھمەتلىرى ياغسۇن ھەم بەرىكەتلىرى يەتسۇن! — دەپ ئالقىش ياڭراتتى ئۇلارمۇ تەڭلا. — ھەقتائالانىڭ رەھمىتى مەخدۇم ئەزەم پىرى يارەن كارامىتۇللا كاتىبىنغا ھەم نازىل بولغايكى، بىز مۇرىشد ـ مۇخلىسلىرىغا ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولماققا نېسىپ قىلغاي! . . .

* * *

سۇلتان سەئىدخان ئادىتى بويىچە كېچىكىپ ئويغانغانىدى. ئاخشامقى بەزمىدىكى ئىچكىۋازلىقتىن ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ قولىغا چوكىنى ئېلىپ جەزگە ئىككى قېتىم ئاستا ئۇرۇپ قويدى. خابگاھنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، قولىغا لۇڭگە ۋە ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئالغان خىزمەتكار بىلەن دەستارپىچ[2] خاننىڭ ياتاقخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى جانابلىرى ئالدىمغا

---

① رىند — مەئىشەتپەرەست، بىپەرۋا ئادەم.
② دەستارپىچ — خاننىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە مەسئۇل بولغان خادىم.

چاقىرىلسۇن، دەرھال! — خان ئۇلارنى ئاشۇ سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى، — ئۇ يەردە مېنى كىم كۈتۈپ تۇرۇۋېتۇ؟
— ئەمىر كېبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت جانابلىرى خان ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتۇ. بەدەخشاندىن نامە ئالغان ئوخشايدۇ!
— ئۇنداق بولسا ئاۋۋال ئەمىر كېبىر جانابلىرى ئۇدۇل مېنىڭ خابگاھىمغا كەلسۇن، ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى جانابلىرى شاھنىشىندا مېنى كۈتسۇن! — دېدى سۇلتان سەئىدخان چىلاپچىدا قولىنى يۇيۇۋېتىپ.
— قۇللۇق، جانابىي خان ئالىيلىرى! — دەستارپىچە شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن ئەمىر كېبىر، ساھىب ۋەزىر، خاننىڭ تاغىسى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بىلەن بىللە خابگا ئىچىگە كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنى خابگاھدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى خاننىڭ ياتاقخانىسىغا كىرىپ كەتتى.
بىر كەملەردە يۇيۇنۇپ، رەتلىك كىيىنگەن سۇلتان سەئىدخان ياتاقخانا ئىچىدىن چىقىپ كەلدى ۋە تاغىسى، ئەمىر كېبىر سەئىد مۇھەممەت بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.
— بىزگە ھالاقىت بېرىلمىسۇن، — دېدى ئۇ دەستارپىچقا، — چاقىرمىغىچە ھېچكىم كىرگۈزۈلمىسۇن!
دەستارپىچ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ:
— ئەمىرىڭىزگە قۇللۇق سۇلتان ھەزرەتلىرى، — دېگىنىچە كەينىگە شوخشۇپ خابگاھ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى.
— جانابىي ئەمىر كېبىر، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ سەئىد مۇھەممەت دوغلاتقا، — ئايغاقچىلىرىڭىز قانداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ؟
— بەدەخشاندىن مەكتۇپ كەلدى ھەزرىتىم، بابۇر شاھ ھۇمايۇن مىرزىنى دېھلىغا چاقىرتىپ كېتىپتۇ ـ دەك. مانا بۇ

بەدەخشان ئەمىرلىرىدىن سۇلتان ۋەيىسنىڭ جانابىي خان ئالىيلىرىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپى.

سۇلتان سەئىدخان تاغىسى سەئىدمۇھەممەت دوغلات ئۇزاتقان دۆگىلەك يۆگەلگەن قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئىچىپ كۆرۈشكە باشلىدى: «. . . ھۇمايۇن مىرزا ھىندىستانغا كەتتى، — دېيىلگەنىدى سۇلتان ۋەيىسنىڭ بۇ مەكتۇپىدا، — ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا سۇلتان فاتىخ ئەلىنى نايىب قىلىپ قالدۇرغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، بەدەخشاننىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس، خان ھەزرەتلىرى تېز كېلىپ مەملىكەتنىڭ تىزگىنىنى قوللىرىغا ئالغايلا، بولمىسا بەدەخشان مەملىكىتى ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ قولىغا! چۈشۈپ كېتىدۇ. مۇبادا، خان يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بەدەخشان مەملىكىتى ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن تەسەررۇپ قىلىۋېلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مەملىكەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىشىغا خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. بىز خان ھەزرەتلىرىنىڭ ياردىمىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىمىز. جانابىي ئالىيلىرى سىلى بىزنىڭ نىجادىمىز. نىھايەت، مىراسخورلۇق ئۇدۇمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بەدەخشان مەملىكىتى خاننىڭ بۇززۇكۋار ۋالىدەسى شاھ بېگىمنىڭ مىراسى بولۇپ، ئەسلىدىنلا سىلى سۇلتان سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرىغا تالىق زېمىندۇر. بۇ مەملىكەتكە خاندىن باشقا مۇۋاپىق مىراسخور يوقتۇر. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز بەشىنچى يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنى»

سۇلتان سەئىدخاننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى:

— بۇ خەۋەر بىزنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ، — دېدى ئۇ گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا، — بەدەخشاننى تەسەررۇپ قىلىشنى چۈشۈمىزدىمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىش ئىدى.

جانابي ئەمىر كىبىر، سىز مېنىڭ ئوڭ قولۇم، مەملىكەتتە بىز سىزنى ھەممىدىن ـ بەگ ـ بېگات، ئەمىر ۇل ـ ئۇمەرا، ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالاردىن ئۈستۈن قويىمىز، شۇڭا، بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ بېرىش ئىشىنى سىزنىڭ بىر قوللۇق ئورۇندىشىڭىزغا تاپشۇرىمىز!

— پەرمانبەردارمەن پۇشتىپاناھ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قوللۇق بىلدۈردى مىرزا سەئىدمۇھەممەت دوغلات، — بەدەخشان ئەسلىدىلا سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ زېمىنى ئىدى. ئەلھال، ئىگىسى ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ ئالىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى!

— جانابى ئەمىر كىبىر، بەدەخشانغا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنغا كىمنى تۇرشاۋۇل قىلساق بولۇر؟

— ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكى، قۇلىڭىزنىڭ ئۆيىچە تۇرشاۋۇللۇققا مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر تازا مۇۋاپىق كېلۇر. ھەزرىتىمنىڭ باشقىچە ئوي ـ خىيالى بولسا، تاڭ، بىلمىدىم...

بۇ چاغدا ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ، خىزمەتكار پەتنۇستا بىر كوزا مۇسەللەس ۋە پىيالە كۆتۈرۈپ كىردى. لام ـ جىم دېمەستىن كوزىدىن پىيالىغا مۇسەللەستىن قويۇپ خانغا ئىككى قوللاپ سۇندى. خان ئۇنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ مۇسەللەسنى ئىچكەچ:

— ئەمىرىم، سىزگە پەرمايىش بېرۈرمىزكى، بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىش سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ئاشۇرىدىغان ئۇلۇغۋار ئىشتۇر. بۇ ئىش تەخىرسىز ئورۇنلىنىشى كېرەك. بەدەخشانغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر تۇرشاۋۇل بولۇپ تەيىنلەنسۇن! — دېدى.

— پەرمانبەردارمەن، ھەزرىتى پۇشتىپاناھ، سىزنىڭ پەرمانىڭىز بارچە ئەھلى مۆمىنگە ھۆكمى جارىدۇر!

ئەمىر قورۇقدىلىپ قالغان پىيالىغا كوزىدىكى مۇسەللەستىن

لىق قويۇپ، تەۋازۇلۇق بىلەن خانغا سۇندى.
شان ـ شۆھرەتكە ئىنتىلىش ئادىتى، ھەشەمەتلىك، ئەيش — ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى ياخشى كۆرۈش سۇلتان سەئىدخاننى ئىلگىرىكى ياخشىلىق قىلىش ۋە مەملىكەتتە ئادالەتلىك ئورنىتىشقا ئوخشاش ياخشى نىيەتلىرىدىن يىلدىن ـ يىلغا ئارقىغا چېكىندۈرمەكتە ئىدى. خان كۆپىنچە ھاللاردا شىكاردىن ۋە جەڭدىن قايتقاندا، غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بەزمە سورۇنلىرىنى تۈزۈپ، ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەت مۇقامىدا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ كەيپ سۈرەتتى. ئۇ بارغانسېرى ئىچكىۋازلىققا بېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. يۈزلىرىگە قورۇقلار چۈشۈپ، خېلىلا قېرىپ قالغانىدى. خان مۇشۇنداق ناچار ئىشنى باشلاپ بەرگەنلىكتىن، ئوردا ئىچىدىكىلەر ئارىسىدىمۇ كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىش ئىشى ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. «مۇشۇنداق شاھانە بەزمە ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر خەزىنە قۇرۇقدىلىپ تۇراتتى.»[①] . . .

* * *

خان ئەمىر كىبىر، ساھىب ۋەزىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى ئۇزۇتۇپ تۇراتتى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇستازى، سۇلتانۇل ئىشان خوجا مۇھەممەت شىرىپ بۇزرۇكۋار تەكەللۇپسىزلا خابگاھ ئىچىگە كىرىپ كەلدى ۋە:
— بۇل تېجىمەل دەرۋىشلەر ئەۋلىيا ئەزەملىك نامىنى خۇددى بازاردا ياڭاق ساتقاندەك سېتىشىدۇ! — دەپ غۇدۇڭشىدى، — مەن خان ئالىيلىرىدىن ئاللانىڭ نامى بىلەن ھەرىكەت قىلغۇچى مەخدۇم ئەزەمدەك ئالدامچىلارنى ئۆز

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى يازغان «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما) غا قاراڭ.

قىلمىشىغا يارىشا جازالاشنى ئىلتىماس قىلىمەن!
سۇلتان سەئىد خان ئۇستازىنىڭ تېرىككەك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ تاشلاشتىن ئۆزىنى زادىلا تۇتالمىدى:
— ئى ھۆرمەتلىك سۇلتانۇل ئىشان، — دېدى خان كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئالدامچىلىقى تېخى ئىسپات قىلىنغىنى يوققۇ؟
— ئەگەر خانغا كېرەك بولسا مەن ئۇل كاززاپنىڭ ئالدامچىلىق قىلمىشىنى بۇرۇن قانداق پاش قىلغان بولسام، ھېلى ھەم شۇنداق ئېنىقلىق بىلەن پاش قىلىپ بېرىشىم مۇمكىن!
سۇلتان سەئىدخان ئۇستازىنىڭ ئۇچۇق سۆزلۈكلۈكىنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇستازىدىن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يوللىرىنى سوراپ تەلىم ئالماقچى بولدى.
— ئى پىرى بۇزرۇك، — دېدى خان خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، — ئەتە سارايدا دىن پېشىۋالىرى قاتناشقان ئەللامەلەر ئەنجۇمەنى ئۆتكۈزۈلمەكچى، خالىسىڭىز بىز مەخسۇس تېمىدا بەس - مۇنازىرە ئۆتكۈزۈپ بېرەيلۇق. ئۇنى خالىغىنىڭىزچە پاش قىلىشىڭىز مۇمكىن.
— شارائەت تەختىدە ئورۇن تۇتقان شۇنداق ھۆكۈمدارلارمۇ باركى، — دېدى خوجا مۇھەممەت شېرىپ نارازىلىق تەرزدە مۇسەللەس كوزىسىغا قاراپ قويۇپ، — ئۇلار ئۆز ئاجىزلىقلىرى مەلۇم بولۇپ تۇرۇقلۇق، قەدىرسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆزلىرىگە لازىم تۇتۇشقاندۇر. ئى پۇشتىپاناھ، بىلەمسىز؟ پادىشاھ - سۇلتانلار ئۇلۇغ ۋە ئېسىل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن زېمىنغا مەلىكۇل ساھىب قىلىنغان! قادىر ئاللا تۈگىمەس ئىنايەتنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇلارغا بېرىپ، پادىشاھلىق ئىشىكىنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئاچقان. شۇڭا، ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا

سەلللەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللەم مۆجىزىلىك تىلللىرى بىلەن: «ئالللا رازى بولىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار» دېگەن!

— ئى ئۇستاز، — دەپ سورىدى سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن، — مىرزا ئابابەكرى سەلتەنىتىنىڭ زاۋال تېپىشى نېمىنىدۇر؟

— پۇشتىپاناھ، بۇنى ناھايىتى ياخشى سورىدىڭىز! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇستازى، — مىرزا ئابابەكرى شاراپەت تەختىدە ئەللىك يىل ئورۇن تۇتقان، ئۇ ئۆزىنى «ئەسسەلاتىن زىلللەلللاھۇ فىل ئەرز» دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئالللانىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرۈپ، دەھرىيلىككە يۈز تۇتقانلىقتىن ئۇل شاھى شەررىرىنىڭ تەقدىرى ھالاكەتتىن نېرى بولمىدى. مىرزا ئابابەكرى زۇلۇم بابىدا ھەججاج سانى ئىدى. يىراق، ئۇنىڭ ئەللىك يىللىق سەلتەنىتىنىڭ زاۋال تېپىشىدىكى سەۋەبىنى «سىراج - مۇلك» دېگەن كىتابتا دېيىلگەنلەر بويىچە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

— قايسى ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب ئۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان سەئىدخان ئۇستازىدىن.

— بىرىنچىدىن، ئۇ ساھىب دۆلەت بولۇپ تۇرۇقلۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇستازى، — مەملىكەتنىڭ ئەھۋالىدىن غاپىل قالدى؛ ئىككىنچىدىن، رەزىل، رىياكارلارنى ئەتىۋارلاپ، مەنسەپكە كۆپلەپ قويدى؛ ئۈچىنچىدىن، پۇقرائى - پەقىرلەر ئۈستىدىكى زۇلۇم - سىتەمنى زىيادە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

— بۇنىڭغا دەلىل - ئىسپات كۆرسەتكەيسىز؟ — دېدى سۇلتان سەئىدخان تازا قايىل بولماي.

— ۋاقىتكى، پادىشاھ - سۇلتانلار مەملىكەت ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولسا، مەملىكەتتە پىتنە - پاسات تولا بولىدۇ؛ خالايىق نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ غوۋغا -

توپىلاڭلىرىدىن مەملىكەت ۋەيران بولىدۇ. يەنە بىرى، ھىممەتسىز ۋە پەسكەش كىشىلەر ئەتىۋارلانغانلىقتىن، مال ـ دۇنيا يىغماقچى ھېرىسلىق قىلىپ، كىشىلەردىن پارا ـ خىيانەت تەمە قىلىشىدۇ؛ كاتتىلارنىڭ ۋە ئۇلۇغلارنىڭ قەدرىنى قىلىشمايدۇ؛ چوڭلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلىمايدۇ؛ نەتىجىدە، خالايىقنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ، ئامالسىزلىقتىن ئىتتىپاقلاشقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنداقلارنى مەرتىۋىسىدىن قالدۇرۇشنىڭ كويىدا بولۇشىدۇ. شۇڭا، ھەدىستە: «دۆلەت پەسكەشلەر ئەتىۋارلىنىپ، مەنسەپ تۇتقان سەۋەبىدىن زاۋال تاپىدۇ» دېيىلگەن. ئۈچىنچىدىن، ئەمەلدارلار پۇقرالارغا زۇلۇم ـ سىتەم قىلسا، پۇقرالار پادىشاھ ھەققىدە يامان نىيەتلىك بولىدۇ؛ زىرائەت ۋە ئىمارەتتىن كۆڭۈل سوۋۇتىدۇ؛ خەزىنىگە كېلىدىغان كىرىم ئازىيىپ كېتىدۇ. لەشكەرلەرنىڭ مائاشى يېتەرلىك بولمايدۇ؛ خەلق تەخت ـ ساھىبىنىڭ يۆتكىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ـ دە، مەملىكەت مۇشۇ سەۋەبتىن قولدىن چىقىدۇ!

سۇلتان سەئىدخان كۆڭلىدە ئۇستازىنىڭ ئاددىي ئەمما مەنىسى تولىمۇ تىرەن بولغان بۇ بىر نەچچە كەلىمە سۆزىنىڭ سالمىقىنى دەڭسەپ بېقىپ شۇك تۇرۇپ قالدى...

* * *

ئەتىسى، ئارقىسىغا بەش ـ ئالتە مۇرىتنى ئەگەشتۈرۈۋالغان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئاقسارايغا كىرىپ كەلدى. شەيخنىڭ قالغان مۇرىتلىرى ئۇلارنى ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈۋالدى. ئۈچ تەرىپى ھەشەمەتلىك كاشانە ئىمارەتلەر بىلەن ئورالغان ئوردا سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا فونتان ئېتىلىپ تۇرغان بىر مەر ـ مەر كۆلچەك بار ئىدى. كۆلچەكنىڭ قاشتېشىدىن

ياسالغان چاچراتقۇلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان سۇلار گۈلدار چىنە خىش بىلەن قاپلانغان ئېرىقلارغا قۇيۇلۇپ، شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى. شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى فونتاننىڭ قېشىدا ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا، ھودۇقۇپ قېلىپ، پۇتى ئۈزەڭگىدىن چىقماي تۇرۇپ قالدى. مۇھەممەتئىمىن ئىشان بىلەن مەككە خوجا شەيخنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى. بېشىغا ئۈچلۇق دەرۋىشلىك كۇلاھىسى، ئۈچىسىغا مەللە سەقەرلات تون كىيگەن شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى خىزمەتكارلارنىڭ كەينىدىن سارايغا قاراپ ماڭدى. خىزمەتكارلار شەيخنى باشلاپ تاملىرى كۆكۈش كاھىش خىش بىلەن قاپلانغان دەھلىزدىن ئۆتۈپ، سول تەرەپتىكى نەقىشلىك ئىشىكنى ئاچتى ۋە شەيخكە يول بەردى. ئۇ سەل توختىۋېلىپ، قەدىنى رۇسلىدى ـ دە، شاھنىشىن ئىچىگە كىردى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ پەگاھتا توختاپ قالدى. مېھمانلار خوتەن گىلەملىرى بىلەن بېزىتىلگەن قىرىق تۈۋرۈكلۈك چوڭ زالغا توپلانغانىدى. يېرىم ئايلانما قىلىپ قويۇلغان شىرەلەر ئەتراپىغا يىپەك تەكيىلەر تىزىپ قويۇلغانىدى. يېرىم ئايلانما ئېگىز شاھ سۇپىغا كېلىپ تاقىلاتتى. شاھنىشىننىڭ تۆرىدىكى بۇ شاھ سۇپا ھەددىدىن تاشقىرى چىرايلىق ۋە گۈللىرى ئىنتايىن نازۇك گىلەم بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇ گىلەم ئالتە باسقۇچلۇق پەلەمپەينى يېپىپ تۇراتتى. شاھ سۇپا ئۈستىگە ۋالىلداپ تۇرغان تەخت قويۇلغانىدى. ئەنجۇمەن ئەھلى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىنى مانا كېلىدۇ، مانا ھازىر، دەپ كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ تۇراتتى. بىردىنلا شاھنىشىن ئىچىگە شامال كىرگەندەك بولۇپ تويۇلدى. شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى خۇددى مەشھەتتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ خانىقاسىدا يۈرگەندەك چاپسان مېڭىپ كېلىپ، تۆردىكى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان سۇلتان سەئىدخانغا بېشىنى سەل ئېگىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خان ھەزرەتلىرى، — دېدى ئۇ، — تېنىڭ سالامەت، دۈشمەنلىرىڭ بىتاپ ۋە زەبۇن بولسۇن، ئامىن!

شەيخ قىسقا پەتە قىلدى. ئاندىن سارايدىكى يېرىم ئايلانما شىرەنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇشقان دىن پېشىۋالىرى، ۋەزىر - ۋۇزۇرا، ئەمىر ۋەل ئۇمەرالارغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن سەپسېلىپ قاراپ چىقتى.

شاھىنشىنىڭ ئىچى يوپيورۇق بولۇپ، يېرىم ئايلانما قىلىپ قويۇلغان شىرەلەرنىڭ كەينىدە بىردەك زەرباپ تونلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئاق شايى چاپان كىيىشكەن، باشلىرىغا سىمابتەك ئاپئاق سەللە ئورىغان دىن پېشىۋالىرى، ئەللامە - ئۆلىمالار ۋە موغۇلچە ئاددىي كىيىنىشكەن ھەربىي - مۇلكىي مەنسەپدارلار تىك ئولتۇرۇشقانىدى. مەخدۇم ئەزىم - شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ كۆزى ئۇلارغا چۈشۈشى بىلەن تەڭلا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىراپ تېنەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لېكىن، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئورنىدىن تۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە دەرھال ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ قېلىشتى.

— جانابىي خان ئالىيلىرىنىڭ بىزدەك بىر ناتىۋان مۇساپىر دەرۋىشنى پايتەختتىكى دىن پېشىۋالىرى ۋە ۋەزىر - ۋۇزۇرا، ئەمىر - ئۇمەرالار يىغىلغان ئۇل ئەنجۇمەنگە چاقىرىشتىكى مەقسەت نەئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەتەي «سۇلتان» دېگەن سۆزنى قوشماي.

سۇلتان سەئىدخان مەخدۇم ئەزەمنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئەمىر ساھىب مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتقا قاراپ قويدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئەمىر كىبىر، ساھىب ۋەزىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئۆزۈن

ئەمما قۇۋۋەتلىك بارماقلىرى بىلەن گويا پەرداز قىلىنغاندەك پارقىراپ تۇرغان قويۇق ماش گۇرۇچ ساقىلىنى سىلاپ:
— ئاڭلىساق، سىز سۇلۇك تەۋرىتىش نامى بىلەن پۇقرالارنى ئۆزىڭىزگە رام قىلىپ يۇرگۇدەكسىز ئىمىش، — دېدى ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ، — سىز نېمىشقا مازارى شەرىفتە تەكبىر ئېيتىپ، تەڭرىگە ھەمدۇ سانا ئوقۇپ ياتماي ئورنىغا سەلتەنەتنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشىغا قول تىقىسىز؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايى بىردىنلا ئۆڭگەن، قانداقتۇر سىرى پاش بولۇپ قېلىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئادەمدەك بولۇپ كەتكەن مەخدۇم ئەزەم خۇددى تىكەنگە ئولتۇرۇۋالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ غەزەپ ۋە ھاياجاندىن ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىدا، قاتتىق تىترىگەن لەۋلىرىدە ناھايىتى تېزلا سوغۇق بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى ۋە:
— ئى ئەمىر ساھىب، خاتالاشتىڭىز، — دەپ دەرھال مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەردى، — سەلتەنەتنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقماسلىق ـ سۇلۇكىمىزنىڭ تۈپ مەقسىدىدۇر. شۇڭا، بىز بۇ دىيارغا قەدەم باسقاندىن بۇيان، دۇنيانىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ئۆزىمىزنى تارتىپ كەلمەكتىمىز. چۈنكى، بۇ دۇنيا نۇرلۇق ھەم قاباھەتلىك، چۆل ھەم ئاۋات. ئۇ گويا ئويۇنچىلارنىڭ تۇتۇرۇقسىز خىيالىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان كىشىلەردىن نادامەتتىن باشقا ھوسۇل چىقمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، پېقىرنى يەنە قانداقچىسىگە سەلتەنەت ئىشلىرىغا قول تىقىپتىك، دەپ ئەيىبلىگۇدەكسىز؟
ئەنجۇمەن ئەھلى ئىچىدە گۇدۇڭلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
— سىزنىڭ خەلپە ـ ئىشانلىرىڭىزنىڭ پۇقرالارغا زاكات ـ پىتىر سېلىق سالغانلىقى سەلتەنەت ئىشىغا قول

تنقانلىق بولماي نېمە؟

— بىز پەقەت مۇرتەدلەردىن ئىمان سىلىقى ئالدۇق. بۇ سۇلۇكىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى، سەلتەنەتىڭىزنىڭ ئىشى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق!

— ھەي گۇناھكار شەيخ، — دېدى باياتىن بېرى جىم ئولتۇرغان سۇلتانۇل ئىشان خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار، — بەندىسىنىڭ قايسىبىرى مۇرتەد، قايسىسى بىر ئىمانى كامىل مۇسۇلمان، بۇ پەقەت قادىر ئاللاغا ئاياندۇر. تەڭرىتائالانىڭ بەندىلىرىنى مۇرتەد دېيىش گۇناھ ئەزىم ئەمەسمۇ؟

— ھەي تەكەببۇر بەندە، — دەپ خىتاب قىلدى مەخدۇم ئەزەم ئىككى يېنىغا تۇكۇرۇپ تۇرۇپ، — بۇل زېمىندا تەۋپىق - ئىنساپ كۆتۈرۈلگەن، بىزنىڭ ماۋرائۇننەھردىن بۇل زېمىنغا كېلىپ سۇلۇك تەۋرىتىشىمىزدىكى مەقسەتمۇ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، تەرىقەتتىن چىققان مۇرتەدلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئىدى. شۇڭا، ئاللاغا شەك كەلتۈرگەن، پىرغا قول بەرمىگەن، بىزدىن دۇئا ئالمىغان مۇرتەدلەرنى مۇرتەد دېمەك گۇناھ ئەمەس، چوڭ ساۋاپتۇر. ھەي غاپىل، بىزنىڭ سۇلۇكىمىزگە ئاللا شاھىد...

— ھە، ئاللا شاھىد! — دېدى ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات دەررۇ، — ۋە لېكىن قۇرئاندا: «ۋە خەيرىھى ۋە شەرىھى مىن ئاللاھى تائاللا»[1] دېيىلگەنغۇ؟ ھەممىسى ئاللادىن ئىكەنمۇ، يۇقرادا يەنە نېمە گۇناھ بار؟

— قۇرئانى مەجىتتىن ۋەز ئېيتقۇچە، توۋا قىلساڭ ياخشى بولارمىكىن ئى مۇرتەد موغۇل! — دەپ خىتاب قىلدى مەخدۇم ئەزەم. ئۇنىڭ غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى، — چۈنكى، «ئەسسە ۋابۇ بىفەزلىھى ۋەل - ئۇ قابۇ بىئەدلىھى

---

① «ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسى ئاللادىن»

ۋەلەيدۇ جىببۇ ئەلەيھى شەيئون»[1]... ئاللانىڭ بەندىسىگە قەرزى يوقتۇر!

— ئى تەقۋادارلار، ئى مۆمىنلەر، — دەپ ۋارقىرىدى مەككە خوجا بوينىنى سوزۇپ تۇرۇپ، — ھەزرىتى سەئىدىل مەخدۇم ئەزەم پىرىمىزنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، سۈلۈك يولىنى مەقبۇل ئەتكەنلەر ھەر قانچە گۇناھى - كەبىرگە پاتقان بولسىمۇ، گۇناھلىرى پۈتۈنلەي ساقىت بولۇر. چۈنكى ھەزرىتى پىرىم ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. بىر مۆمىن ئاللاغا، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، دىنى ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىنى ئورۇنلىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر سەئىدىل پىريارەن مەخدۇم ئەزەم ۋەلىيۇللادىن دۇئا ئېلىپ، ئۇنىڭغا قول بەرمەيدىكەن، زاكات - پىتىر بەرمەيدىكەن، ئىمان ييىغلاش ئۈچۈن ئىمان سىلىقى تۆلىمەيدىكەن، ئۇ گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان دۇئا - ئىبادەتلىرى مەقبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەم پىرىمىز ئاللانىڭ مۆجىزە - كارامەتلىرىنى خاتىرىلىگۈچى كارامىتۇللا كاتىبىندۇر، مۆمىن مۇسۇلمانلار بىلەن جاھىل نامۇسۇلمانلارنى جەننەت بىلەن دوزاخقا ئايرىغۇچى كەلىمە، ھۇللادۇر! كىمكى ئۇل زاتنىڭ پىر ئەزەملىك مەۋقەسىدىن گۇمانلىنىدىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ!...

مەككە خوجا تېخى گېپىنى تۈگىتىپ بولمايلا، دىن ئۆلىمالار ۋە ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى كۆپلىگەن ئادەملەر «گۇر» قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. لېكىن، سۇلتانول ئىشان خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار غەزەپلىك ئاۋازى بىلەن ۋاڭ - چۇڭنى بېسىقتۇردى:

— ئى بەتبەخت خوجا، — دېدى ئۇ مەككە خوجىغا قولىنى

---

① «ساۋاب- ئاللانىڭ پەزلى- كەرەمى، ئازاب - ئوقۇبەت - ئاللانىڭ ئادالىتى...»

شىلتىپ تۇرۇپ، — بالاھى ئەلەم بىساۋاپ! كىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ، كىم ئۇچرىمايدۇ، بۇنى يالغۇز تەڭرىتائالا بىلىدۇ! بىلەمسەن، قۇرئان كەرىمدە: «‹ئى مۆمىنلەر!› بىلىڭلەركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرەبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر...»① دېگەن ئايەت نېمىگە نازىل قىلىنغان؟

— نېمىگە نازىل قىلىنغاندۇر؟

— بۇ ئايەتنىڭ روھىدا خۇدا يولىدا ئىزدەپ يۈرۈپ، زاكات، سەدىقە، پىتىر ھېسابىدا دۇئا قىلدۇرۇش - دۇئا ئېلىش ھالال، ئىزلىنىپ، دۇئا قىلىپ قېپىنىش يەنى دۇئاغا زورلاپ كىشىلەردىن نەپ ئېلىش ھارام ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان ھەمدە دۇئادا ئالغان ئولجا - نەرسىلەرنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى جامائەتنىڭ خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا، قالغىنىنى ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلەرگە، نامرات بىچارىلەرگە، مۇساپىرلارغا ئاتىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. شۇنداق ئىكەن، سەنلەردەك پاسىق، جاھىل، نادان، بىلىمسىز، بەتقىلىق، سوغ نەپەس، ھىيلىگەر، زىيانكەش، تەمەخور، سۇخەنچى، ئېتىقادى سۇس، كەسپى ئالدامچى، سۇيىقەستچى، تىرىكتاپ، ئۇششۇق، نامۇسۇلمان ۋە نائەھلى مۇسۇلماندىن دۇئا ئېلىش، ساۋابلىق كۆتۈش ئاللانىڭ ئالدىدا كەچۈرگىسىز گۇناھ ھېسابلانمامدۇ، تۇفى!

— ئى مۇرتەد تارت تىلىڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى باياتىن ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرغان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان، — ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمگە تىل تەگكۈزگۈچى بولما، دوزىخى بولۇرسەن! دۇئاغا زورلاپ

① قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەنفال، 41 - ئايەت، 183- بەت.

كىشىلەردىن نەپ ئالغۇچىلارنىڭ پىرى دەل سىنىڭ بوۋاڭ خوجا ئەھرار تۆرە ئىدى. ئۇ «مەن ئەۋلىيا» دەپ، پادىشاھلارغا ھۆكۈمىنى ئۆتكۈزۈپ، ناھايىتى زور بايلىققا ئىگە بولغانلىقىدىن بىزنىڭ ئۇبدان خەۋىرىمىز بار. سەن ماۋرائۇننەھردىن قوغلانغاندىن كېيىن سەئىدىيە مەملىكىتىگە سۇلتانۇل ئىشان بولۇپ يۈرسەنغۇ؟ سەنمۇ نەپسىڭگە بېرىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئالتۇن - كۈمۈش توپلىدىڭغۇ؟ بىلەمسەن، سەئىدىل مەخدۇم ئەزەم ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىن بەندىلەرگە پىريارەن بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋەلىيسىدۇر! شۇڭا، ھەر بىر دۆلەتمەن ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمدىن دۇئا ئاچقۇچىنى قولغا ئالسا، ئىجابەت ئىشىكى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يۈزىگە ئېچىلۇر!...

— ئى ناكەس خواجا، بىلەمسەن؟ — دېدى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار غەزەپ بىلەن ئۇنى سۆكۈپ تۇرۇپ، — دۇئا قىلماق ئىككى غەرەزدىن خالىي ئەمەستۇر! خاھى پادىشاھلار بولسۇن خاھى رەئىيەت بولسۇن، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىگە لازىم تۇتماي ئىلاجى يوق!

— بۇ قايسى ئىككى ئىشتۇر؟

— بۇنىڭ بىرى، — دېدى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار مەخدۇم ئەزەمگە مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراپ تۇرۇپ، — مەنپەئەت ھاسىل قىلماق ئۈچۈندۇر. يەنى بۇ مەنپەئەتلەرنى شىكەستلىك ۋە زارلىق بىلەن تەڭرىتائالادىن تىلىمەك كېرەك. شۇنىڭدىلا ھۆرمەت تەختىدە پاراغەت بىلەن قارار تاپار؛ دۇئانىڭ يەنە بىر مەقسىتى ھىيلە - تەنناز بىلەن زىيان - زەخمەت يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت! بىراق، ئۇمۇ ئاجىزانە ئىلتىجا ۋە تىلەكسىز مۇيەسسەر بولماس! شۇڭا، خاھى پادىشاھ بولسۇن ۋە ياكى رەئىيە - پۇقرا بولسۇن، ئېتىقادى پاك بولۇپ، كۆڭلى ھەقتائالاغا مايىل بولسا، ھەر قاچانكى ئۆزى ئۈچۈن ۋە ياكى

رەئىيە ـ پۇقرا ئۇچۇن دۇئا قىلسا، ئەلۋەتتە ئەجابەت ئىشىكىنى ئاچماقنىڭ شەرىپىگە نائىل بولالايدۇ. نىھايەت، سەنلەرگە ئوخشاش پاسىق، جاھىل، بىلىمسىز، ھىيلىگەر، زىيانكەش، تەمەخور نائەھلى مۇسۇلماندىن ئالغان دۇئا ئاللا ئالدىدا قانچىلىك مەقبۇل بولۇر؟!

— ئى ئازغۇن بەندە تەۋبە قىل، سەندىن كۇپۇرلۇق كەتمىگەي! — دېگىنىچە مەخدۇم ئەزەم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بىز ئاللا يولىدا كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت بىلەن مەشغۇلدۇرمىز! ئاللانىڭ دەرگاھىدا مۇخلىسلىرىمىزنىڭ نىجاتلىقىدىن ئۆزگە ھېچبىر تۆھپە ـ مۇكاپاتنى كۆزگە ئىلماسمىز ھەم بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلاردىن بىرەر سائەت تۇگۇل بىرەر دەقىقىمۇ يىراق بولماقنى ئۆزىمىزگە راۋا كۆرمەسمىز. بىز مۇبارەك ئاللاغا يېقىنلاشقاندا، مۇرىتلىرىمىزنىڭ مۇرادىدىن ئۆزگە ھېچنەرسە تىلىمەسمىز. بىز ئاللاغا شۇ قەدەر يېقىنلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتۇقكى، ھېچبىر ئىنسان ئىلگىرى ـ كېيىن بۇ شەرەپنىڭ ياكى ئۇچتىن بىرى، ياكى تۆتتىن بىرى ۋە ياكى ئونىڭدىن كەمرەك بولسىمۇ ئاشۇنداق شەرەپ دەرىجىسىگە مۇيەسسەر بولالمىدى. بىز شۇل دەرىجىدە سائادەت ۋە دۆلەتكە ئېرىشكەن بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا بىچارە ۋە مىسكىنلەرنى ساۋابقا باشلاشنى ئىختىيار قىلىپ، پىسقى ـ فوجۇر قاپلىغان بۇل گۇناھلىق زېمىنغا كەلدۇق ھەمدە بۇل ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنى ئۆزىمىزگە مۇناسىپ كۆردۇق. چۇنكى، بۇ قارا تۇپراق ئاستىدا ياتقان پاك زات — ئالەم ئەھلىنىڭ شاھىنشاھى، ئىززەت ۋە سائادەتنىڭ يەكتا گۆھىرى، يۈكسەك مەرتىۋىلىك پادىشاھلارنىڭ پارلاق يۇلتۇزى، دىن ۋە دۆلەت ئەھلىلىرىنى كۆتۈرگەن، مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ چېھرىسىگە رونەقلىك بەرگەن كىشىدۇر!...

* * *

سۇلتان سەئىدخان بەس - مۇنازىرىگە يول قويۇپ، ئۆزى ھەممىنىڭ سۆزىگە ئاستىرتىن قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. مۇساپىر شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ بىر - بىرىدىن دەبدەبىلىك ھەم قورقۇنچلۇق مەسىلە - مەرۇپلىرى ئۆزىراپ كەتكەندىن كېيىن، خاننىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ساھىب ۋەزىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ھەممىنى جىمىتتى.

سۇلتان سەئىدخان سۆز قىلىشقا باشلىغاندا، ئەنجۇمەن ئەھلى ئۇنىڭ سالماق ئېيتىلىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇشتى. بولۇپمۇ، مەخدۇم ئەزەم — خوجا ئەھمەت كاسانى خاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇددى سېھىرلەنگەن ئادەمدەك قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. سۇلتان سەئىدخان پەرغانىدىكى نەقشىبەندى خوجىلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن شاھزادىگە پىر - ئۇستاز بولۇۋېلىشىپ، ماۋرائۇننەھر سەلتەنىتىگە قول تىققانلىقى، ئىنساپنى، ئىماننى ئۇنتۇغانلىقى، ئەل - ئولۇس ئىچىدە تەپرىقاچىلىق قىلىشىپ، مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزغانلىقىغا يەنە بىر مۇنچە مىساللارنى كەلتۇردى - دە، ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دىنى ئىسلامغا باغلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز مۇلكىي قەشقەرىيىدە مىرزا ئابابەكرىنى تەختتىن جۇدا قىلدۇق. بۇ ئىشنى ئىسلام يولىدا قىلدۇق، بىلەمسىز خوجا ئەھمەت كاسانى! — دېدى ئۇ، — بىز مۇلكىي قەشقەرىيىنى تەسەررۇپ قىلالىغانلىقىمىز ھەممىدىن ئاۋۋال ھەدىسىنى مۇقەددەس، شەرىئەتى مۇستافانى دەستۇر، ئاللا تائالانى ھەق بىلگەنلىكىمىزدىن بولغان! مىرزا ئابابەكرى سەلتەنەتى يەتتە باشلىق ئەجدىھادەك زور ۋە كۈچلۈك ئىدى. بۇ سەلتەنەت لەكمىك، لەكمىك كىشىلەرنى دەم تارتىپ يۇتۇۋەتكەن. ئەمما،

بىزنىڭ ئىمانىمىز پاك، نىيىتىمىز دۇرۇس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللا تائالا بىزنىڭ مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىدەك ئاشۇنداق زور ئەمما كۈچلۈك ئەجدىھانى يوقىتىشىمىزغا مەدەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بەردى. ئەلھال، بىز يەنە ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە جەنۇبتىكى كۆپپار ئەللىرى ئۈستىدىن غازات قىلىشتەك مۇقەددەس يولغا مېڭىشقا ھازىرلانماقتىمىز[1] . . .

سۇلتان سەئىدخان جەنۇبتا بەدەخشان ۋە كەشمىر قاتارلىق ئەللەرنى، غەربتە پۈتكۈل موغۇلىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇدرەتلىك سەئىدىيە دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشقا ئىنتىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ مەقسەتكە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىخلاس ۋە ئېتىقادىنىمۇ قازىنىشقا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ھەممىسىنى بىر يولباشچى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشتا ـ دىنىنىڭ كاتتا رولىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتكەندى. بۇ ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق سىياسىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلىگەن خۇلاسىسى ئىدى. ئۇ دىنىنىڭ ھەم سەلتەنەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىمۇ بولالايدىغانلىقىنى، ھەم سەلتەنەتنىڭ ئابرۇيىنىمۇ تۆكەلەيدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە ئىدى.

مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى نەقەدەر چوڭ بىر ئۇتۇق ئىكەنلىكىنى شاھىتشىندا ئولتۇرۇشقانلار گويا ئەمدى ئەستايىدىل ھېس قىلىشتى. ئۇلار بۇ زەپەرنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا بولسا، سۇلتان سەئىدخاننى گويا خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن خەلىپەئى رەھماندەك ھېس قىلىشتى. بولمىسا، يەتتە باشلىق ئەجدىھادەك زور ۋە قۇدرەتلىك مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى شۇنچە تېز ۋە شۇنچە تەلتۆكۈس يوقاتقىلى بولاتتىمۇ؟

---

[1] مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قوليازما.

ئەمىر كىبىر، ساھىب ۋەزىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— ياشىسۇن خەلىفەئى رەھمان، سۇلتان سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرى تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن! — دەپ ئالقىش ياڭراتتى.

سۇلتانۇل ئىشان خوجا مۇھەممەت شىرىپ بۇزرۇكۋارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمىر ئىسلامغا ھاياتلىق سۈيىنى ئىچكەن خىزىرنىڭ ئۆمرىنى بەرسۇن! — دەپ چاۋاك چالدى.

— سۇلتان سەئىدخان، دۇنيا تۈگىگىچە مەڭگۈ ھايات تۇرسۇن!

بارلىق ئەنجۇمەن ئەھلى سۇلتان سەئىدخانغا ئالقىش ياڭرىتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندىن كېيىن مەخدۇم ئەزەم ۋە مەككە خوجا، خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا مەجبۇربولۇشتى. بىراق، ئۇلار تىرىك مۇردىدەك تەستە ئۆرە تۇرۇشاتتى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ قول ئىشارىتى بىلەن گۈلدۈراس ئالقىشلار توختىدى. ئەنجۇمەن ئەھلى جايىغا قايتىدىن ئولتۇرۇشتى.

— بىز سىزلەردەك تىجىمەل خوجىلارنى سەئىدىيە مەملىكىتىدە تەپرىقاتچىلىق ئۇرۇقىنى تېرىغانلىقىڭىزلار ئۈچۈن ھەم مۇرتەدلىك بىلەن بىدئەت يولىنى تۇتۇپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن ئۈستۈن قويۇشقا ئۇرۇنغانلىقىڭىزلار ئۈچۈن ھەر قانداق ئېغىر جازاغا تارتساق ئەرزىيتتى. بىراق، ئىنساپ ۋە ئىماننىڭ قانچىلىك بولۇشىنى سىزلەرگە يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويايلى، — دېدى سۇلتان سەئىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

باياتىن ئۆلۈمنى بويۇنلىرىغا ئېلىپ جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئولتۇرۇشقان مەخدۇم ئەزەم بىلەن مەككە خوجا ۋە مۇھەممەتئىمىن ئىشانلار ئەمدى بىردىنلا ئېگىلىپ خانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى.

— جانابىي خوجا ئەھمەت كاسانى مال ۋە دۇنياغا بېرىلىپ، ئىنساپ، دىيانەتنى ئۇنتۇغان، — دېدى سۇلتان سەئىدخان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — شۇڭا، ئىماننى پاكلاش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمەگە — ئىككى ھەرەمنى تاۋاپ قىلىشقا سەپەر قىلسۇن. ساھىب ۋەزىر، قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئەلى تاغايى جانابلىرى بۇلارنى يولغا سېلىشقا مەسئۇل بولسۇن!

— پەرمەنبەردارمەن جانابىي خان ئالىيلىرى! — دەپ دەرھال قۇللۇق بىلدۈردى ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى ئورنىدىن تۇرۇپ.

بۇ چاغدا سۇلتان سەئىدخان:

— جانابلار سىلەرگە ئىجازەت! — دېدى ۋە ئەنجۇمەن ئەھلىنىڭ : «خۇدا ئۆمرىڭىزنى بەرسۇن، خان ھەزرەتلىرى! دۈشمەنلىرىڭىز زەبۇن، سەلتەنىتىڭىز ئۇزۇن بولسۇن!» دېگەن ئالقىش ساداسى ئىچىدە شاھ سۇپىدىن چۈشۈپ شاھنىشنىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى...

*　　*　　*

مىلادى 1532ــ يىلى، مىزان ئايلىرى. شور دۆڭدىكى① خانقانىڭ ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق ئىدى. شۇ جاينىڭ ئۆزىگە يارىشا ھەشەمەتلىك كاشانە ئىمارەت ھېسابلىنىدىغان بۇ خانقانىڭ قىلىن تاملىرى يازدا ئىسسىق ئۆتكۈزمىسە، قىشتا

① مەكىت ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى، ھازىرقى نامى شىھىددۆڭ، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆينىڭ هارارىتىنى ساقلايتتى.

ياز چىقىپ كېتەي دەپ قالغىنىغا قارىماي، چىڭقى چۈش مەھەلدىكى كۈن نۇرى ئەتراپنى قاتتىق ئىسسىتىۋەتكەنىدى. خانىقانىڭ كەڭرى سەيناسىغا تەكشى سۇ سېپىلگەن بولغاچقا، هويلىنىڭ ئىچى سالقىن، ئارامبەخش ئىدى. سەينانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق سۈيى جانغا راھەت بېغىشلايدىغان سۆرۈن شامال چىقىپ تۇراتتى. ئېرىق بويلاپ قويۇلغان كاتتا قارىياغاچ، كاداڭ تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرى سەلكىندە يەڭگىل شىلدىرلاپ تۇراتتى.

خانىقانىڭ ئىچىدىكى سۇپا ئۈستىدە بېشىغا ئۈچلۈق دەرۋىشلىك تەقيىسى كىيگەن، كىيىم - كېچەكلىرى ئاددىي بىر مويسىپىت بىر توپ ئادەمگە مەسىلە - مەرۇپ قىلماقتا ئىدى.

— . . . مەخدۇم ئەزەمدىن نەسھەت - تەلىم ئالغان كىشى، — دەۋاتاتتى ھېلىقى مويسىپىت، — سائادەتمەندۇر. «مەخدۇم ئەزەم» دەپ قانداق ئادەمنى ئېيتىدۇ؟ «خىلافەتنامە» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، مەخدۇم ئەزەم بولغان كىشى — سەيىدزادىلەردىن بولۇپ، ئۆزى شەۋكەتلىك، ھۆكۈمى ھېكمەتكە مۇۋاپىق بولغان، جاھانسازلىق قائىدىلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئەمەلگە ئاشۇرغان كىشىدۇر. مەخدۇم ئەزەمنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالغان، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئاڭلاپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن، يامان ئەمەللەردىن پەرھىز قىلغان مۇرىت سائادەتمەن مۇرىت ھېسابلىنىدۇر. ياخشى سۆھبەت ئادەمگە كۆپ مەنپەئەت بېرۇر، چۈنكى، ياخشى سۆھبەت — ئەتتار مەسەللىكتۇر. گەرچە كىشى ئۇنى ئالمىسىمۇ، قېشىدا ئولتۇرغان كىشى خۇشبۇي ھىدىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ يامان سۆھبەت ئادەمگە زىيان بولۇر، چۈنكى يامان سۆھبەت — تۆمۈرچى مەسەللىكتۇر، گەرچە، تۆمۈرچىنىڭ دوكىنىدا تۇرغان كىشى تۆمۈرچىنىڭ ئوتىدا كۆيمىسىمۇ ئەمما

تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىدىن چىققان ئوتىنىڭ دۇت ـ تۇمانلىرىدا دىماغى پەرىشان بولۇر. شۇڭا، مۇرىت ـ مۇرشىدلار بىز ـ مەخدۇم ئەزەمنىڭ سۆھبىتىگە مايىل بولمىقىڭىزلار لازىمدۇر!

— ئى پىر ـ يارەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى مەسلە مەرۇپ ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ بىرى، — سىز دەۋاتقان مەخدۇم ئەزەم يېغىنچى بولۇتتىنمۇ سېخىراقمىدۇ؟

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى مويسىپىت قىلچە دۇدۇقلىماستىن، — مەخدۇم ئەزەمنىڭ سېخىيلىقى يېغىنچى بولۇتتىنمۇ زىيادىرەكتۇر! بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، يېغىنچى بولۇتتىن سىلەرگە يېتىدىغان مەنپەئەت يىغا ـ زار بىلەن بولىدۇ؛ مەخدۇم ئەزەم مۇرىتلىرىغا ھەر نەرسە بەرسە خۇشاللىق بىلەن ئاتا قىلۇر! مەسىلەن، ھەزرىتى سەئىد پىرىم مېنى يول بويىدىكى بىر پارچە ئېتىزغا قوغۇن تېرىشقا ئەمىر قىلدى. قوغۇن پىشقاندىن كېيىن مەن يول بويىغا ئىككى قوغۇننى كاسە قىلىپ پىچىپ ۋە يەنە ئىككى قوغۇننى پۈتۈن قويۇپ قويدۇم. ھەر قېتىم يولۇچى ئۆتسە، مەن ئۇنىڭغا: «بۇ كاسە قىلىنغان قوغۇننى يەڭ، بۇ ئىككى قوغۇننى ئالغاچ كېتىڭ!» دەيتتىم. ھەر ھەپتىدە سەئىد پىرىم بىر نۆۋەت تالىپلىرىنى ئېلىپ قوغۇن يەپ كېتەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەڭ ياخشى قوغۇنلارنى كەلتۈرۈر ئىدىم. ھەزرىتى سەئىد پىرىم قوغۇنلارنى يەپ بولغاندىن كېيىن: «يا رەببەلئىباد، ئۇمىد تۇتارمەنكى، دەرگاھىڭدىن تاقىيام قىيامەتكىچە بۇ نىسبەت شەرىفنى ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن خالى قىلمىغايسەن!» دەپ دۇئا قىلاتتى...

ئۆزىنى «بۇزرۇكلەرنىڭ مەخدۇم ئەزەمى» دەپ ئاتىۋالغان بۇ مويسىپىت بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم مەشھەتتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا ئىستىقامەت قىلغان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئون يىل ئىلگىرىكى ھەشەمەتلىك سۇر ـ ھەيۋىتى قالمىغان بولۇپ، پىقىر، گاداي دەرۋىشكە ئايلىنىپ

قالغانىدى. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ كۈن بويى يەيدىغىنى سىڭىپ پىشقان بىر پارچە كاۋا بىلەن قېتىپ كۆكىرىپ كەتكەن پوچۇق زاغرا ئىدى. ئۇ ئورۇقلاپ قالغانىدى. بۆزدىن تىكىلگەن دەرۋىشلىك چاپىنى ئۇنىڭ جىۋەك بەدىنىگە چوڭ كېلىپ قالغانىدى. قارا كۆزلىرىنىڭ قارىشى ئويچان ھەم چوڭقۇر مەنىلىك ئىدى. ئەمما، بەزىدە مەسلە - مەرۇپ قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆزى چاقناپ كېتەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوردىسىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق بەس - مۇنازىرىدە يېڭىلىپ، سەئىدىيە مەملىكىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولسىمۇ ئەمما يەنە قېچىپ كېلىپ، مەككە، يوپۇرغا، پەيزىۋات، مارالۋېشى قاتارلىق چەت - ياقا جايلاردا ئات - جۇننى ئۆزگەرتىپ، يوشۇرۇن سۇلۇك تەۋرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ مەزگىللەردە سۇلتان سەئىدخان ئەمىر كىبىر، ساھىب ۋەزىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بىلەن بىللە لەشكەر باشلاپ، جەنۇبتىكى تىبەت، كەشمىر قاتارلىق ئەللەرگە يۈرۈش قىلىپ كەتكەنىدى. سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى تەقىبى ئىلگىرىكىدىن خېلى خوپلا بوشاپ قالغانىدى.

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق.

مويسىپىت مۇخلىسلىرىغا مەسىلە - مەرۇپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا تالادىن بىرى خانىقا ئىچىگە تېز كىرىپ كەلدى - دە:

— ئى پىر مەخدۇم ئەزەم، ئىش بولمىدى! — دەپ ھېلىقى مويسىپىتنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — مۇھەممەت شېرىپ ئىشان سوپىلىرىنى باشلاپ ئۇدۇل شور دۆڭگە باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ!...

مەخدۇم ئەزەم ئەندىككەندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— تېزدىن جاۋانمەرد سوپىلارنى ئېلىپ، ئۇل ئىبلىس ئىشاننى توسقايسىز! — دېدى ئۇنىڭغا، — مۇبادا، بۇ خانىقانى ئىگىلىۋالسا، بىزلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەدەم جايىمىز بولغان ئۇل شوردۆڭمۇ قولدىن كېتىدۇ ـ دە، سىز ـ بىزنىڭ مەكىت ئەتراپلىرىدا پۇت تىرەپ تۇرالمىقىمىز تەسكە توختايدۇ. بۇ سىزگە ئېنىقمۇ ئى مەككە خوجا؟

— خۇددى بەش قولدەك ئېنىقتۇر، ھۆرمەتلىك مەخدۇم ئەزەم، خىزمەتكار سوپىلارنى ئاللىقاچان تەييار قىلىپ بولغانمەن، قاراڭ! — دېدى مەككە خوجا قولى بىلەن تالانى كۆرسىتىپ.

بۇ چاغدا بىرەر يۈزدەك قوراللىق سوپى خانىقا ئالدىدا سەپراس ـ چەپراس پولۇپ تۇرۇشقانىدى. مەخدۇم ئەزەم ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن مەسىلە ـ مەرۇپ ئاڭلاۋاتقان مۇخلىسلىرى بىلەن كارى بولماستىن دەرھال خانىقا ئالدىغا چىقتى.

— ئى مۇخلىسلىرىم، سىلەر بۇ يەردىن چىقساڭلارلا، يولۇڭلاردا بىر دەرياغا دۇچ كېلىۇرسىلەر. كىمكى چاڭقاشنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ سۇ ئىچمىسە ياكى بىر يۇتۇملا سۇ ئىچىپ كېلىنى نەمدىسە، مەن ئۇنىڭدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولغايمەن! — دېدى ئۇ قوراللىق سوپىلارنى كۆرۈپ.

كۆرۈنۈشتە مەخدۇم ئەزەم تولىمۇ خاتىرجەمدەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ سوپىلىرىنىڭ ئىسسىق قايىنىغان جەزىرىدىن چاڭقاپ چىقىپلا دەرياغا ئۆزلىرىنى تاشلىشىدىن ياكى سۇنى جىق ئىچىۋېتىپ، كۆچىنى خورىتىپ قويۇپ، مۇھەممەت شېرىپ تەرەپدارلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

مەككە خوجا ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيمىگەن، يېنىغا شەمشەر ئاسمىغان، ھەتتا بېشىغا دۇبۇلغىمۇ كىيمىگەنىدى. قولىغا پەقەت سوپىلىق سوتىسىنىلا ئېلىۋالغانىدى.

بۇ چاغدا قالغان خەلپە - ئىشانلار:

— ھازىر ئارىدا خۇسۇمەت تۇرۇپتۇ. بىرىش ئاقىللىق ئەمەس. بەلكى، خاتالىقتا سەۋەب بولغۇسىدۇر، — دېيىشتى.

ئەمما، مەككە خوجا ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. بەلكى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۇمىد - ھۆكۈمىگە بويسۇنۇشنى ھەممىدىن مۇھىم دەپ بىلدى.

— سوتا نېمىگە يارايدۇ، — دېدى مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئۇنىڭغا، — ئۇ يەر شەمشەر بىلەن ئوقيا ئىشلىتىدىغان جاي! . . .

— مەخدۇم ئەزەم پىر - يارەن بىزلەرنى خۇددى پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك ساقلاپ كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭغا مەككە خوجا، — مۇھەممەت شېرىپ ئىشان دېگەن ياۋۇز ئەبلەخ مەيلى قانچىلىك ھىيلىگەر بولسۇن، مەخدۇم ئەزەم پىر - يارەنىمىزنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركاتىدا بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ!

مەككە خوجا مەخدۇم ئەزەمدىن دۇئا پەتە ئالغاندىن كېيىن خىزمەتكار سوپىلىرىنى باشلاپ مۇھەممەت شېرىپ ئىشان بىلەن تۇتۇشۇشقا قاراپ ماڭدى. . .

نەزمە

رازىلىقىڭ زاھىد، رەدتىن بەتەرراق،
ھەممە ئىشىڭ بەددۇر، بەدتىن بەترەك.
كاپىرسەن، نېمىشقا: «مۇسۇلمان» دەيسەن.
سەندەك مۆمىن، بىل، مۇرتەدتىن بەتەرراق.

— پۇرياۋەلى

# ئۈچىنچى باب

# پايپېتەك خوجىلار

قوينى ئۆزىنىڭ يوڭىدىن يىپ ئېشىپ باغلاش كېرەك.

— ئۇيغۇر خەلق ئەقلىيە سۆزلىرى

**مىلادى** 1530 - يىلى (يولۋاس يىلى) ئەتىياز.

دارۇلسەلتەنەت يەكەندىكى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوردىسى — ئاقسارايغا بارلىق ئەمىر - بەگلەر، نايىبلار، ۋىلايەتلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە دۆلەت ئەركانلىرى يىغىلغانىدى. سەئىدىيە قوشۇنلىرى بەدەخشان، بولۇرستان، جورجان ئەللىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئېرىشكەن ئولجا ئالتۇنلار، خېنىي يەرلەردىن ئېلىنغان دارامەتلەر، شەھەر - قىشلاقلاردىكى زاكاتچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق خەلقتىن يىغىۋېلىنغان ئالتۇن - كۈمۈش، تەڭگىلەر تەخت ئالدىدىكى زىلچا - گىلەم ئۈستىگە خامانەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆمرىدە بۇنداق مول ئولجا، ئاۋۇن ئالتۇن - كۈمۈش تەڭگىلەرنى كۆرۈپمۇ باقمىغان بەزى موغۇل بەگلىرىنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى.

سۇلتان سەئىدخان ئەمىر - بەگلىرىنىڭ تەزىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا، ئەمىركەبىر، مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات شاھىنشىن ئالدىغا چىقتى — دە، خانغا تەزىم قىلدى:

— پۇشتىپاناھ، بىز بەدەخشان، بولۇرىستان ۋە جورجان ئەللىرىگە قىلغان يۈرۈشلىرىمىزدىن قازانغان ئولجىلارنى جۇملىدىن بۇ يۈرۈشلەردىكى چاغلىرىمىزدا، زاكاتچىلىرىمىز پۈتۈن قەشقەرىيە مەملىكىتىنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىن يىغىپ قويغان مانا بۇ بىر يىللىق دۆلەت دارامىتىنى سىزگە تاپشۇرۇشقا ئىجازەت بەرگەيسىز.

كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئاچقۇزمايدىغان دەرىجىدە يالتىراپ تۇرغان بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر ھەر بىر دېھقان، ھۈنەرۋەن ۋە يات ئەل ئاھالىسىدىن قانچىلىك زورلۇق - زومبۇلۇقلار ھېسابىغا ئۇ ئۇندۇرۇپ ئېلىنىدىكىن؟ بىراق، بۇ موغۇل ئەمىر - بەگلىرى بولسا قاتار تۆگىگە[1] يۈك بولغۇدەك مۇنچىۋالا كۆپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە ئاچ كۆزلەرچە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنى سۇلتان سەئىدخان ئۈچۈن ئىنائەت كەمىرىنى بويىنىغا سېلىشقا زورلىغان نەرسە سۇلتان سەئىدخانىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ سۇرىدىن كۆرە ئۇنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ئىدى. شاھىنشىن ئوتتۇرىسىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان ئالتۇن - كۈمۈش خامىنى بۇ ئاچ كۆز ئەمىر - بەگلەرگە چاقماق تېزلىكىدە تەسىر قىلدى. كونىلار: «مېلى بارنىڭ جېنى بار» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە! شۇڭا، باياتىن بەزى ئەمىر - بەگلەرنىڭ ياراتماسلىق نەزىرىدە چاقنىغان كۆزلىرىدە مانا ئەمدى ئىنائەت، ھەتتا، ئەيمىنىش جىلۋىسى ئەكس ئېتىۋاتاتتى.

بۇ موغۇل بەگلىرى ئادەت بويىچە تەخت ساھىبىدىن ئىنئام

[1] قاتار تۆگە — 12 تۆگىدىن تەشكىل قىلىنغان بىر تۆگە كارۋىنى.

ئېلىپ ئۆگىنىپ قىلىشقانىدى. شۇڭا ئۇلار «بۇ ئالتۇن خامىنىدىن بىزگىمۇ بىر ئۇلۇش تېگىپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە ئىدى.

بەدەشقان قۇرۇپ ئۆزىنى كەينىگە تاشلاپ تەختكە يۆلەنگىنىچە ئولتۇرغان سۇلتان سەئىدخان شاھىنشىندىكىلەرگە تەكشى قاراپ چىقتى.

يۈزلىرى تولۇق كەلگەن، قىلىن قارا ساقاللىق ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىرايىدا بىر خىل كۈلكە، ياق، بىر خىل مۇغەمبەرلىك كۈلكىسى جىلۋىلىنىۋاتقانىدى. سۇلتان سەئىدخان بولۇرستان بىلەن بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ كەلگەندە، خەلققە يېڭى سېلىقلارنى سېلىش پىكرى ۋەلىئەھد ئەتكەسى، ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايدىن چىققانىدى. ئەمما، ئوردىدا ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ تەسىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتقانىدى. ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىنىڭ ئوردا ئىشلىرىدىن ناھايىتى ئېنىق چەتلىتىلگەنلىكىنى كۈچلۈك سەزمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوردىدىكى بەزى ھوقۇقلۇق شەخسلەرنى پۇلغا سېتىۋېلىش ۋە خۇشامەتچىلىك ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ سەئىدخان ئالدىدىكى تەسىرىنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى. «ماڭا، پەقەت ماڭىلا سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشقا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئەگەر مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا تاپشۇرۇلىدىغان بولسا، بۇنداق ئالتۇن ـ كۈمۈش خامىنىدىن بىرنى ئەمەس، ئوننى ياسىغان بولاتتىم!...» ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھۆرمەتلىك مەرتىۋىسىگە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتقا بولغان ئىشەنچىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندىلا ئاندىن ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئويىغا بىردىن بىرى دەھشەتلىك بولغان

پىكىرلەر ھېلىدىن ـ ھېلىغا كەلمەكتە ئىدى. . . .
ئاقسۇ نايىبى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى سۇلتان ئىمىن خوجىنىڭ تېكە ساقاللىق ياداڭغۇ يۈزىدە نەپرەتلىك كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنىۋاتاتتى. سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭ قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان نەمەنگانلىق نەقشبەندىيىچى تېجىمەل ئىشان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ شەيخكە قول بېرىپ مۇرىت بولغانىدى. سۇلتان سەئىدخان بۇ شەيخ خوجا ئەھمەت كاساننىڭ مەكىت، دولان، ئاۋات، ئاقسۇ ئەتراپلىرىدا يوشۇرۇن خۇدايى سۈلۈك تەۋرىتىپ، كىشىلەرنى نەقشبەندى جاھالىتىگە دالالەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇزاقتىن بېرى كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەنە ئاۋۇ موغۇل ئەمىرىنىڭ مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىك ئۇرغۇپ تۇرغان ئىككى كۆزىدىن ئاچ كۆزلۈك شولا چىچىپ تۇراتتى . . . بۇ ئەمىر — بەگلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىردىن يالىڭاچلانغان قىلىچ ئىكەنلىكىدىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوبدان خەۋىرى بار ئىدى. بۇ قىلىچ بىلەن سەلتەنەتكە قول سوزغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالغىلى بولاتتى. بىراق، سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، بۇ قىلىچ ئۆزىنىڭمۇ كاللىسىنى كېسىشكە تەييار ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى!

— جانابىي خەزىنە ئىمارەت[1]، — دېدى سۇلتان سەئىدخان تەخت ئۈستىدىن سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ، — چوڭ ئاياغلاردىن بىرىنى ئالتۇنغا، يەنە بىرىنى كۈمۈشكە لىق تولدۇرۇڭ ـ دە، ئوڭ دائىرە بويىچە شاھنىشىننى ئايلاندۇرۇپ چىقىڭ. ھەر بىر ئەمىر بەگ ئاشۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردىن ئوڭ سىقىمىغا سىغقۇچە ئالتۇن، سول سىقىمىغا سىغقۇچە كۈمۈش ئالسۇن!

خاننىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، شاھنىشىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى

---

① خەزىنە ئىمارەت — سۇلتان سەئىدخاننىڭ مالىيە ۋەزىرى.

بىردىنلا جانلىنىپ، خۇرسەنچىلىك قىلىشتى. شاھىنشىنىڭ ئىچى گۇرۇلدەپ كەتتى.

خەزىنە ئىمارەت دەرھال قۇللۇق بىلدۈردى:

— ئەمىرىڭىز بەجا كەلتۈرۈلگەي، پۇشتىپاناھ! ئۇ مۇلازىملارغا دەرھال ئىككى يوغان ئاياق كەلتۈرۈشنى ئىشارەت قىلدى.

شاھىنشىننى تولدۇرۇپ ئۆرە تۇرۇشقان ئەمىر ئۇل ـ ئۇمەرا، بەگۇ ـ بىگاتلار ئاياقلاردا لىق ئۇسۇلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش تەڭگىلەرنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئەركانلىق دەرىجىلىرىنى ئۇنتۇپ قىلىشتى ـ دە، سۇلتان سەئىدخان ئىنئام قىلغان ئاياقلاردىكى تەڭگىلەرگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن چاڭگال سىلىشتى. ئاندىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىنئامىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ خانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى.

سۇلتان سەئىدخان رەئىيەتكە قولىنى كۆتۈردى. باياتىن تۈگمەندەك گۇرۇلدەۋاتقان شاھىنشىننىڭ ئىچى بىردىنلا جىمىپ چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك تىمتاس بولۇپ كەتتى.

سۇلتان سەئىدخان تەختى ئۇستىدىن قوپۇپ شاھسۇپا ئالدىغا كەلدى ۋە:

— بىز زالىم مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن يۇرت، ئايماقلارنى قايتىدىن ئاۋاتلاشتۇردۇق، — دېدى ۋەزىنلىك سۆزلەپ، — سەھرالاردا قانچىلىك ھوسۇلسىز يەرلەر بولسۇن، ھەممىسىگە ھاياتلىق بېرىلدى. ئۇ يەرلەرگە ئۆستەڭلەر چېپىلىپ، سۇ كەلتۈرۈلدى، قەدىمكى چىن ماچىن① زېمىنىدىكى ۋە ئاقسۇ ۋادىسىدىكى پايانسىز سەھرالارغا ئاھالە يۆتكەپ كېلىنىپ، يېڭىدىن يۇرت ـ ئايماقلار ئەھيا قىلىنىدى.

— گەپلىرىڭىز بەرھەق، ئى پۇشتىپاناھ، — دېدى ئەمىر

---

① ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى قەدىمكى چاغلاردا چىن ماچىن دەپ ئاتالغانىدى.

مىرزا ئەلى تاغايى سۇلتان سەئىدخانغا خۇشامەت قىلىپ تۇرۇپ، — مەملىكەتنىڭ ھەربىي ئۇستۇنلۇكى ھازىر تېخىمۇ ئاشتى. ئەتراپتىكى كۇپپارلار ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئوردا - قەسىرلىرىنى تۇزلەپ، ئورنىغا ئۇلاغلىرىمىز ئۇچۇن ئارپا تېرىدۇق.

— لېكىن، ھەربىي ئۇستۇنلۇك، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەكەللۇپسىزلا بۆلۇپ تاشلىدى ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات، — پۇلغا ياللانغان قوشۇن خۇددى تاغ كەلكۇنىگە ئوخشاش كېلىشى تېز بولسىمۇ، يەنە شۇ تاغ كەلكۇنىگە ئوخشاش تارىلىپ تۇگىشىمۇ تېز بولىدۇ. بىراق، مەنىۋى ئۇستۇنلۇك خۇددى ئەزىم دەريادەك، تاغ باغرىدىن قايناپ چىققان بۇلاقلاردىن، ئاق قارا، كۆك مۇزلۇق ئېگىز تاغلاردىكى قار سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن يىغىلىپ كۆپىيىدۇ. ئىشىنىمەنكى، سەلدەك ۋاقىتلىق ھەربىي ئۇستۇنلۇككە قارىغاندا، مەنىۋى ئۇستۇنلۇكنىڭ ئۆمرى ئاشۇ ئەزىم دەريادەك ئۇزۇن بولغۇسىدۇر.

— ھۆرمەتلىك ئەمىر كېبىر، ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭىز، — دېدى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزۇرۇكۋار مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — شۇڭا، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىغان كىشى ئۆزىدىكى مەنىۋى ئۇستۇنلۇكنى ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئۇستىگە قۇرۇشى لازىمدۇر...

— ئى ھۆرمەتلىك ئۇستاز، ئۇل ئىنسانىي پەزىلەتلەر قايسى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، — دەپ سورىدى سۇلتان سەئىدخان ئۇستازنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

— ئىنسانىي پەزىلەتلەر مۇنۇ يەتتە جەھەتتىكى پەزىلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، ياخشىلىققا مۇھەببەت؛ ئىككىنچىسى، ئىنسانغا مۇرۇۋۋەت؛ ئۇچىنچىسى، ھەق يولدىكى

باھادىرلىق. چۈنكى، ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭمۇ باتۇرى بولىدۇ. بىراق، كىشىلەر پەقەت ھالال ئىش قىلىدىغان كىشىنىڭ باتۇرلۇقىنىلا پەزىلەت، دەپ ھېسابلايدۇ؛ تۆتىنچىسى، ئادەمگە كۈچ ـ قۇدرەت بەرگۈچى ئىلىم ـ مەرىپەت؛ بەشىنچىسى، سۆز ـ ھەرىكەتتىكى سەممىيەت؛ ئالتىنچىسى، خۇلق ـ مىجەزدىكى ئىنساپ ـ دىيانەت؛ يەتتىنچىسى، ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان مەنىۋىيەت.

سۇلتان سەئىدخان ئۇستازىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ بېشىنى ئىرغىتتى. ئاندىن شاھ سۇپىدىن چۈشۈپ ئەئيانلىرى ئارىسىدىكى ئاتاقلىق ھەكىم نۇرىددىن ئابدۇۋاھىت زوھۇرىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھەزرىتى ھەكىم جانابلىرى، قېنى سىلى جاۋاب بەرسىلەچۇ، تېببىي ئىلمىدە ئادەملەرگە تېز يۇقىدىغان تائۇن كېسەللىكى[1] نەچچە خىل بولۇر؟

جۇغى كىچىك نۇرىددىن ئابدۇۋاھىت زوھۇرى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ خانغا تەزىم قىلدى، ئاندىن:

— كەرەملىك سۇلتان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، تائۇن كېسەللىكى تومۇ، تەپ قاتارلىق ئادەتتىكى كېسەللىكلەردىن تارتىپ تاكى قىزىل، ئۆرە كېزىككە قەدەر بولغان بىر تالاي مۇرەككەپ، داۋاسىز كېسەللىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەمما، — سۇلتان سەئىدخان ھەكىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلىدى، — بىر خىل يۇقۇملۇق تائۇن كېسەللىكى باركى، ئۇنى تىۋىپ ـ ھەكىملەردىن بىلىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس!

— ... ؟

ئوردا ئەھلى تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى.

---

① تائۇن كېسەللىكى — يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

سۇلتان سەئىدخان پۈتۈن شاھىنشىندىكىلەرگە تەكشى نەزەر سېلىپ چىقتى. ئاندىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— «جاھالەت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تائۇن كېسەللىكى باردۇر، — دېدى ئۇ، — بۇنداق كېسەل ئادەملەردىكى «نادانلىق» تىن يۇقىدۇ. ئۇ كۆز ئارقىلىق، قۇلاق ئارقىلىق ئۆتتۈر يۈرەككە كىرىپ ئورنىشىدۇ ـ دە، شۇ يەردە ئۈۋىلاپ، شۇ يەردە تۇخۇم چىقىرىپ كۆپىيىدۇ. ئادەمگە «جاھالەت» كېسىلى يۇقتىمۇ، بەس، بولدى، دەرھال يامانلىشىپ، شۆھرەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق كېسىلىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغان ئادەم مەنمەنچىلىككە، داغۋازلىققا، ھەشەمەتچىلىككە، قارانىيەتلىككە بېرىلىش كويىغا چۈشىدۇ. بۇ كېسەل ئەرلەردە بولسا، تەمەخورلۇق، ھەسەتخورلۇقتىن باشلىنىپ، كۆڭلى قارىلىق، ئىچى تارلىق، ئىككى نان تاپسا، بىرىدە داپ چېلىش، ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ بەختىگە قارا ساناش، سۇيىقەست ئىشلىتىشكە قەدەر راۋاجلىنىدۇ؛ ئاياللاردا بولسا، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلماسلىق، تۆر تالىشىش، زەللە ئېلىشتىن باشلىنىپ، بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئېتىبارسىز قاراش، تەننازلىق قىلىش، ئۆز مەئىشىتىگە كۆيۈنمەسلىك، ھالال جۈپتىگە خىيانەت قىلىشقا قەدەر راۋاجلىنىدۇ. جاھالەت كېسەللىكىنى ئۆزىگە يوقتۇرۇۋالغان ھەر قانداق ئادەم مەڭگۈ قانائەتلەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان تۈرلۈك بەتنىيەتلىك ئوتىدا پۇچىلىنىپ ئازابلىنىدۇ ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاچ كۆزلۈك ئوتىدا لاۋۇلداپ يانىدۇ. مەسىلەن، زالىم مىرزا ئابابەكرى مانا شۇنداق ئادەم مەسەللىكتۇر. مىرزا ئابابەكرىگە جاھالەتتىن پەتىۋا بەرگەن خوراسانلىق خوجا قۇتبىددىن ئىشانمۇ ئەنە شۇنداق ئادەم مەسەللىكتۇر!...

*          *          *

سۇلتان سەئىدخان بۇ يەردە تىلغا ئالغان خوراسانلىق خوجا قۇتبىددىن ئىشان مىرزا ئابابەكرى زامانىدا مۇلكىي قەشقەرىيىگە كېلىپ، زەرەپشان، خالاستان ۋادىسىدىكى يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت قاتارلىق جايلاردا نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنى تارقاتقان مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئىدى. ئۇ يامان غەرەز، پىسقى ـ ئىغۋا، چېقىمچىلىق، ئادالەتسىزلىكنىڭ ئۇۋىسى بولغان مىرزا ئابابەكرى ئوردىسىدا ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشىپ، سۇلتانۇل ئىشانلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغانىدى. نەقشىبەندى سۇلۇكىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئارقا تېرىكى، جاھالەت ھامىيسى بولغان مىرزا ئابابەكرى ئىنتايىن زالىم خان ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شۇنداق زالىملاشقانكى،. ئۇيغۇر خەلقىنى ئەبەدىلئەبەد جاھالەتتە ساقلاش ئۈچۈن، ئاھالىنىڭ بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا بېرىشىنى قاتتىق چەكلىگەنىدى. بۇ جاھالەت تەدبىرىنى تولۇق ئاساسلارغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نەقشىبەندىيە سۇلۇكىدىكى پىرى خوجا قۇتبىددىن ئىشاندىن:

— ئى بابائى بۇزرۇكۋار، — دەپ سورىدى، — بىر يۇرتتىن بىر تۇركۇم ئادەملەر يەنە بىر يۇرتقا بېرىپ، پىتنە ـ پاساتقا سەۋەبچى بولسا، ھۆكۇمدارنىڭ بۇنداق بېرىپ ـ كېلىشىنى مەنئى قىلىشى دۇرۇسمۇ ـ يوق؟ بۇنىڭ پەتىۋاسى قانداق بولۇر ئىكىن؟

— ئى پادشاھى ئەزەم، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا قۇتبىددىن ئىشان خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن، — بۇنداق بېرىپ ـ كېلىش پىتنە ـ پاساتقا سەۋەبچى بولىدىغان بولسا، ئۇنى مەنئى قىلماق دۇرۇست بولۇر! . . .

بۇ پەتىۋاغا ئاساسەن، مىرزا ئابابەكرى پەرمان جاكارلاپ، كىشلەرنىڭ بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا بېرىشىنى چەكلىدى ۋە «سىلەرنى مەنئى قىلىمەن» دەپ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ

ئادەمنىڭ پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ تاشلىدى.

كېيىن بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ زوراۋانلىقىنى غەزەپ بىلەن سۆكسە، ئۇ تېخى: «مەن ئادەملەرنى ئۆلتۈرمىدىم، پەقەت شەرىئەت بويىچە پۇتىنى كەستىم» دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى. بىراق، پۇتى تىزىدىن كېسىپ تاشلانغان بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىشتى[1] . . .

— تولىمۇ ئەپسۇسكى، ھاياتتا بۇنداق پەزىلەتنى تولۇق تاپقىلى بولماس! — دېدى ئەمىرمىرزا ئەلى تاغايى كۆرەڭلەپ تۇرۇپ، — چۈنكى، چۈشكە ئوخشايدىغان بۇ ھاياتتا ياخشى بىلەن يامان، ھەق بىلەن ناھەق، توغرا بىلەن ئەگرى، ھالال بىلەن ھارام، شەرىئەت بىلەن بىدئەت . . . بەك ئارىلىشىپ كەتكەن. ئادەملەر ئەلمىساقتىن بۇيان، ياخشىنى ياماندىن، ھەقنى ناھەقتىن، توغرىنى ئەگرىدىن، ھالالنى ھارامدىن، شەرىئەتنى بىدئەتتىن ئازماي ئايرىش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. بىراق، بۇنداق يولنى تا ھازىرغا قەدەر تاپالىغىنى يوق!

— ھۆرمەتلىك ئەمىر ۋەلى ئۇمەرا، — دېدى ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات دەرھال، — مۇبادا، بۇ يول قەغەز يۈزىدىكى سىزىقلاردەك مۇقىم تۇرغان بولسا، ئادەمزات ئۇلارنى ئاللىقاچان تاپقان بولاتتى. بىراق، سىز ئېيتىۋاتقان ياخشى بىلەن يامان، ھەق بىلەن ناھەق، توغرا بىلەن ئەگرى، ھالال بىلەن ھارام، شەرىئەت بىلەن بىدئەت خۇددى دەريا سۈيىدەك ھەرىكەت قىلىپ جىم تۇرمىغانلىقتىن، ئاسانلا بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، تەقسىر، جاۋاب بېرىڭچۇ، توختىماي ئېقىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان زۇمرەتتەك سۈزۈك دەريا سۈيىنى جاھالەتتەك دۇغلىنىپ ئاقىدىغان دەريا سۈيىدىن ئايرىۋېلىش

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شاھ مەھمۇت جوراس يازغان: «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» (قوليازما) گە قاراڭ.

مۇمكىنمۇ؟
— ھە بۇ، بۇ . . . .
ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ بۇ ئۈتكۈر كىنايە بىلەن تولغان سۆزلىرىگە جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.
بۇ چاغدا شاھىنشىنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن پىخىلداپ كۈلۈشكەن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ بۇ سۆزلىرىدە: «سىزمۇ ئاشۇ جاھالەتتەك دۇغلىنىپ ئاقىدىغان دەريا سۈيىگە ئوخشايسىز» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى بۇنى باپقىدى ـ دە، دەرھال پاتىھەگە قول كۆتۈرۈپ:
— ئاشۇ سۈيىڭىز قۇرۇسۇن! پەرۋەردىگارى ئالەم بارلىق جاھالەت پىرلىرىنىڭ ئاسارەت زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىسۇن، سۇلتان سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرىغا ھەمىشە زەپەر يار بولسۇن! . . . — دەپ ئاغزى بىسىلماستىن ۋالاقلاپ سۆزلەپ كەتتى.
مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بۇ سۆزلىرى دىلىدىكى ئاداۋەتنى يوشۇرۇشنىڭ بىر ۋاستىسى ئىدى. ئۇ رىياكارلىقتا خۇدىنى بىلەلمەي قالغاچقا، جاھالەت پىرلىرى قاتارىدا ئۆزىنىمۇ قارغاۋاتقانلىقىنى سەزمىدى.
— ئى پۇشتىپاناھ، — دېدى سۇلتان سەئىدخانغا ئەمىر مىرزا سەئىدى مۇھەممەت دوغلات، — ئوت ئوتۇننى قانداق تېز كۆيدۈرۈپ تۈگەتسە، تەمە ۋە بايلىقمۇ مۇسۇلماننىڭ ئىمانىنى شۇنداق تېز يەپ تۈگىتىدۇ. ئەئىيانىڭىز مەن: «ئادەمنى سىنىماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ» دېگەننى ئاڭلىغان. يامانلاردىن بىرىنى يوقاتسا، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقلىرى پەيدا بولىدۇ. جاھالەت بار يەردە خىيانەت، رىياكارلىق، ئالدامچىلىق، ئادالەتسىزلىك بولماي مۇمكىن

ئەمەس!

— شۇنداق، گېپىڭىز تولىمۇ ئورۇنلۇق ھۆرمەتلىك ئەمىر كىبىر جانابلىرى، — دېدى سۇلتان سەئىدخان ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — مۇبادا، سەلتەنەتنىڭ سۇرىگە تايىنىپ ھازىردىن باشلاپ بۇنداق جاھالەتلىكنى مەنئى قىلمايدىغان بولساق، خەلقىمىزنىڭ نەسلى ـ نەسەبىدە بىرىنچى ئەۋلادى كالۋا، ئىككىنچى ئەۋلادى دۆت، ئۈچىنچى ئەۋلادى كېرەكسىز يۇك. . . بولىدىغان ئېچىنىشلىق نەتىجىلەر كېلىپ چىقۇر. شۇڭا، بىز جەمئىيەتنىڭ مۇلازىم كۈچلىرىنى ئادەملىرى كالۋا، ۋىجىك، لەقۋا، گاس، گاچا. . . نەسلى پېشكەللىكلەرگە ئۇچرىمىسۇن دەيدىغان بولساق، شارائىتى يامان، مۇھىتى، ئوسال جاي ـ يۇرتلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشىمىز، خەلقىمىزنى سەھىيە، تىبابەت، تازىلىق، كەزمە ـ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىرىشىمىز، نەسىل ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، قېرىنداشلار ئارا نەسلى ھەمكارلىقنى يولغا قويۇپ، ئورۇن، جاي يۆتكەشكە، تېببىي ئامالالارنى تېپىشقا، يېمەك ـ ئىچمەك، مۇھىت، تۇرمۇش . . . جەھەتلەردىكى پاسسىپ ئامىللارنى تۈگىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك! چۈنكى، ئىنسان ئۆمرىنى كۈن، لوقما، ئوزۇق، مېھنەت، ئېتىقاد ئاشۇرۇر! . . .①

— ئىنشائاللا! — دەپ گەپنى دەرھال باشقا تەرەپكە بۇرىدى ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى، — سۇلتان سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرى مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ ئەخلاقىنى بۇزغان مىرزا ئابابەكرىنى جەڭدە جىسمانىي جەھەتتىن يەڭگەندى. ئەلھال، ئەخلاقى بۇزۇلغان بۇ ئەلنى ئەمدى مەنىۋى جەھەتتىن تۈزۈمەكچى! ئى ئەركانى دۆلەتلەر، كۆردۈڭلارمۇ، كۆز

---

① «تەزكىرەئى پىر ياران»، قولىيازما.

ئالدىمىزدا بىر تارىخىي ھادىسە يۈز بەرمەكتە! ھەزرىتىمنىڭ بۇ تارىخىي تۆھپىسىنى ئادەملەر ئەسىرلەر داۋامىدا بىر ـ بىرلىرىگە داستان قىلىپ سۆزلەپ بەرگۈسى! قېنى، ھەممىمىز قولىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قادىر ئىگەمدىن ساھىبى زامان ھەزرىتى ئالىيلىرىنى ئىمامى زامان، ئىسكەندەر سانىي قىلىشىنى تىلەيلى! ئاللاھ ئۇل ھەزرەتنىڭ ئامەت ـ ئىقبالىنى بەرسۇن! ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!

بۇ چاغدا، شاھىنشىندىكىلەرمۇ تەڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى ۋە مىرزا ئەلى تاغايغا قوشۇلۇپ گۇرۇلدەشتى:

—ساھىبى زامان، ئىمامى زامان ۋە ئىسكەندەر سانىينىڭ ئامەت ـ ئىقبالىنى بەرسۇن! ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!

—ئاللاھۇ ئەكبەر! — دېگەن ئاۋاز ئىككى تەرەپتىكى نىم سۇپىنى بويلاپ تارقالدى. . .

بۇ چاغدا، ھۆدەيچى قولىدىكى ئالتۇن ھاسىنى يەرگە ئىككى مەرتىۋە ئۇرۇپ تاقىلداتتى ۋە:

—قوبۇل ۋاقتى تامام! سۇلتان ئالىيلىرى رەئىيەتكە ئىجازەت بەردى! — دەپ ئېلان قىلدى. . .

* * *

خانىقانىڭ ئارقا تەرىپىدە كەڭ ۋە قەدىمكى بىر باغ بار ئىدى. ئۇ يەردىن ئايدالاغا ئۆتكىلى بولاتتى. پايانسىز ئايدالا قاقاس ۋە زېرىكىشلىك بولسىمۇ لېكىن بەزى ھاياتلىقلار بار ئىدى. بۇ كەڭ ۋە قەدىمكى باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن گۈزەللىك ۋە نازاكەتلىك چىقىپ تۇراتتى.

بۇ قەدىمكى باغدا مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن، بۇك ـ باراقسان يېيىلغان تىتىرەڭگۇ يوپۇرماقلىرىدىن ھاسىل بولغان يېشىل بۇلۇتلار سۇپسۇزۇك كۆك

ئاسمانىنىڭ ئاستىدا توختاپ قالغانىدى. باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بوراندا ياكى چاقماقتا ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن زور بىر توپ قەدىمىي چىنارنىڭ قوپال ھەم ئاپئاق غولى بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چۇقچىيىپ چىقىپ قالغانىدى. ئۇ ھاۋادا مەر - مەر تاشتىن ياسالغان يۇمىلاق تۇۋرۇكتەك چىرايلىق پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تۇۋرۇكنىڭكىدەك ئۇچى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچى قىيپاش سۇنۇپ چۈشكەنىدى. ئاپئاق تۇرغان ئاستى غولى قارىماققا قالپاقتا ياكى ئۇچماق بولۇپ ئىنتىلىۋاتقان قۇشقا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇزۇن، ئازغان، ئۇجمىلەرنىڭ ئاربىلىقلىرىدىن قىسىلىپ چىقىپ، چىنارنىڭ غولىنى بويلاپ يامىشىپ ئۆسكەن ياپيېشىل پارقىراپ تۇرغان يۆگىمەچلەر يېرىلىپ كەتكەن چىنارنىڭ غولىنى يېرىمىغىچە ئورىغاندىن كېيىن يەنە تۆۋەنگە ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى؛ نۇرلۇق قۇياشنىڭ ئاپتىپىغا چۆمگەن ياپيېشىل دەرەخلەرنىڭ بىر قانچە يېرى بىر - بىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، خۇددى ئەسناۋاتقان يىرتقۇچنىڭ ئاغزىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قەدىمكى باغنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە يۇشۇرۇنغان غۇۋا ھەم شالاڭ كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت پەرەز بىلەنلا پەرق ئېتىش مۇمكىن ئىدى؛ تار چىغىر يول، ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئەنجان تېمى، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان ئەسكى ئۆي، ئېرىق بويىدىكى ئىچى كاۋاك ۋە چىرىپ كەتكەن سۆگەت غولى ۋە باشقىلارنى ئاران ئىلغا قىلىش مۇمكىن ئىدى. سۆگەتنىڭ ئاستىدا گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان شاخ - شۇمبىلار ۋە يوپۇرماقلار بار ئىدى. ئېرىق بويىدا بىر ئادەم ئۆرە تۇراتتى.

پور سۆگەتنىڭ ئاستىدا يوغان بىر چار يىلان بىلەن يوغان بىر تاغىل مۈشۈك قاتتىق ئېلىشماقتا ئىدى:

تۈكلىرى ھۈرپەيگەن، پۇتلىرىنى كېرىپ، يىرتقۇچ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرقىراپ تۇرغان بىر تاغىل مۈشۈك

هازىرلا ئېتىلىدىغان قىياپەتتە تۇگۇلگىنىچە مىدىرلىماي تۇراتتى؛ ئۇزۇنلۇقى بەش ـ ئالتە گەز، توملۇقى بىلەكتەك كېلىدىغان بىر چار يىلان قاپقارا ئاچماق تىلىنى چىقىرىپ ۋىشىلدىغىنىچە مۇشۇككە يېقىنلاشماقتا ئىدى. يىلان بىردەمنىڭ ئىچىدە مۇشۇكنى قاتمۇ قات چىرمىۋالدى. بىراق، مۇشۇك يىلاننىڭ ئىچىدىن تېزلا سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى ـ دە، بىر سەكرەپلا يەنە يىلانغا ئالدىنى قىلىۋالدى ۋە ئېتىلىپ كەلگىنىچە يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى يىرتقۇچ چىشلىرى بىلەن چىشلەپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن مورلاپ تاتىلاشقا باشلىدى. چار يىلان يېڭىۋاشتىن تۇزلىنىپ، تىلىنى چىقىرىپ، مۇشۇكنى چاقماقچى بولۇپ ۋىشىلداپ ئېتىلىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭغىچىلىك ھېلىقى تاغىل مۇشۇك يەنە؛بايىقىدەك تۇكلىرىنى ھۇرپەيتكىنىچە تۇگۇلۇپ تۇرۇۋالدى. چار يىلان نائىلاج يەنە بايىقى ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ، تاغىل مۇشۇكنى تاسمىدەك ئۇزۇن تېنى بىلەن چەمبەردەك قاتمۇ قات چىرماشقا باشلىدى. مۇشۇك ئۆزىنى قاتمۇ قات چىرمىۋالغان يىلان چەمبىرىكىدىن يەنە سوغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، يىلاننى ئىككىنچى داپقۇر يىرتقۇچ چىشلىرى بىلەن چىشلەپ يىرتقۇچلاپ، نەشتەردەك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن مورىلاپ تاتىلاشقا باشلىدى. . .

مۇشۇك بىلەن يىلاننىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشى مۇشۇنداق نەچچە مەرتىۋە داۋام قىلدى. ئاخىر تېنى تىتماتالاڭ بولۇپ ھالسىزلانغان يىلان يەردە سوزۇلۇپ مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېتىپ قالدى. يىلان بىلەن ئېلىشىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن تاغىل مۇشۇكمۇ ئاخىر تۆت پۇتىنى ئاسمانغا قىلغىنىچە سونايلىنىپ يېتىپ قالدى. . .

باياتىن مۇشۇك بىلەن يىلاننىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشىنى كۆرۈپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم — «ئۇزۇن قۇلاق زات» مەككە خوجا ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆڭگە

قاراپ كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى. ھەمدەم سوپى بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتى بويىچە، ئۇ كېچىدە خانىقا ئەتراپىدا پايپاسلاپ يۈرۈشكەن پايلاقچىلار يوقىلىپ، كوچىلار تىنچىغاندا، خانىقانىڭ جارۇبكېشى ھەمدەم سوپى ئارقىلىق ئاقسۇ نايىبى ئىمىن خوجا سۇلتان بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى.

يېقىندا سۇلتان سەئىدخان پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا نەقشىبەندىيە مەزھىپىدىكى بەزى خوجا ـ ئىشانلار ئۈستىدىكى تەقىبنى يەنىمۇ چىڭىتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەندىن كېيىن سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سوپى ـ ئىشانلارنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانىدى. خانىقا ـ تۈنەكخانىلارنىڭ ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈشكەن ھەر خىل شۈبھىلىك ئادەملەرنى ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇ شۈبھىلىك ئادەملەر ئوردىنىڭ پايلاقچى ـ خۇپىيەلىرى ئىدى.

بۇگۈنمۇ خانىقا ئەتراپىدا پايپاسلاپ يۈرۈشكەن شۈبھىلىك ئادەملەرنىڭ خېلى ۋاقىتقىچە ئايىغى ئۈزۈلمىدى. نىھايەت، ناماز ئەسىردىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن ئەتراپ تىنچىغاندەك بولدى. مەككە خوجا ئەتراپقا زەن قويۇپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇچىسىغا چاپىنىنى كىيىپ، بېلىنى پوتىسى بىلەن باغلىدى. ئۇ قەدىمكى باغنىڭ شورىسىدىن خانىقانىڭ سەيناسىغا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ھىم يىپىقلىق تۇرغان ئىشىكلەردىن بىرىنى ئاستا چەكتى.

—كىم، قاراڭغۇدا ئىشىك قاققان؟

—كەچۈرگەيسەن جارۇپ ھەزرەتلىرى، بۇ مەن! — دەپ پىچىرلىدى مەككە خوجا ئاغزىنى ئىشىككە يېقىپ تۇرۇپ.

ئۆينىڭ ئىچىدىن:

—مەن دېگەن قايسىڭ؟ — دېگەن زىل ھەم ئاچچىقلانغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مەن، ئۇزۇن قۇلاق زات. . . — مەككە خوجىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى تۇگە ـ تۇگىمەي، ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى.

قولىغا جىنچىراغ تۇتقان خانىقانىڭ جارۇبكېشى ھەمدەم سوپى مەككە خوجىنى كۆرۈپلا تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. قولىدىكى جىنچىراغنىڭ غۇۋا شولىسىدا پۇتىغا قوڭالتاق كەش، ئۇچىسىغا سۇف كېپەن، بېشىغا قەلەندەرلەر كۇلاھسىنى كىيگەن ھەمدەم سوپى خۇددى مەجنۇن سۇپەت بىر دىۋانىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئېھتىمال، ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلىشىدىن قورقۇپ كەتكەنمۇ ـ قانداق، ئۇ مەككە خوجىنى كۆرۈپ ھۇدۇقۇقانلىقتىن غال ـ غال تىترەپ كېتىۋاتقانىدى.

— نېمە بولدى؟ دېسەڭچۇ، ھەمدەم سوپى! — دېدى مەككە خوجا يۈرىكى بىر نېمىنى سەزگەندەك بولۇپ.

— ئىمىن خوجا. . . ئىمىن خوجا سۇلتانىنى تۇتۇپ كەتتى.

— نېمە ئاقسۇ نايىبىنى؟ قاچان؟

— بۈنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى. سۇلتان سەئىدخان ئۇنى ئاقسۇ نايىبلىقىدىن قالدۇرۇپ، ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنى ئاقسۇغا نايىب قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئىمىن خوجا سۇلتانىنى تۇتقۇن قىلىپ، كۆشۈك ھارۋىغا سېلىپ يەكەنگە ئېلىپ كەتتى.

— يارەببى! — دېدى مەككە خوجا. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

مەككە خوجا يوغان گەۋدىسى بىلەن تار ئىشىكنى خۇددى يوغان تاشتەك توسۇپ تۇراتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، تېڭىرقاپ قالغانىدى. پەقەت كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە جەننەتپاناھ پىرى مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەچچە يىللاپ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، دەھرىي ھاكىمىيەتنى چىرماش ئۈچۈن خۇددى ئۆمۈچۈكتەك زېرىكمەي ـ تېرىكمەي توقۇپ ئاران پۈتتۈرگەن

سۇلۇك تورىنىڭ يىرتىلغانلىقىنى ۋە كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي قىلغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنىڭ ھەممىسى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلىپ تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى پەملىدى.

—نېمە ئۇچۇن تۇتقۇن قىلىنىپتۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋىتىمىزنى پاش قىلدىمۇ ـ يا؟

— سەئىد موغۇل، — دېدى ھەمدەم سوپى پىچىرلاپ تۇرۇپ، — بالاگەردان ئىشاننى سۇرگۇن قىلىپ، ئاپاق ئىشاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بۇ ئەتراپلاردا نەقشىبەندىيە سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ كۆن ئالمىقى تېخىمۇ قىيىن بولۇپ كەتتى. ئىمىن خوجا سۇلتان ئەزمىسىنى ئېزىپ، ئىشنى كەينىگە سوزۇپ، كۆمسەم پىشارمىكىن، ياقسام پىشارمىكىن، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، مۇبادا، مەخدۇم ئەزەم بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولسا، بىزمۇ سوپىلىرىمىزنى ئاياقلا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمدەملىشىپ، سەئىدخان موغۇلنىڭ دەھرىي ھاكىمىيىتىنى ئاقسۇدا ھۆكۈمى ئۆتمەس قىلىپ تاشلىغان بولماسمۇ ئىدۇق!...

—ئەستاغپىرۇللا! — مەككە خوجا ئىختىيارسىز يەرگە زوڭزايغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى...

* * *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مەككە خوجا بىلەن ھەمدەم سوپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان بۇ سىرلىق سۆھبەتنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن گەپنى يەنىلا سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ بەدەخشانغا قىلغان يۈرۈشلىرىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا، سۇلتان سەئىدخان ئەتراپتىكى كۆپپار ئەللىرى ھېسابلىنىدىغان جورجان، بولۇرىستان، بەدەخشان

قاتارلىق ئەللەرگە غازات قىلىش نامى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن لەشكەر تارتىپ باردى. بولۇپمۇ، مىلادى 1527 ـ يىلى (توڭگۇز يىلى) قىشتا، سۇلتان سەئىدخان ۋەلىئەھد، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئەمىر مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانىنى كۆپپار ئەللىرىگە غازات قىلىشقا بۇيرىدى. شۇ يىلى قىش چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، سەئىدىيە قوشۇنلىرى بولۇرستاندا قىشلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار بۇ ئەلنى تالان ـ تاراج قىلىپ قۇرۇقداپ قويغاندىن كېيىن ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا پۈتۈن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى بەش مىڭ ئۇلاغقا ئارتىپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتىپ كەلدى. مىلادى 1529 ـ يىلى (كالا يىلى) سۇلتان سەئىدخان بەدەخشان ئەمىرى ھۇمايۇننىڭ ھىندىستانغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانىنى تۇرشاۋۇل قىلىپ، بەدەخشانغا ئىككىنچى قېتىم لەشكەر چىقاردى. سەئىدىيە قوشۇنلىرى بەدەخشاننىڭ مەركىزى قەلئەئىزەفەر شەھىرىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئىمپېراتور بابۇر ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ھىندال مىرزىنى بەدەخشان ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، قەلئەئى زەفەر شەھىرىگە ئەۋەتتى. بۇ تازا قىش زىمىستان مەزگىلى بولغاچقا، سەئىدىيە قوشۇنلىرى قەلئەئىي زەفەر شەھىرىگە قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەجبۇر بولدى. تۇرشاۋۇل مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى بەدەخشان ئەمىرى ھىندال مىرزا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن قوشۇن قىشلايدىغانغا بىر پارچە يەر كېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ھىندال مىرزا تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىندى. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى ئۆزىنىڭ تەلىپىنىڭ ھىندال مىرزا تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، قوشۇنلىرىغا تىنچ ئاھالىنى بۇلاشقا بۇيرۇق بەردى. چىنداۋۇل قوشۇنلار بىلەن ئارقىدىن كېلىۋاتقان سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ تاغىسى، موغۇل ئىمپېراتورى بابۇر شاھ بىلەن يىرىكلىشىپ قېلىشنى

خالىمايتتى. ئۇ دەرھال قەلئەئى زەفەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بىراق بۇ چاغقىچە، سەئىدىيە قوشۇنلىرى تىنچ ئاھالىنى بۇلاپ ـ تالاپ قۇرۇقداپ قويۇشقانىدى. ئۇلار ئاھالىنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى بىرىنىمۇ قويماستىن ھەيدەپ كېتىشتى. قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى بۇلاپ ئېلىپ ماڭدى. چىنداۋۇل قوشۇنلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ۋەھشىيانە بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى يەنە داۋام قىلدى. سۇلتان سەئىدخان ئىجراسى قاتتىق بولغان پەرمانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بۇنداق بۇلاڭچىلىققا چەك قويۇلدى. «مەن بابۇر شاھ بىلەن دۈشمەنلەشمەيمەن، — دېدى سۇلتان سەئىدخان ئەمىرلىرىگە، — نىھايەت، ئۆزبېكلەرنىڭ بەدەخشاننى يۇتۇۋېلىش خەۋپى بولمىغاندىكىن، بىزمۇ قايتىپ كېتەيلى!»

سەئىدىيە قوشۇنلىرى مۇلكىي قەشقەرىيىگە چېكىنىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاندا، سۇلتان سەئىدخان بابۇر شاھنىڭ ئۆزىگە غەزەپلىنىپ ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ مەكتۇپتا: «... گەرچە سىز ماڭا جىيەن بولغان بولسىڭىزمۇ، تۇغقاندارچىلىق باشقا، مەملىكەتدارچىلىق بۇ ھەم باشقا! سىز بەدەخشانغا بىزدىن بىسوراق ئىككى داپقۇر لەشكەر تارتىپسىز. مۇبادا، ھوشىڭىزنى بىلمەي مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولسىڭىز، قالغان ئىشنى ئۆزىڭىز بىلىڭ! ...»[1] دېيىلگەنىدى.

نىھايەت، سۇلتان سەئىدخان بەدەخشانغا ئىككى داپقۇر غازات ئۇرۇشى قوزغاپ ھەربىي جەھەتتە زىيان تارتمىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە سان ـ ساناقسىز ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ لېكىن سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. زېمىن كېڭەيتىش، سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ئابرۇيىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، موغۇل

① يۇقىرىقى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانىنىڭ: «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

ئىمپېرىيىسىدەك چوڭ بىر دوستانە ئەل بىلەن يېرىكلىشىپ قالدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، مەملىكەت ئىچىدە داۋالغۇش يۈز بەرمەكتە ئىدى. خوجا قۇتبىددىن، شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ۋە باشقا نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ تۈرلۈك سۇلۇكلىرى مۇلكىي قەشقەرىيىدە خېلىلا قۇتراپ قالغانىدى. بۇ سۇلۇكلەرنىڭ ئىشانلىرى ئۆزلىرىنى «پەرزانە ۋەلى»، «مەخدۇم ئەزەم» دەپ ئېلان قىلىپ، جاي - جايلاردا مۇرىت كۆپەيتىپ، زەرەپشان، خالاستان، مەكىت - دولان ئەتراپلىرىدىكى يۇرت - يۇرتلاردا ساددا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خۇدالىق «توققۇز ئادا» تەرغىباتىنى يۈرگۈزۈپ ئاھالىنى قايمۇقتۇرماقتا ئىدى.

مىرزا ئابابەكرى زامانىدا مۇلكىي قەشقەرىيە مەيلى ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن، ياكى مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن پۈتۈنلەي خارابلاشقانىدى. شۇڭا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدا ئۆزى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان جاھالەت ھامىيىسى زالىم مىرزا ئابابەكرى خاندانلىقىنىڭ ئەللىك يىللىق تەسىرىنىڭ زىيان - زەخمەتلىرىنى تۈگىتىش، مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئازادلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتەك بۈيۈك ۋەزىپىلەر تۇراتتى. سۇلتان سەئىدخان جاھالەت كۈچلىرىگە زەربە بېرىش، چەكلەش، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ ئازادلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھۈنەر - سەنئەتنى قەدىرلەش، جانلاندۇرۇش، سەنئەت ئەھلىنى ئېتىبارلاش خىزمىتىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ قانات يايدۇرۇشنى سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈپ سىياسىتى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خانلىقتىكى بارلىق ئەقلى كۈچنى سەپەرۋەر قىلغان ۋە ئۇيۇشتۇرغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئۆز سەلتەنىتىنىڭ زالىم مىرزا ئابابەكرى سەلتەنىتىگە بېقىنىپ خارابلاشقان، ھالسىزلانغان بۇ

ئەلگە بۆسۈپ كىرگەن دەردەسەرلىك ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، بۇ ئەلنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، قۇدرەت تاپتۇرۇش، قاششاق خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى ھۆرلۈكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەنە نەقشبەندىيەچى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ جاھالەت، خۇراپاتلىق ئاسارىتىنىمۇ يىگىشكە توغرا كېلەتتى. بىراق، قاششاق خەلقنىڭ ئىگىنى يىلاندەك چىرمىۋالغان تۈرلۈك سۈلۈكلەردىكى سوپى ـ ئىشانلار سۇلتان سەئىدخاننىڭ سەلتەنىتىنى ھەرگىز پوشمۇ دېيىشمەيتتى.

خوراسانلىق خوجا قۇتبىددىن، نەمەنگانلىق شەيخ خوجا ئەھمەت كاساندەك نەقشبەندىيىچىلەر مەۋجۇت سەلتەنەتكە قىلچىمۇ ھەمدايماستىن بەلكى، سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ تەركىبىدىكى بەزى ئاقارا نىيەتلەرگە ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي تىرىشىۋاتاتتى. نەقشبەندىيىچىلەر كۈچلىرى بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەھرىي ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا «يا سەن، يا مەن» دېگەن جىددىي رىقابەتلىك مۇجادىلە، مۇرەسسەسىز كۆرەشلەر داۋام قىلماقتا ئىدى. بەلكى تېخىمۇ ئەشەددىيلەشمەكتە ئىدى.

دەرۋەقە، ئۆز دەۋرىدىكى ھۈنەر ـ سەنئەت مەلۇم بىر سىياسىي ئىدىيىگە بېقىندى ۋە مەلۇم بىر ئېتىقادنىڭ مەھكۇمى بولغىنىدەك، زالىم مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتىنىمۇ ئىككى چوڭ ئېقىملىق گۇنۇس، خارابلاشقان سەنئەت پەنجىسىگە مەنسۇپ ھۈنەر ـ سەنئەت دېيىشكە بولاتتى. ئىككى چوڭ ئېقىمنىڭ بىرى نەقشبەندىيىچىلىك ئەۋھامچىلىقنىڭ ئاسارىتىدە داۋام قىلىدىغان «دىنىي سۇلۇك سەنئىتى» بولغان بولسا؛ يەنە بىرى ئىجتىمائىي ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەت ھېسابلىناتتى. دىنىي سۇلۇك سەنئىتىگە چېقىلىش ـ ھالاك بولۇشتىن دېرەك بېرەتتى. ھالبۇكى، دىنىي سۇلۇك

سەنئىتى — سەئىدىيە دۆلىتىدە پۇقرادارچىلىق قىلىنىۋاتقان كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىڭىنى چىرمىۋالغان خوجىلار جاھالەتچىلىكىنىڭ جىنى ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان خوجىلار جاھالەتچىلىكىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن سەئىدىيە زېمىنىدىكى جاھالەت ۋەكىللىرى — نەقشبەندىيىچى خوجىلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلىرىنى چەكلەشكە بەل باغلىدى. بولۇپمۇ، زەرەپشان، خالاستان ۋادىلىرىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان نەقشبەندىيىچىلەر جەمجۇم[1]، لالمىلا[2]، سوپىلا[3]، تەلۋىلە[4]، قۇمقۇسار[5]، شەھىدان[6]، خوتەن سوپىلىرى پىيالما[7]، قۇمات[8]، گۇلاخما[9]، زاۋا[10] جاللىباغ[11] دېگەن جايلاردا «خۇدايى غازات» قوزغاپ، سەئىدىيە سەلتەنىتىدىن نۇسىيەت تالىشىپ، ھاكىمىيەتكە ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشى چىققاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان ئەمدى يۇمشاق قوللۇق قىلىپ قاراپ ئولتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، سەلتەنىتىنىڭ سۈرىنى دەل پەيتىدە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قاتتىق جازاغا تارتتى. نەتىجىدە، شۇمەزگىللەردە ۋەلىلىق دەبدەبىسى بىلەن پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنى بېشىغا كىيگەن ئەجنەبىي چوڭ ئىشان خوجا خاۋەندە مەھمۇد بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى «بالاگەردان ۋەلى» — خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ، خوراسانلىق «ئاپاق ئىشان» — خوجاقۇتبىددىن ۋە «مەخدۇم ئەزەم» نامى بىلەن سۇلۇك تەۋرىتىۋاتقان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى قاتارلىق نەقشبەندىيىچى ئىشانلار ئۆزلىرىنى «پەرزانە ۋەلى»، «كارامەتكار ئەۋلىيا»، «ئەۋلىيائى پىرئەزەم» دەپ

① ②قاغىلىق ناھىيىسىدە.
③ ④يەكەن ناھىيىسىدە.
⑤ مەكىت ناھىيىسىدە.
⑥ پېيزىۋات ناھىيىسىدە.
⑦ ⑧گۇما ناھىيىسىدە.
⑨ چىرا ناھىيىسىدە.
⑩ قارىقاش ناھىيىسىدە.
⑪ خوتەن ناھىيىسىدە.

ئاتىشئۇبلىشىپ ھەدەپ مۇرىت ئېلىپ، سۇلۇك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زەرەپشان، خالاستان ۋادىلىرىدا ۋە مەكىت، دولان، ئاقسۇ ئەتراپلىرىدا، قارا قۇرۇملۇق ساددا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خۇدالىق «توققۇز ئادا» تەرغىباتى بىلەن ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشتى ھەم ئۇنى ئەمەلدە يولغا قويۇش ئۈچۈن بەزى جايلاردا بىر بۆلۈك تەلۋە مۇرىت ـ ئاشىقلىرىنى بۇيرۇپ، ھۇنەر ـ سەنئەت ئىشلىرى مەشغۇل بولغان سەنئەت ئەھلى ۋە سەنئەت جامائەتلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بەزى كىشىلەرنى «شەيتان پوقى يېگەن» دېگەن پەتىۋا بىلەن سازايى قىلدۇرۇشتى، «توۋا قىلدۇردى»، ھەتتا چالما ـ كېسەك قىلغۇزۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. بۇ نەقشىبەندىيىچى خوجىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى خىسلەت، پەزىلەت، ئاڭ ـ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تەبىئىي خەزىنىسى بولغان ئىجتىمائىي ھۇنەر ـ سەنئەتنى خوجىلار ئەۋھامچىلىقىنىڭ جېنى ۋە روھىي ئوزۇقى بولغان يىرگىنچلىك ئاھۇ ـ زار تەلقىن ۋە يىغا ـ زارلىق جاۋراشلار — «ھەمدۇسانا سەنئىتى»غا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ ئەۋھامچى خوجىلار ئوتتۇرىغا قويغان «توققۇز ئادا» شوئارى — توينى، سورۇننى؛ مېھماننى، ئەل ـ يۇرتنى؛ نورۇزنى، ھېيت ـ بايرامنى؛ مېھىر ـ شەپقەت، تۆھپە ـ شاپائەتنى؛ چۆپقەت ـ تاپاۋەتنى؛ سەپەر ـ ھاردۇقنى؛ ئۇتۇق ـ نەتىجە، شاد ـ خۇراملىقنى؛ نام ـ ئاتاقنى؛ سوئال ـ سوراقنى شەرتسىز دۇئا ـ ئىبادەت بىلەن ئادا قىلىشتەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئەۋھامچى خوجىلار جاھالەتنى ئادالەتتىن ئۈستۈن قويۇشقا ئۇرۇنغاندا، سەئىدىيە سەلتەنىتى ئۇلارغا دەل پەيتىدە قاتتىق زەربە بەردى. بەزىلىرىنى، مەسىلەن، ئەجنەبىي چوڭ ئىشان خوجا خاۋەندە مەھمۇد بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپنى بىر قىسىم چوڭ ياندىماچلىرى بىلەن بىللە مۇلكىي

قەشقەرىيەدىن ھەيدەپ چىقاردى؛ بەزىلىرىنى ھەتتا قاتتىق جازالىدى. مەسىلەن، خوراسانلىق قۇتبىددىن ئىشان بىلەن ئۇنىڭ چوڭ شېرىكلىرىدىن توقسان نەچچە كىشىنى ھازىرقى پوسكامنىڭ شەھىدان دېگەن يېرىگە يىغىپ قاتتىق جازالاپ، بىر قانچىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىنى يۈز دەررىدىن، كەينىنى قىرىق دەررىدىن ئۇرغۇزۇپ، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۈچۈن تۆۋا قىلدۇردى. بۇ ئەۋھامچى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىيلىرىدىن بولغان «ئاپاق ۋەلى» — خوجا قۇتبىددىن ئىشاننى بولسا توققۇز ھەمراھى بىلەن بىللە ئاپەت بولۇڭ، سومۇق، توققۇز بويناق، كاپا بويناق، تار ئېغىز تاغلىرى ئىچىدە ھەيدەپ يۈرۈپ ئەلگە سازايى قىلدۇرۇپ، تاغئارت ئەتراپلىرىدا كاللىسىنى ئالدى. «تەقدىر ئىرادەتلىرىدىن نۇسبەت كېتىپ، [1] سەئىدخان نۆكەرلىرى تەرىپىدىن شەھىدلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈلگەن قىرىق زاتنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى شەھىدانغا قويۇلدىلەر. . . » [2]

سۇلتان سەئىدخاننىڭ نەقشىبەندىيچى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئەۋھامچىلىقىنى چەكلەش يۈزىسىدىن قوللانغان كەسكىن تەدبىرلىرى سەئىدىيە خەلقى تەرىپىدىن ئەڭ قىزغىن ھىمايە قىلىنىشقا ۋە قوللاشقا ئېرىشتى. قۇتبىددىن ئىشان بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ جەستى قالغان جاينىڭ تارىختىن بۇيان «ئاق قانجۇق جىلغىسى»، «ئاق قانجۇق مازىرى» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقانلىقى، قۇتبىددىن ئىشاننىڭ قىرىق شېرىكىنىڭ پوسكامنىڭ شەھىدان دېگەن يېرىدە كاللىسى ئېلىنىپ، جەستى كۆمۈۋېتىلگەن يەرنىڭ «شەتىم شەيدا» [3]، «شەيدان مازىرى» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىختا

---

① نۇسبەت ـ ئامەت.
② «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، قولىيازما.
③ شەتىم شەيدا — رەھىمسىزلىككە، زالىملىققا، قاتىللىققا شەيدا بولغان، دېگەن مەنىدە.

ئۇلارغا تۇتقان مەۋقەلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەستىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ.

*　　　*　　　*

كەينىدىن قاراقاغىدەك قوغلاپ كېتىۋاتقان يوچۇن ئاتلىقلارنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئىمىن خوجا سۇلتاننى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. نائىلاج ئۇدۇلىغا قارىۋىدى، يەكەن دەرياسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىنى توساپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. لايقىلىشىپ قىنىغا پاتماي كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان دەريا ئۇنى قورقۇنچقا سېلىپ قويغانىدى. لېكىن، يېقىن كېلىپ قالغان يوچۇن ئاتلىقلار — ئۇلار سۇلتان سەئىدخاننىڭ چارلامچىلىرى ئىدى — نىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئىدى. سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇدۇمى بويىچە بىر ئۆلكىنىڭ نايىبى يەنە بىر ئۆلكە ھۇدۇتلۇقىغا ئوردىنىڭ رۇخسىتىسىز قەدەم باسسا، چوڭ گۇناھ سانىلاتتى. ئۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئېگەرنىڭ ئارقىسىغا غانجۇغىلىۋالغان تولۇمنى يېشىپ ئىچىگە يەل پۈۋلەپ كۆپتۈردى ۋە تولۇمنىڭ شوينىسىنى ھالقا قىلىپ بېغىشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە تولۇمنىڭ ياردىمى بىلەن نېرىقى قىرغاققا ئۈزۈپ ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى شارقىراپ ئېقىۋاتقان لايقىلىق سۇغا ئاتتى...

ئاكىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نەقشبەندىيە سۇلۇكىنى سەئىدىيە مەملىكىتى تەۋەسىدە «جاھالەت» دەپ ئېلان قىلىشىغا قارشى ئوردىدىكى بەزى بەگلەر قاتارىدا ئىمىن خوجا سۇلتانمۇ نارازى ئىدى. چۈنكى، سۇلتان سەئىدخان سەئىدىيە سەلتەنەتىگە قارشى تۇرغان نەقشبەندىيە جاھالەتچىلىكىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ مۇلكىي، خارجىي، ھەربىي، ئەمنىيەت، ئىچكى، مۇلازىمەت، مائارىپ ـ

مەكتەپ . . . تارماقلىرىنىڭ ھەممە تەركىبلىرىگە، جامائەت، جەمئىيەت، دىن، كەسىپ، تۇرمۇش، دەۋا - دەستۇر، مۇرەسسە. . . ئىشلىرىنى تۇتىدىغان مۇئەسسەسىلەرنىڭ ھەر قاندىقىغا ھەر قانداق جايدا ۋە ھەر قانداق چاغدىمۇ مۇئەككەل، مۇلازىم تەيىنلەشتە تۆۋەندىن، خاسىيەتلىكلەر ئارىسىدىن تاللاپ تەيىنلەش، باشقىلارنى ھەر دەرىجىلىك مەنسەپ - ئەمەلگە زادىلا قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنىدى ۋە تۆۋەندىكى ئالتە تەرەپنى خاسىيەتلىكلەرنى تاللاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى:

بىرىنچى، ئات ۋە ئاتلىق مەشغۇللاردا ئىقتىدارلىق بولۇش؛ ئىككىنچى، چېلىشتا رەقىبىنى ئېتىپ يەرگە ئۇرالايدىغان بولۇش؛ ئۈچىنچى، ئاساۋ ئاتنى، يولۋاس - يىلپىزنى، بۇغرا تۆگىلەرنى، كۆرەڭ بۇقىلارنى باش ئەگدۈرەلەيدىغان بولۇش؛ تۆتىنچى، جېدەل - ماجىرا، غەليان - جەڭ، خېيىم - خەتەر ئالدىدا كۆچسىزلىك، چىدامسىزلىق ۋە ئاجىزلىق قىلمايدىغان بولۇش؛ بەشىنچى، تۇرۇق - دىدارىدىن قورقۇمسىزلىقى بەرخ ئۇرۇپ تۇرىدىغان، كۆچكە تولغان، دىت - پەمگە باي، تەندۇرۇس - كۆركەم، تۇرقتا سۇرلۇك بولۇش؛ ئالتىنچى، ئىشتىھاسى سۇس، سۆلەي، كەم تاماق، خەسسە گال، تاۋى نازۇك، چىدىماس، پەزىلەتسىز، چېقىمچى، ھەرىكىتى گال، تۇرقى كۆرۈمسىز، بىنەپەس، تاۋۇشى سەت، ئەخلاق - ئەردەمدە چولتا، ئىش - ھەرىكەتتە قوپال بولغانلارنى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا يېقىن يولاتماسلىق، جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىق.

شۇڭا، سەئىدىيە سەلتەنەتى سەئىدخاننىڭ مۇشۇ پەرمانىنىڭ زورى بىلەن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت، مەمۇرىيەت، مۇرەبىيەت، شەرىئەت ئورۇنلىرىدىن قوراي بوي، شوينابەل، ۋىجىك، جانسىز، بىئىسكەت، تەلەتى سۆرۈن،

خاپىغان، جىسمانى نۇرسىز، مۇنەك بىقۇۋۋەت، بىئېتىبار، بوران كۆشەندىلىك، بىخەستە، بىپەرۋا، ئەقلى گال، تۇرقى زوقسىز، بىكۆرۈم، ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالغان، زار چىراي، ۋاي - داد پەرەست، ئانا جىنس، جىنسى بىچارە، چاكىنا، چالا ۋە جىسمانىي نۇقسانلىق ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى شالالاپ تاشلىدى①.

سۇلتان سەئىدخان ئۆز پەرمانىنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا كەم - كۈتىسىز جارى قىلدۇرۇلۇشىنى تەركە قىلىدىغانغا ھەر قايسى ئۆلكە - ۋىلايەت، ئايماق - كەنتلەرگىچە چارلامچىلارنى ئەۋەتتى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان نەقشبەندىيىچىلەرنىڭ بەزى تۇركۇملىرى سەئىدىيە سەلتەنىتىدىن زەربە يېگەندىن كېيىن يەر ئاستىغا كۆچۈپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. سۇلتان سەئىدخان سەلتەنىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان خانلىق ئوردا ۋە خانلىق مەھكىمىلەر، مەسىلەن، شەرىئەت، تەتقىقات، ئەدلىيە - قانۇن، مالىيە - ئىقتىساد، ھەربىي ئورۇنلار؛ ئەلچىلىك، مەمۇرىيەت، سەيلە - ساياھەت، كىرىم - تاپاۋەت، تىببىي داۋالاش، كېڭەش ئورۇنلىرى؛ ئالىي، ئوتتۇرا ۋە ئىپتىدائىي مەكتەپلەر، خىنىيە ۋە جامائەت يەرلىرى، زېمىن ھەققى، باج - سېلىقلارنى شەكىللىك ۋە شەكىلسىز يىغىۋالىدىغان، دەخلىسىز ھۆكۈمەت ھەققىنى يىغىۋالىدىغان ئورۇنلار، دارىلئاجىزىنلارغىچە بولغان ھەممە مۇئەسسەسەلەرنىڭ دىۋان — ئارخىپلىرى بىر باشتىن رەتلەپ چىقىلدى②. مەملىكەتتە ھەر خىل قانۇن - نىزاملار بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ باردى. رىسالىسىز كاسىپ - ھۈنەرۋەن؛ شەجەرىسىز ئۇرۇق - قوۋم، جەمەت؛ خاتىرىسىز سورۇن، ۋەقە؛

① بۇ ھەقتە تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مامۇت ئىسلام يازغان: «ئۈنىگدىن - بۇنىگدىن» دېگەن قولىيازمىنىڭ «بەلەن گەپلەر» قىسمىغا قارالسۇن.
② بۇ جەھەتتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مامۇت ئىسلام يازغان: «ئۈنىگدىن - بۇنىگدىن» دېگەن قولىيازمىنىڭ «بەلەن گەپلەر» قىسمىغا قارالسۇن.

دادىخا ـ تەزكىرىسىز جاي ـ ماكان؛ نەسەبنامىسىز چوقاباش؛ ئەنگە ئېلىنمىغان ئەۋلادى ۋەسىقە، ئەرز، مىراسنامە؛ دىۋان ـ ئارخىپسىز مەھكىمە، ئوردا، ھۆكۈمدار ياكى ئالىم، ئەدىب قازناق ـ كاتالوگلىرى؛ ھۈدۈد ـ چېگرا، تاغ ـ دەريا، كۆل ـ ھاۋزا، ئورمان ـ دەرەخلىك، كان ـ مەدەن، يايلاق ـ تاشلاق، چارۋا ـ چارىپاي، مال خىللىرى، سودا ـ تىجارەت، ئېكىنزارلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەر ـ تىرىكچىلىك. . . قىسقىسى، مەملىكەتنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگىچە، ئاسمىنىدىن يېرىگىچە، ئۇ ھۈدۈددىن بۇ ھۈدۈدغىچە، كۈندۈزدىن كېچىسىگىچە، ئادىمىدىن ھاشارىتىغىچە، ئاب ـ ھاۋاسىدىن ئاپتىپىغىچە، يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە خاتىرىگە ئېلىنمىغان ھېچنەرسە قالمىغانىدى. يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىش ئۈچۈن ئوردا ـ مەھكىمىلەر، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مۈلكىي، ھەربىي، ئەھمىيەت، قانۇن، ساپارات. . . قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك يېتەكچى دۆلەت ئورگانلىرىدا دىۋان ـ ئارخىپ مەھكىمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەسىس قىلىندى.

ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قائىدە ـ تۈزۈملىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ھۆكۈمدارلىق ماشىنىسىنىڭ يۇقىرى سۈرئەت ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئايلىنىشى نەتىجىسىدە سەئىدىيە ئارستوكراتىيىدىكى ئەزەلدىن ئىشلىمەي چىشلەيدىغان، پۇقرانىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ياشايدىغان، تەييارغا ھەييار قىزىل كۆز تەييارتاپلارنىڭ كۈنى بارغانسېرى قىيىنلاشتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئۆزگىرىشلىرى نارازىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىنىسى، ئاقسۇ نايىبى ئىمىن خوجا سۇلتان دەل مۇشۇ نارازىلىقلارنىڭ غوللۇق ۋەكىلى ئىدى.

نەقشبەندیيە سۇلۇكىنىڭ مەكتى، دولان، ئاۋات، ئاقسۇ ۋادىلىرىدىكى ئاساسلىق پىرى مەخدۇم ئەزەممۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ۋەكىلى «ئۇزۇن قۇلاق زات» — مەككە خوجا ئارقىلىق سەئىدخان موغۇلنىڭ بۇ ئىسلاھاتلىرىنى توسۇش، ھېچبولمىغاندا جايلاردىكى ئىجراسىنى ئاقسىتىش ھەققىدە ئۇنى نەچچە قېتىم ئاگاھلاندۇرغانىدى. بىراق، ئىمىن خوجا سۇلتان كىشلەرنىڭ نارازىلىقىغا ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالماي، شىكار قىلىپ، يولۋاس - يىلپىز ئوۋلاپ، بەزمە تۈزۈپ، ئوردىسىدا يېتىشىپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى. نىھايەت، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تۈزۈم - سىقىقلىرى كۆپچىلىك قاتارىدا ئۇنىڭغىمۇ چەك قويۇۋىدى، تۇرالماي قالدى. ئاخىر ئۇ چىلان①جاڭگىلىدا يولۋاس ئوۋلايمەن دېگەن نام بىلەن ئىككى - ئۈچ مۇلازىمىنى ئەگەشتۈرۈپ مەكتى - دولان تەرەپكە — مەخدۇم ئەزەمنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى تازا خەيرلىك بولۇپ كەتمىدى. ئۇ قەشقەر ھۇدۇدۇتلۇقى تەۋەسىدىكى دولان - مەكىت تەرەپلىرىگە ئۆتۈشى بىلەن تەڭلا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ چارلامچىلىرىغا دۈچ كېلىپ قېلىپ، قولىغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكىت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى دەرياغا تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. . .

* * *

ئىمىن خوجا سۇلتان بۇ ئاچچىق خىياللارغا بېرىلىپ كېتىپ، سۇ ئاستىدىكى كۈچلۈك قاينامنىڭ ئۇنى پۇتىدىن پەسكە قارىتىپ تارتىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى. ئۇ كۆكرىكى بىلەن

① قەدىمكى يەر نامى، ھازىر كەلپىن ناھىيىسى تەۋەسىدە.

چاپلىشىپ تۇرغان تولۇممۇ قايىنامغا چۈشۈپ پىرقىراشقا باشلىدى. قولىنىڭ بېغىشىغا ئۆتكۈزۈۋالغان شوينا قولىدىن چىقىپ كېتىپ، تولۇم سۇ بىلەن ئېقىپ كەتتى! ئۇ لايىقلاشقان دۇغ سۇدىن نەچچە يۇتۇم ئىچىۋالغاندىن كېيىن توساتتىن ئۇنىڭ نەپسى قىسىپ، بۇرۇنلىرى ئېچىشىپ، كۆزلىرى غۇۋالاشتى. ئۇ پۇت - قوللىرىنى كېرىپ، بارلىق كۈچى بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەشكە ئىنتىلەتتى ۋە ھەر قېتىم كۆتۈرۈلۈپ، بېشى سۇ يۈزىگە چىققاندا، بىر قېتىم قېقىلىپ تۇرۇپ:

— ۋاي، ئادەم بارمۇ؟ قۇتۇلدۇرۇڭلار! — دېيىشكە ئاران ئۈلگۈرەتتى - دە، يەنە سۇغا چۆكۈشكە باشلايتتى.

ئىمىن خوجا سۇلتان ئۆزىنىڭ ئەمدى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا راستتىنلا ئىشەندى. ئۇ ياشاش ئۈمىدىدە يەنە بىر قېتىم كۈچىنىپ سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ چىققاندا، بىردىنلا ئۆزىگە يېقىن بىر يەردە لەيلەپ تۇرغان توغراقنىڭ قىزىل يىلتىزىنى كۆرۈپ قالدى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ھېلىقى يىلتىزغا ئېسىلىۋالدى! . . .

* * *

ناماز شام ۋاقتىدا ئاقسۇ نايىبى ئىمىن خوجا سۇلتان ئارام ئېلىپ ياتقان خانىنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، مەككە خوجا كىرىپ تەزىم قىلدى:

— مەخدۇم ئەزەم ھەزرەتلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى. . .

ئىمىن خوجا سۇلتانىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ مەككە خوجىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ سوپىلىرى ئۇنى ئۇلۇغ سۇ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن مەخدۇم ئەزەمنىڭ كۆپ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشكەن

بولسمۇ ئەمما تا هازىرغىچە «قۇتبىل ئەقتابى مەخدۇم ئەزەم» دەپ چوقۇنغان بۇ شەيخ بىلەن كۆرۈشمىگەنىدى. شۇڭا:

— ئېيتىڭ، مەرھەممەت قىلسۇن، — دېدى ـ دە، ئالدىراش ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇستىۋېشىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن خانىنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان كۇرستا ئولتۇردى. لېكىن، ئىشىكتە بەقەسەم تون ئۇستىدىن سارغۇچ چۇچۇنچە يەكتەك كىيىپ، بېشىغا قارا تەقىيە ئۇستىدىن سىماپتەك ئاپئاق يىپەك سەللە ئوراپ، پەتلىسىنى قولاق تۈۋىدىن ساڭگىلىتىۋالغان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ ۋىجىككىنە قەددى كۆرۈنگەندە، ئىختىيارسىز ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ شەيخكە قول بەرمەكچى بولىۋېدى. ئەمما، شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئۇنىڭغا بەك ھىممەت كۆرسىتىپ كەتمەستىن، قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىيسىنى سىپىرىگەن ھالدا، ئۆسكىلەڭ ئاپئاق قاشلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان، زەھەر چاقناپ تۇرغان چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىر پەس تىكىلىپ جىم تۇردى. ئىمىن خوجا سۇلتان خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئېگىلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنى يۇقىرى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن، شەيخ يەنىلا سېھىرلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي، تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇزايدىن قانداقتۇر بىر تۇرلۇك قەھر ـ غەزەپ، قەتئىيلىك ئايان بولۇپ تۇراتتى. ئىمىن خوجا سۇلتان تۇيۇقسىز شۇركۇنۇپ كەتتى. ئاخىر شەيخ تەسۋى تۇتقان قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى:

— ئى ئاھ ـ زارلارنى ئاڭلىغۇچى يېگانە ئاللاھ، ئى، ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى، ھەممە موھتاج ئاللاھ، بالاھنىڭ يۈكىنى كۆتۈرمەككە قۇۋۋەت ۋە مۇھەببەتنىڭ مېھنىتىنى قىلماققا قۇدرەت بەرگەيسەن. ھېچقانداق نەرسە ساڭا سىر ھەم مەخپىي

ئەمەس! ئى دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللاھ، بەندىلىرىڭنىڭ ھەر قانداق دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىنى ئىجابەت قىلغايسەن، تۆرە جانابلىرىنىڭ ئىمانىنى كامىل قىلغايسەن، رەھمەتلىرىڭنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ قويغايسەن. . . ئىلاھە ئامىن!

شەيخ دۇئادىن كېيىن كۆرستا ئولتۇرغاچ:

— ساڭا نېمە بولدى؟ بۇ يەرگە كەلمەكنى ئىختىيار قىلماغىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەن ـ سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ، بەختىيار نايىب جانابلىرى؟ — دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن سورىدى توختىماستىن. تونلىنىش بىلەن.

— ئەلھەمدۇلىللاھ، ياخشى، پىرىم . . .

— يا بىرەر رەنجۇ ـ ئەلەمگە يولۇقتۇڭمۇ، ئى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىر ئىسلامى؟

ئىمىن خوجا سۇلتان بىردىنلا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتتى ۋە:

— ھەئە، مېنى باش ئاغرىقى قىينىماقتا، ئى ھەزرىتى ئەزىزان! . . .

— ھە، قانداق باش ئاغرىقى ئىكەن ئۇ؟ بەلكىم كۆڭلۈڭگە سەئىيدخان موغۇل ۋەسۋەسە سالغاندۇ، مۆھتەرەم نايىب جانابلىرى؟

— بەرھەق، ھەزرىتى ئەزىزان. . .

— بەختىيار نايىب جانابلىرى، — دېدى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى بايىقىدىنمۇ مۇلايىملىق بىلەن، — ئەگەر لازىم كۆرسەڭ، يەنە بىر نەسىھىتىم باردۇر ساڭا!

— سىزنىڭ نەسىھىتىڭىز بارچە ئەھلى مۇرىتلارغا ھۆكۈمى جارىدۇر، ئى ھەزرىتى ئەزىزان! — دەپ پىچىرلىدى ئىمىن خوجا سۇلتان ئاللا قانداق تېپىرلاپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن مەخدۇم ئەزەم بىردىنلا كۈلۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى ۋە:

— بىدئەت سەئىدخان موغۇل تەكەببۇرلۇق قىلىپ بارچە مۆمىن بەندىلەرنى يولدىن ئازدۇردى. ئۇل دەھرىي خان ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، پۇقرالارنى نەقشبەندىيە تەرىقىتىدىن چىقاردى. ھەتتا، ئەرلەرنىلا ئەمەس، خوتۇن ـ قىزلارنىمۇ ئوقۇسۇن دەپ، ئۇلارنى ھاياسىز قىلىۋەتتى. كەماھۇ ۋە ھۇققۇھۇ! ئىنشائاللا، ئەمدى ئۇل دەھرىي پادىشاھنىڭ گۇناھ ئىشلىرىغا چەك قويۇلۇر! ئەمدى ساڭا كەلسەك، يادىڭدا بولسۇنكى تۆرە، سەن غاپىل بەندىمۇ ئۇل سەئىدخان موغۇلنىڭ كۆپۈرلار دەرگاھىدا زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدىڭ ۋە لېكىن. . .

ئۇ تۇيۇقسىز سۆزلەشتىن توختاپ، چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئىمىن خوجا سۇلتانغا نەشتەردەك قادالغان پېتى بىر پەس سۈكۈتتە تۇردى. ۋاندىن:

— ۋە لېكىن، — دېدى ئۇ، — ئەلمەمۇرۇ مەزۇرىن. . . سەن ئۇل بىدئەت خاننىڭ خىزمىتىدە ئىدىڭ. ئەلھەمدۇلىللا، بۇنىڭدىن نىرىسىغا ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغايسەن، نەقشبەندىيە سۇلۇكىنى گۇللەندۇرۇپ، گۇناھىڭنى يۇغايسەن. بىلەمسەن، ئاللانى ئۇنۇتقان دىيانەتسىز دەھرىيلەر بۇ مۇقەددەس تۇپراقنى مەكرو قىلۇر! مەكرو. . .

— ھەقتائالا شاھىد، — دېدى ئىمىن خوجا سۇلتان، — بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەدە گۇناھسىزدۇرمەن. ھەزرىتى پىرئەزەم، بۇ سەلتەنەتتە مېنىڭ ھۆكۈمىم ئۆتمەيدۇ.

— بىلىمەن، ئى تۆرە! ئاقسۇ نايىبى ئىنكەنلىكىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان تۇرۇپتۇ.

ئىمىن خوجا سۇلتان لېۋىنى چىشلەپ، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

— بىراق، دېمەكچىمەنكى، بۇبىۋاپا سەلتەنەتنى دەپ نەقشبەندىيە تەرىقىتىدىن يۈز ئۆرۈمىگىن!

— ئى پاناھدار ئەزەم، ئەپۇ قىلغايسىز، — دېدى ئىمىن

خوجا سۇلتان ئۇخلايسىزلىنىپ، — ۋە لېكىن مەنمۇ بىر - ئىككى دەقىقە بۇرۇن دەل ئاشۇ پىكىرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزگەنىدىم. . .

— بىلەمسەن ئى، ھۆرمەتلىك تۆرە، — دېدى مەخدۇم ئەزەم تەسۋىسىنى پۇلاڭلىتىپ، — نائىنساپلىق بىلەن ئالىيجانابلىق ئوتتۇرىسىدا بىرلا قەدەم كېلىدىغان ئارىلىق بار. ئەپسۇس، سەن بىر قەدەم ئۇشۇق بېسىپ ئالىيجانابلىق تەرىپىگە ئۆتەلمىسەڭ - ھە؟

— مەن دەھرىيدۇرمەن، روھانىي ئەمەسمەن، — دېدى ئىمىن خوجا سۇلتان سەل قېيىدىغاندەك قىلىپ.

— دەھرىي بولغىنىڭ بىلەن سەلتەنەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقانسەن! بىلەمسەن، تاشقىن گاھى شۇنداق جىمجىت باشلىنىدۇكى، قىرغاقتىن يىراقتا تۇرغان ئېگىز بىنالار، باغلاقلىق مال - چارپايلارنىڭ ئاستىغا ئاۋۋال ئازغىنا لاي سۇ يامراپ كىرىدۇ. لېكىن، سۇ يۈزى توختىماستىن كۆتۈرۈلۈپ، تاشقىن ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. سۇ ئىچىدە قالغان قاڭتۇرۇپ قويۇلغان ئاتلار نۇقتىسىنى ئۈزگۈدەك تېپىرلاپ كىشنەيدۇ. بىرچاغدا قارىساڭ، تاشقىن ئەۋجىگە چىقىپ، كاشانە ئىمارەتلەرنىڭ مۇستەھكەم تاملىرىنى يىقىتىدۇ. ئادەم ۋە چارپىيالارنى ئاققۇزۇپ كېتىدۇ. چوڭ - چوڭ بىنالارنى لەپەڭشىتىپ ئورنىدىن قوزغايدۇ ۋە تۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا تۆرە، ئۇلۇغلار ئېيتقان: «دۈشمەننى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، شىردەك ئېتىل!» دېگەن ھەقىقەتنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك!

مەخدۇم ئەزەمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ كۆڭلى خۇددى كۆپكۆك ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتتى. ھەئە، ئۇ مۇلكىي قەشقەرىيە تەختى ئۈچۈن مىرزا ئابابەكرىگە قارشى بىكارغا جەڭ قىلمىغانىدى! ئۇلۇغ بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن «بۇزرۇگانە كاشغەر» دەپ ئاتالغان بۇ كاتتا

شەھەرنىڭ كوچىلىرىدىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن، خالايىقنىڭ تىزلىنىپ سەجدىگە باش قويۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ۋە ئۆز نامىغا: «ئىنىنەھۇ تۇغلۇق تېمۇرەنىيل، ئىبنى سۇلتان ئەھمەتەھىل ئىبنى سۇلتان خوجا ئىمىن خان! » دەپ ئوقۇلغان خۇتبىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بىر ئەمەس، يۈز جاننى قۇربان قىلىشقىمۇ ئەرزىيدۇ! . . . ئېھ نېمىدېگەن ئۇلۇغ، نېمىدېگەن شېرىن بۇ سەلتەنەت، بۇ تاجۇ - تەخت - ھە! مۇبادا، بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقان رەئىيەتكە، خالايىققا ھازىرنىڭ ئۆزىدە تىزلىنىپ يەرسۆيۈشنى بۇيرۇسىمۇ ئۇنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولىدۇ. تىز پۈك، دېسە تېز پۈكىدۇ. يەرنى سۆي، دېسە سۆيىدۇ. قېنى بىرەرى ئۇنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمەي باقسۇنچۇ؟ ! بىراق. . . بېشىدا تاج، ئاستىدا تەخت، قولىدا سانسىزلىغان لەشكەرلىرى بار سۇلتان سەئىدخاننى تەختتىن غۇلىتىشى شۇنچىلىك ئاسانمۇ؟ . . .

— شۇكلەپ كەتتىڭغۇ ئى بەختىيار تۆرە؟ — دەپ سورىدى مەخدۇم ئەزەم ئۇنىڭدىن.

— قانداق قىلاي، ئى ھەزرىتى ئەزىزان؟ — دېدى ئىمىن خوجا سۇلتان شەيخكە جاۋابەن مۇراجىئەت قىلىپ، — ئامالسىز قالدىم، ئاخىر سىز بۇزرۇكۋار پىرى ئەزەمنىڭ يول كۆرسىتىشىڭىزگە موھتاج بولۇپ، ئاستانىڭىزغا تاۋاپ قىلىپ كەلدىم!

— سەۋر قىلغايسەن، ئى تۆرە! — دېدى مەخدۇم ئەزەم ۋە نېمىشقىدۇر كۈلدى، — تاقەت قىلساڭ، پات ئارىدا سەلتەنەت ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلۇپ، سەئىدخان موغۇلنىڭ ھەرىمىگە كىرىسەن، ئۇنىڭ ساھىبجامالىلىرىنى قۇچاقلاپ ياتىسەن، بەختىيار تۆرە!

— مېنىڭ بىر كۆڭلۈمنى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئى

جەننەتپاناھ پىرى ئەزىزان!

— ياخشىلىق بىلەن يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈننى قىلىچ بىلەن كېسىشتىن باشقا يول يوق! — دېدى مەخدۇم ئەزەم چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن نىجادلىقنى بىز سېنىڭدىن كۈتمەكچى بولۇۋاتىمىز. سەئىدخان موغۇلغا مىرزا ئابابەكرىمۇ تەڭ كېلەلمىدى، باشقىلىرىمۇ ھەم. بىراق، بىلمەمسەن، ھېچكىممۇ تەڭ كېلەلمەيدىغان روستەمى داستان ئاخىر ئۆزىنىڭ ئوغلى — سۇھرابنىڭ قولىدا ھالاك بولمىدىمۇ؟① ئىلاھىم، سەن بىزنىڭ سۇھرابىمىز بولغايسەن، دەھرىي سەئىدخاننىڭ تەختىنى سەن بەختىيار تۆرە تەنها ئىگىلىگەيسەن!..

ئەمىن خوجا سۇلتان ئەگەر بۇ گەپلەرنىڭ سۇلتان سەئىدخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىدىغان بولسا ئۆزىنىڭمۇ، مەخدۇم ئەزەمنىڭمۇ تىرىك قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خەۋپسىرىگەندەك ئەتراپقا ئىتتىك قارىدى. لېكىن، خاننىڭ ئىچىدە ئىككىيلەندىن باشقا ھېچ كىشى يوق ئىدى. ئىشىك - دېرىزىلەر چىڭ ئېتىپ قويۇلغان.

— مەۋكەبتىكى② بىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىمىزنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەخدۇم ئەزەم، — سەئىدخان موغۇل تىبەتكە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇدەك. دارۇلسەلتەنەت يەكەندە پەقەت ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننى ئۆزىگە نايىب سۇلتان قىلىپ قالدۇرغاندىن باشقا، ئەمىر

---

① روستەمى داستان، سۇھرابلار «شاھنامە» دىكى شەخسلەر. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شاھنامە تۈركىي» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

② مەۋكەب — خاننىڭ ئەتراپىدىكىلەر، خان بىللە يۈرىدىغانلار، دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە ئوردا دېگەن مەنىدە كەلمەكتە.

كىبىر مىرزا ئەلى تاغايى دوغلات باشلىق موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە بۇ يۇرۇشكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ تولىمۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت! سەن دەرھال ئاقسۇدىكى ئورداڭغا قايتىپ، تەييارلىقلارنى ئىشلەپ پۈتتۈرگەيسەن. قاچانكى سەئىدخان موغۇل يۇرۇشكە ئاتلىنىدىكەن، بىزمۇ ھەم كۆتۈرۈلگەيمىز. مەككە خوجا ماڭا ۋەكىل بولۇپ، سىېنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل بولىدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟ . . .

* * *

ئىمىن خوجا سۇلتان مەخدۇم ئەزەمنىڭ دەرگاھى — شوردۆڭدىن ئاقسۇدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆچ يىغىپ پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى.

سەئىدىيە تەختىنى تارتىۋېلىشنى ئۇزاقتىن بېرى كۆزلەپ كېلىۋاتقان بۇ ئىمىن خوجا سۇلتان تاغىسى، ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ قىزى خۇشىنىگار بىكەنى ئەمرىگە ئالغانىدى. ئۇ بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ بەزى ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش، ساقىلى چىقماي تۇرۇپلا ھەربىي سەنئەتنى ئىگىلەشكە ئىنتىلگەن، مىڭلارچە يىگىتلەرنى باشلاپ جەڭ مەيدانىدا ئات چاپتۇرغان، تۇرلۇك يىغا ـ غەلىيانلاردا سۆڭىكى قاتقان، جەڭ مەيدانلىرىنىڭ دەھشەتلىك پاجىئەسىگە زوقلىنىدىغان، تاجۇ ـ تەخت داغدۇغىسى يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرىدىغان قارانىيەت بىر شاھزادە ئىدى. ئۇ بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن تارتىپلا جاھانخۇمار، قانخور بەگلىرى ۋە ئەتكەلىرىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلگەچكە، ئۇلار بۇ ياش شاھزادىنىڭ نازۇك، خىيالچان كۆڭلىنى قانلىق ماجىرالار، تەنتەنە ھاكىمىيەت ھەۋەسلىرى ئوتى بىلەن ياندۇرۇپ كەلگەنىدى.

بۇ قارا نىيەت شاھزادىنى ئۆز ۋىدىن بېرى كۆزلەپ كېلىۋاتقان «شەيتانلار ئانىسى» — ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان بىلەن بۇ قارا نىيەت شاھزادىنىڭ ئارىسىنى بۇزغاندىلا، ئاندىن مىرزا سەئىدمۇھەممەت دوغلات ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا ئەجەللىك زەربە بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. . .

*     *     *

ئەسلىدە، ھىجرىيەنىڭ 916 ـ يىلى[①] يازدا سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا لەشكەر تارتىپ بارغاندا، مىرزا ئەلى تاغايى ئىمىن خوجا سۇلتانغا: «شاھزادەم، سۇلتان سەئىدخان مېنىڭ سىلى بىلەن يېقىنچىلىقىمنى بىلىپ، سىلىگە بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى. خان ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتاننى سىلىنىڭ ئورنىلىرىغا ئاقسۇ نايىبى قىلىپ بەلگىلىمەكچى، ئۇقۇپ قالغايلا، ئەمدى پەخەس بولمىسىلا بولمايدۇ. ماڭا ئىشەنسىلە، بالدۇرراق ھەرىكەت قىلسىلا! . . .»[②] دەپ ئەقىل ئۆگەتكەندى. ئارقىدىنلا بۇ كاززاپ سۇلتان سەئىدخانغا شاھزادە ئىمىن خوجا سۇلتاننى چېقىپ: «. . . ئۇ ھەق ـ ناھەقنى، ئاق ـ قارىنى ئايرىمىدى. بىز ئىگىلىگەن ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىمىن خوجا سۇلتان خان ئالىيلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىنى خانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىماقتا ئىكەن. . .»[③] دەپ مەلۇم قىلدى.

---

① مىلادى 1512 ـ يىلى.
② مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى»، قوليازما.
③ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى»، قوليازما.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆز ئىنىسى ئىمىن خوجا سۇلتانغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، مىرزا ئەلى تاغايى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، «ئىمىن خوجا سۇلتاننى ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىدا داۋاملىق نايىب قىلىپ قويۇۋېرىشكە بولمايدۇ. بولمىسا ئۇ ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى، شاھزادە ئابدۇرەشىد سۇلتاننى ئۇنىڭ ئورنىغا ئاقسۇغا نايىب قىلىپ قويۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئىمىن خوجا سۇلتاننى بەدەخشاننى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتسىلە، مۇشۇنداق قىلسىلا ئۇنىڭ سىلىگە خەتىرى يەتمەيدۇ. ئەمما، بۇنداق قىلسىلا، مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتتەك ئەمىرلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدىلا. مۇبادا، ئۇلار خاننىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كۆنسە بۇ ياخشى بولغىنى، بىراق ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى يەنىلا ئەمىر سەئىد مۇھەممەت مىرزىنىڭ ئادەملىرى ئۇقمىغىنى تۈزۈك!...»[1] دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. ئۇ «مۇھەممەت مىرزىنىڭ ئادەملىرى» دېگەندە، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاغىسى، ئەمىر كەبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ۋە ئۇنىڭ جىيەنى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانىلارنى كۆزدە تۇتقانىدى.

* * *

سۇلتان سەئىدخان تەدبىرلىك خاقان بولغاچقا، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ سۆزىگە پۈتۈنلەي چىنپۈتۈپ كەتمىدى. ئۇ جىيەنى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانىدىن «بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «شاھزادە ئىمىن خوجا سۇلتان دانالىقتا جانابىي ئالىيلىرىنىڭ باشقا ھەر قانداق ئەركانىدىن كۆپ

---

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى»، قولىيازما.

يوقىرى تۇرىدۇ. «زادى مۇشۇنداق قىلمىسا، مەملىكەتنىڭ ئەمىنلىكىگە چوقۇم زىيان يېتىدۇ» دېگەن گەپمۇ قىلچە ئاساسى بولمىغان ئۆسەك سۆز. ئەئىيانلىرى ئۇنىڭغا مەن قەتئىي ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، شاھزادە ئىمىن خوجا سۇلتان بىلەن سىلىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقلىرى خۇددى بىزنىڭ سىلى بىلەن بولغان ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقىمىزغا ئوخشايدۇ. ئەگەر تاغامنىڭ قىزى ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئەھلى ئايالى، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، تاغامنىڭ قىزى يەنىلا سىلىنىڭ قىزلىرىغۇ؟ شۇڭا، بىز ئىككى خاندانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىقى بابباراۋەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ خاندانىمىزنىڭ تېخى سىلىنىڭ خاندانلىرىدىن بىر ئارتۇق تەرىپى بار. ئۇ بولسىمۇ، مەن 23 يىلدىن بېرى ئىزچىل سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇپ كەلمەكتىمەن. مەن قاچانكى سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئاتقۇرۇشقا باشلىدىم، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىلى ماڭا ئاتا ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشىمدىن چارە غەمخورلۇق قىلىۋاتىدىلا. شۇنداق ئىكەن، مەن قانداقمۇ خان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەرك ئېتىپ، ئىمىن خوجا سۇلتانغا خىزمەت قىلغۇدەكمەن؟ خان جانابىي ئالىيلىرى، شۇنىڭغا ئىشەنگەيلاكى، مەن مەڭگۈ سىلىنىڭ خىزمەتكارلىرى...»① دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ دادىل جاۋابىغا قايىل بولغان سۇلتان سەئىدخان بۇ ئىشنى يەنە ئۆزىنىڭ تاغىسى مىرزا سەئىدمۇھەممەت دوغلاتتىن سورىغىنىدا، ئۇمۇ: «پۇشتىپاناھ جانابىي ئالىيلىرى دانادۇر. ھەر قانداق ۋاقىتتا مەن سىلىگە پەرمانبەردارمەن، گەرچە مەن ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ سىلىگە قانداق سۇيىقەست پىلانلىغانلىقىدىن زادىلا خەۋىرىم بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ مەڭگۈ توغرا ئىكەنلىكىگە

---

① ② مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى»، قولىيازما.

ئىشىنىمەن. پۇشتىپاناھ، ئۆزلىرى بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىشنى خالىسىلا شۇنداق ھەل قىلغايلا...» دەپ جاۋاپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئوردىدىكى سۈيىقەستچىلەرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، ۋەلىئەھد ئابدۇرەشىد سۇلتاننى ئاقسۇ نايىبلىقىغا تەيىنلەپ، ئەسلىدىكى ئاقسۇ نايىبى ئىمىن خوجا سۇلتاننى بولسا دارۇلسەنەت يەكەنگە چاقىرتىۋېتىپ، مەملىكەتتە تەرتىپ ئورنىتىپ، ئىشلارنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ئىشىنى ئاستا ـ ئاستا بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. بىراق، نەقشىبەندىيىچى، خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ بۇ ئىشقا قول تىقىشى ئارقىسىدا، زىددىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى...

* * *

ھىجرىيىنىڭ 937 ـ يىلى (يولۋاس يىلى) ماھى شەۋۋالنىڭ ئالتىسى[1]، جۈمە. يەكەندىكى ئالتۇنلۇق جامەسىنىڭ تەكشى مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان كەڭرى سەيناسىغا بەش ـ ئون مىڭ نامازخان يىغىلغان. بۈگۈن سۇلتان سەئىدخان ئۆز ئىنىسى، شاھزادە، سابىق ئاقسۇ نايىبى ئىمىن خوجا سۇلتاننى ئوغلى مەسئۇد سۇلتان ۋە باشقا بىر نەچچە سۇلتان بىلەن قوشۇپ ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلماقچىدى. بۈگۈنكى جۈمە نامىزىدا خاننىڭ بۇ ئىشنى مەملىكەتكە قانداق جاكارلىشىنى كۆپچىلىك يەكەنلىكلەرنىڭ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. چۈنكى، خان ئۆزى بىلەن ئۇزاقتىن بېرى ئارازلىشىپ كېلىۋاتقان ئىنىسى، ئاقسۇ نايىبى «ئىمىن خوجا سۇلتاندىن خاتىرجەم ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ سەلتەنەتكە تەھدىت سېلىشىدىن

---

① مىلادى 1530 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى.

ئەنسىرەپ ۋەھىم يەپ قاپتۇ. . . »[1] دېگەن مىش ـ مىش پاراڭ
كۆپەيگەن، بۈگۈن ئالتۇنلۇق جامائەسىدە ئوقۇلىدىغان خۇتبە بۇ
مىش ـ مىش پاراڭنىڭ قانچىلىك راست، قانچىلىك يالغان
ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. خۇتبە ئوقۇلۇشقا
يەنە بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت بولسىمۇ ئەمما جامائەنىڭ سەيناسىدا
پۈت تىققۇدەك بوش جاي قالمىغانىدى. شۇڭا، جامائەنىڭ ئىشىكى
ۋە دەرۋازىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان قوراللىق ساقچىلار ئىچكىرىگە
قايتا ئادەم كىرگۈزۈشمىدى.

پېشىن مەھەلدە، جامائەمنىڭ يان ئىشىكىدىن سۇلتان
سەئىدخان ئۇستازى سۇلتانۇل ئىشان مۇھەممەت شېرىپ
بۇزرۇكۋار، سەدىرلەر سۇدۇرى[2] خاۋەندە مۇھەممەت خوجا
ئىشان ۋە ئەمىر كېبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات، ئەمىر
مىرزا ئەلى تىلغايى قاتارلىق ئەمرۇل ئۆمەرا، بەگۇ ـ بېگاتلىرىنى
ئەگەشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى.

قويۇق ماش ساقىلى كىندىكىگە چۈشىدىغان سەدىرلەر
سۇدۇرى خاۋەندە مۇھەممەت خوجا ئىشان ھەممە مەسچىت
قوۋمىنىڭ ئالدىغا تۇرۇپ، جۇمە نامىزىنى ئىككى رەكەت پەرزى،
تۆت رەكەت سۈننىتى بىلەن ئوقىدى ـ دە، قولىغا ھاسىسىنى
ئېلىپ، تۆردىكى مەر ـ مەر پەلەمپەيلىك مۇنبەرگە چىقىشقا
باشلىدى. ئومۇمىي جىمجىتلىقتا سەدىرلەر سۇدۇرى خاۋەندە
مۇھەممەت خوجا ئىشاننىڭ يوغان جاراڭلىق ئاۋازى تىترەپ،
موڭغا تولۇپ ئاڭلاندى:

— بىسمىللا ـ ئاھىر ـ راخمان ـ ئانىر ـ رەھىم! ئى
خالايىق! كىمكى گۇناھ قىلسا، بۇ ئالەمدە ۋە ئاخىرەتتە جازاسىز
قالمىغاي! پەرۋەردىگارى ئالەم ئالدىدا جازاسىز قالمىغاي!
پەرۋەردىگارى ئالەم ئالدىدا خاھ پادىشاھ، خاھ گاداي باراۋەردۇر.

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى: «تارىخي رەشىدى»، قولىيازما.
② سۇلتان سەئىدخاننىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى.

مانا دەھرىي ئىمىن خوجا سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد سۇلتانلار ساھىبقىران سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەلىمىنى ئىلىك ئالماي، دىن ئەھلىنى ئاياغ - ئاستى قىلدى. مۇرتەد شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىغا قول بېرىپ، بىدئەتلىك يولىنى تۇتقاچقا، ئاقىۋەت ئىككى دۇنيا ئاللانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولدى. ھەقتا ئاللا ھېچبىر بەندىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ. . . ئەسسەۋابۇ بىفەزلھى ۋەل ئۇقابۇ بىئەدلھى ۋەلەيەد جىبۇ ئەلەيھى شەيئۇ. . . بارلىق خالايىققا مەلۇم بولسۇنكى، ھەر قانداق بىدئەتلىككە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. سەئىدىيە سەلتەنەتى شەيخ خوجا ئەھمەت كاساننىڭ نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنى بىدئەت دەپ ئاللىبقاچان خەلقىئالەمگە جاكارلىغان! بىراق، ئۇل ئىمىن خوجا سۇلتان بۇل پەرمانىي ئالىيگە رىئايە قىلماي، ئۇل بىدئەت شەيخكە قول بېرىپ، غەليان چىقىرىشقا ئۇرۇنغانلىقتىن، ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلىندى. ئىنشائاللا، بۇ جازا باشقىلارغىمۇ ئىبرەت بەرگەي. جانابىي سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىنىڭ مەقسىتى يېغا - غەليان، جەبىر - زۇلۇم ئىچىدە نامراتلىشىپ كەتكەن بول مۇئەززەم مەملىكەتنى بىر جان، بىر تەن قىلىپ مەڭگۇ قۇدرەت تاپقۇزۇشتۇر. ئىلاھىم، پۇشتىپاناھىمىز سۇلتان سەئىدخاننى شۇل ئۇلۇغ مەقسەتكە يەتكۈزگەيسەن، ئىلاھە ئامىن!

— ئىلاھە ئامىن! . . .

مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان نامازخانلارنىڭ تەڭ جور بولۇشىدىن پۈتۈن جامائە تىترەپ كەتتى. . . .

مېھراپنىڭ ئۇدۇلىدا قېلىن خوتەن گىلىمىگە چۆكۈپ ئولتۇرغان سۇلتان سەئىدخان بېشىغا دۇر قادالغان نېپىز يىپەك سەللە - تەلپەك، ئۇچىدىكى قىزىل يىپەك نېمچىسى ئۈستىگە يەڭسىز زەرباب كىيىپ، بېلىنى كۈمۈش كەمەر بىلەن چىڭ باغلاپ، غىلپى لەئەل ۋە جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن

ساپلىق قىلىنچنى ئالدىغا توغرا قويغان هالدا بەدەشقان قورۇپ، خوتىبنى ئاشلاپ ئولتۇراتتى. موشو تاپتا ئۇنىڭ ياشاقلىرى بۆرتۈپ چىققان قارامتۇل يۈزىدە ۋە ئولتۇرۇشۇپ قالغان سەل قىسىق كۆزلىرىدە كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بىر خىل سوغۇق ئىپادە جىلۋە قىلماقتا ئىدى. ئۇ كىچە ئۆزىنىڭ بىر توغقان ئىنىسى، سابىق ئاقسۇ نايىبى ئىمىن خوجا سۇلتان بىلەن قىلىشقان سۆهبىتىنى ئەسلىمەكتە ئىدى:

ئاخشام، ئىككى نۆكىرى ئىمىن خوجا سۇلتاننى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەندە، ئۆلۈم ۋەهىمىسىدىن تىترەپ كېتىۋاتقان ئىمىن خوجا سۇلتان:

— ئى هەزرىتى پۇشتىپاناھ، بۇ نېمە ئىش؟! — دەپ زارلىدى سۇلتان سەئىدخانغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالماي، — بىز قان - قېرىنداشقۇ، ئى قىبلىگاھ، مېنى نېمە قىلماقچىسىز؟

— شۇنداق، بىز ئىككىمىز قان - قېرىنداش، بىراق، ئىنىم ئىمىن خوجا سۇلتان، سىز نەدىندۇر كېلىپ قالغان بىر تېجىمەل شەيخكە قول بېرىپ، سەلتەنەتىمىزنى خۇددى قۇرتتەك ئىچىدىن يەپ تۈگەتمەكچى بولغانلىقىڭىزنى بىر ئەسلەپ بېقىڭ. سىز هەم سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى بەزى جانابلار بەك هەددىڭلاردىن ئېشىپ كەتتىڭلار. هەزرىتى ئاتام شەيخ ئەهمەت: «سەلتەنەت ساهىبى بولغان كىشى قاتتىق قول بولمىسا، ئۆزمەقسىتىگە يېتەلمەس!» دەپ ناهايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. شۇنداق، مەن قاتتىق قول بولالمىدىم، سەۋەنلىك ئۆزۈمدىن ئۆتتى. سەلتەنەت — مېنىڭ ئات قوشۇلغان چوڭ هارۋا مەسىلىلىكتۇر. مېنىڭ ئاتلىق سەلتەنەت هارۋىسىنىڭ هەممە تىزگىنلىرىنى بىر ئادەم ئۆز قولىدا تۇتۇپ باشقۇرۇشى كېرەك. قېرىنداشلىق ئۆزيولى بىلەن بولۇشى كېرەك. بىراق، بىز سىزنىڭ بىز بىلەن قان قېرىنداشلىقىمىزغا ئىشىنىپ، مەملىكەتتىكى ئەڭ باياشات ئۆلكە بولغان ئاقسۇ هۆددۈتلۇقىنى

سىزنىڭ جۇڭقۇر ۋىشىڭىزغا تاپشۇرغاندۇق. بىلەمسىز، سەلتەنەت ھارۋىسى مىنگىلغان ئاساۋ ئايغىر قوشۇلغان چوڭ ھارۋىدۇر! نىھايەت، مىنگىلغان ئاتلارنىڭ تىزگىنلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، توغرا يولغا سېلىپ تۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس. مۇبادا، ئارىغا يات ئادەملەر قىسىلىپ كىرىپ، تىزگىنلەرنىڭ بىرىنى ئۇياققا، يەنە بىرىنى بۇياققا تارتقىلى تۇرسا، بۇ مىڭ ئاتلىق ھارۋا يولدىن چىقىپ كەتمەمدۇ؟ ياردىن غۇلاپ چۈشمەمدۇ؟

ئىمىن خوجا سۇلتان دەرھال:

— شەپقەت قىلىڭ ئى پۇشتىپاناھ، شەپقەت، — دەپ يۈكۈندى.

— سىز ئىشەنگەن بۇل ئىشانلار، — دېدى سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، — ئىلگىرى بىزنىڭ تەختى سەلتەنەتىمىز مۇستەھكەم چاغلىرىدا نائىلاج چىشلىرىنى چىشلەپ بولسىمۇ چىداپ يۈرۈشكەندى. نىھايەت، قاچانكى بىز موغۇلىستان يۇرۇشلىرىدىن غەلبىسىز قايتىشىمىز بىلەنلا ئۇلار يەنە قوتراشقا باشلىدى. يۈكسەك مەرتىۋە، شان ـ شەۋكەت ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ تۇرىدىغان بەزى ئەمىرلەر ۋە ئۇلار قول بېرىشكەن دەستەكسىز ئۇل خوجا ـ ئىشانلار پەقەت تەخت ساھىبى قۇدرەتلىك چاغدىلا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشىدۇ. مەملىكەتتە سەللا داۋالغۇش يۈز بېرىپ، سەلتەنەت سەل تەۋرەنسىلا ئۇلار دەرھال يۈز ئۆرۈپ ئىسيان ناغرىسىنى چېلىشقا باشلايدۇ. قىسقىسى، كىمنىڭ قىلىچى ئۆتكۈر بولسا، ئۇلار شۇنىڭ ئۇچۇن خىزمەت قىلىشىدۇ!

— مېنى بەگلىرىم يولدىن چىقاردى. مېنى شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى بىدئەتلىككە باشلىدى. راست، مەن گۇناھكارمەن. بىراق، سەلتەنەتكە قول سوزغىنىم يوق.

— يالغان! سىزنى ئۇلار بىلەن دوست قىلغان نەرسە ئىچىڭىزدە قوتراپ تۇرىدىغان قارانىيەت، ھەسەتخورلۇق! بۇ

ئىللەتلەر سىزگە جەننەت ماكان ئاتىمىز ئەھمەت خاندىن قالغان ئەمەس! ئاتىمىز مەرد، مەردانە، سېخىي، مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم ئىدى. دەرۋەقە، ئىنساننىڭ روھى ۋە جىسمىغا لاتاپەت بىلەن كاساپەت، نۇر ـ ئىمان بىلەن زۇلمەت ـ جاھالەت تەڭ نىسبەتتە ئارىلاشقان بولىدۇ. ئالەمدە بار بولغان ئىپسىللىق بىلەن پەسلىككە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئىنسان قەلبىنىڭ قاچىسىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئورۇن ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىمدە بىر ئالاھىدە مىجەز پەيدا بولغان. ئاللا تائالا ئىنسانغا مالائىكىلەر ئەقلىدىن بەھرە بەرگەن، شەيتان نەپسىدىن ھەسسە قوشقان. ھەر كىم ئەقىل بىلەن ئىش قىلسا، يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ۋە ئۇلۇغ دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ؛ ئەگەر نەپسىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنسا، ئىتتىن بەتتەر پەس ـ خار ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، بۇ دۇنيا ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار ـ زارلىقتا قالىدۇ. شۇڭا، تەرىقەتچى خوجا ئىشانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەشىك ـ ھەسەتخورلۇقـــى، باشقىلارنى ھەرگىز قۇتاتمايدىغان بېخىللىقى سىزنى ئەتراپىڭىزنى ئورىۋالغان ئىبلىسلارنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. شۇڭا سىز دائىم مېنى كۆرەلمەي كەلدىڭىز. مەن ياخشى كۈن كۆرسەم بۇنىڭدىن سىزنىڭ كۆزىڭىز قىزاردى.

سۇلتان سەئىدخان سۆزىنى تۈگىتىپ قولىنى شىلتىــپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ «سۆزۈم تۈگىدى. ئەمدى چىقىپ كېتىۋەرسەڭ بولىدۇ» دېگىنى ئىدى.

ئىككى نۆكەر كىرىپ ئۇنىڭغا «ئورنىڭدىن تۇر!» دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئاكىسى سۇلتان سەئىدخانغا يېلىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى. ئەمما، سۇلتان ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ تۇراتتى. نائىلاج، ئــۇ ھــېلىقى ئــىككى نۆكەر بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. . .

مەنسەپ، مەرتىۋە، مائاش ـ تەمــىنات، بايلـــىق. . . ھەممىسىدىن بىراق مەھرۇم قىلىنغان ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ

ئىچى چەكسىز ئەلەم، ئۆرتىنىش، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتكە تولۇپ تاشتى. نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىمىن خوجا سۇلتان ئەركىنلىكنىڭ ئىنسانغا بېرىلگەن ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىنى، بۇ نېمەتنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ خۇر ئادەمنى قىلچىمۇ ئەركىنلىكى بولمىغان مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنىڭ نەقەدەر ۋەھشىيلىك بولىدىغانلىقىنى مانا ئەمدى بىلدى. جەننەت ماكان ئاتىسى شەيخ ئەھمەت خاننى ئويلىسا ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ بەك ئېچىشاتتى. چۈنكى شۇ ئاتىسى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى، بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە بارلىق ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنى يىغىپ، بىر باغلام ساداق ئوقىنى ئۇشتۇقۇزۇپ ۋەدە ئالغانىدى. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار ئاتىسىنىڭ ئالدىدا يانمۇ يان تۇرۇشۇپ بۇنىڭدىن كېيىن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشكە ۋەدە بەرگەنىدى. بىراق، ئويلاپ باقسا، شۇ ۋەدىنى بىرىنچى بولۇپ ئۆزى بۇزۇپ، ئىنئايىن يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى شۇ ھامان كۆز ئالدىدا ئايان بولاتتى. بۇرۇن ساق كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنگەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئەمدى قەلب كۆزىدە ھەقىقىي كۆرمەكتە ئىدى.

— گۇناھىم كۆپ! — دەپ پىچىرلىدى ئىمىن خوجا سۇلتان ئۆز ـ ئۆزىگە، — قانچە ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمنى ئەمدى بايقاۋاتىمەن. قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەت قانچىكى كۆپەيسە، يامان نىيەتلىك ئادەملەر بۇنىڭدىن شۇنچىكى سۆيۈنىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت خۇددى گۆش بىلەن تىرناقنى ئاجراتقاندەك ئاغرىقى يۈرەككە سانجىلىـــدۇ. ئەپسۇس! . . .

نەزمە

ئامەتنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن، بەس،
مەنسەپمۇ ھېچكىمنىڭ مىراسى ئەمەس.
بىراۋنىڭ كىيدۈرۈپ قويغان تونى ئۇ،
سالدۇرۇپ ئالمىقىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## تۆتىنچى باب

# قەشقەرىيەدىن قوغلىنىش

«ساڭا يامانلىق قىلغانلىقنى تەقدىرگە تاپشۇر، چۈنكى تەقدىر سېنىڭ ئىنتىقام ئالغۇچى خىزمەتكارىڭدۇر!»

— بابۇر

**مىلادى** 1532- يىلى (بېلىق يىلى) 7- ئاينىڭ 12-

كۈنى نامازشامدىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان بۇتپەرەسلەر ئېلى — تىبەتكە لەشكەر تارتىپ بېرىش توغرىسىدا ھەربىي كېڭەش چاقىردى.

كېڭەش ئاقسارايىنىڭ سىرتىدىكى ھەيدەر باغدا ئۆتكۈزۈلدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا كەڭ، ئېگىز، چىرايلىق بىر يىپەك چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئالتۇن شامدانلار يىپەك چېدىرنىڭ ئىچىنى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى.

چېدىر ئىچىدە خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە روھانىيلار بىلەن مۈلكىي ئەمەلدارلار، خاننىڭ سول تەرىپىدە بولسا، لەشكەر

باشلىقلىرى، تۈمەنبېشى ۋە ھەزارا سەركەردىلىرى،①
ئوتتۇرادەرىجىلىك بەگلەر ۋە مەھرەملەر ساراي رەسىم - قائىدىسى بويىچە ئۆز مەنسەپ - دەرىجىلىرىگە قاراپ ئورۇن ئېلىشقانىدى.

تۆردىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان سۇلتان سەئىدخان ئەمىر كەبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات، ئىسكەندەر سۇلتان، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى ھەم بىر نەچچە ئىش بىلەرمەن يېقىن بەگلىرى بىلەن جەڭ قائىدىلىرى، جەڭ يوللىرى ھەققىدە قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. چىڭگىزنىڭ دۇنيادىكى قىتئەلەرنى ۋە تۇرلۇك ئەللەرنى ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن قوزغىغان ئوت بورانلىرىنى ۋە قان دېڭىزلىرىنى پەيدا قىلغۇچى دەھشەتلىك ئۇرۇشلىرىدا پەيدىنپەي بېيىغان، كېيىن تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئاقساق تېمورلەرنىڭ تۈركىستان ھۇدۇتلۇقىنى ئىسلاملاشتۇرۇش يولىدا باسقان يەنە شۇنداق تالاي قانلىق، قۇدرەتلىك سەپەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي تالانتلىرى نەتىجىسىدە پەيدىنپەي بېيىپ ماڭغان «روسۇمات جەڭ» — جەڭ قائىدىلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن بۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرلۇك مۇلاھىزىلىرىنى زوق - شوقلۇق بىلەن بىلدۈرۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار بۇتپەرەسلەرگە قارشى بولىدىغان كەلگۈسى ھۇجۇمنى قايسى يوسۇندا ئېلىپ بېرىش، تۇرلۇك قىسىملارغا كىملەرنى ئەسكەر باشلىقى قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا ئېنىق، كەسكىن تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاشتى. ھازىر ھەر قانداق ۋاقىتتا قارىغاندا، تېخىمۇ ھوشيار بولغان ۋە پىكرىنى يىغقان ئويچان كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرغان سۇلتان سەئىدخان بەگلىرىنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىگە ئۈنچىقماستىن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ قېتىمقى تىبەت يۈرۈشىنى ئۇزاقتىن

① ھەزارا سەركەردىسى — قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمىدە مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ قوماندانى.

بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يۇرۇشكە ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى باش قىلىپ ئالدىن ماڭدۇرۇپ، ئۆزى بولسا چوڭ قوشۇننى باشلاپ خوتەن ئارقىلىق تىبەتكە يۇرۇش قىلماقچى ئىدى. لېكىن، سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ بۇ مەقسىتىنى تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولغان يېڭى بىر كۈچ ـ تەرىقەتچى خوجىلار بىلەن كېلىشمەستىن تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ يىگىرمە يىلدىن ئارتۇغراق سەلتەنەت سۈرۈش ئەمەلىيىتىدىن ئاخىر تەرىقەتچى خوجىلارنىڭ كۈچىدىن ياخشى پايدىلانغاندا، ئۇلارنى ئۆز سەلتەنەتىنىڭ تايىنىدىغان تۈۋرۈكى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، مۇبادا ئۇلارنىڭ كۈچىدىن مۇۋاپىق پايدىلانمىغاندا، ئۇلار سەلتەنەت ئۈچۈن خەۋپنىڭ ئۇچىقىغا ئايلىنىپ، مەملىكەت ئىچىدە مۇقىمسىزلىق، داۋالغۇش، غەلىيان ۋە ئىسيانلارنى قوزغىغۇچى ئاساسلىق كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ تەرىقەتچى خوجىلارنى قارىغۇيۇق تەقىب قىلىش، ئۇلارنى چەكلەشتىن ئۆزگىرىپ، پەيدىنپەي ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى سۇلۇكلەرنى داۋاملىق تەقىپ قىلىپ چەكلىگەندىن باشقا، ئاساسەن كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا باشلىغانىدى.

شۇ مەزگىللەردە، تەرىقەتچىلەرنىڭ ئاتاقلىق سەردارى خوجا خاۋەندە مەھمۇد ئىشان پەرغانىدىن قەشقەرگە كەلدى. ئۇ ھۈسەيىن بايقارانىڭ مەنىۋى ئۇستازى خوجا ئەھرارخان تۆرىنىڭ قابىل شاگىرتى ئىدى. خاۋەندە مەھمۇد خوجا قەشقەرغە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاھالە ئارىسىدا، بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئارىسىدا تېز ئاتاق قازاندى. «. . . خان باشلىق ھەزرىتى خاجە خاۋەندە مەھمۇد قۇددۇسۇللاھ سىررەھۇغا ئىنابەت قىلدىلەر. خان بارىپ . . . سۇلۇككە كىرىپ، تەمامى نامەشرۇئاتدىن تەۋبە قىلدىلەر. ‹ غەزات ئەئزەم رۇكنى ئىسلامەست ›، دېپ، ھەۋەس

بولۇپ، غەزات ئۇچۇن تىبەتكە تەۋەججۇھ قىلدىلەر. . . »[1]
( « . . . سەئىدخان باشلىق ئۇلۇغلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى خوجا خاۋەندە مەھمۇد خوجىغا قول بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ، ناشايان ئىشلاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزدى. ‹ئىسلام غازاتقا دەۋەت قىلىدۇ› دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە بۇتپەرەست كاپىرلار ئۈستىدىن غازات قىلىشنى خالاپ، تىبەتكە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. . . » )
يۇقىرى قاتلامدىكى تەرىقەتچى خوجىلارمۇ ئۆزلىرى ئېرىشكەن تۈرلۈك ئىمتىيازلارنى پەقەت كۈچلۈك دەھرىي سەلتەنىتىنىڭ ھىمايىسى بىلەنلا ساقلاپ قالغىلى ۋە بۇ ئىمتىيازلارنى تېخىمۇ كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ھالبۇكى، موغۇل بەگلىرىنىڭ نەزەرىدە بولسا، بۇتپەرەست كاپىرلارنىڭ ئۈستىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن غازات ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ تۇرغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ دۇنياغا، ھوقۇققا ۋە مەرتىۋە ـ ئىمتىيازلارغا ئېرىشكىلى بولاتتى. قارىماققا، سۇلتان سەئىدخان يۇقىرى قاتلامدىكى تەرىقەتچى خوجىلار بىلەن قارا نىيەت بەگلەرنىڭ غازات ئۇرۇشى قوزغاش ھەققىدىكى تۈرلۈك قەتئىي تەكلىپلىرىنى رەت قىلسا، بۇ تەرىقەتچى خوجىلار ۋە ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بەگلەر دەرھال ئۇنىڭدىن ئايىنىشى، قارا نىيەت شاھزادىلەرنى سەلتەنەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ھەدەپ قۇترىتىۋاتقان تۆۋەن قاتلامدىكى تەرىقەتچى خوجا ـ ئىشانلار بىلەن ئىتتىپاقلىششى، تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزىگە — سەئىدىيە سەلتەنەتىگە قارشى چىقىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پەرمانى بويىچە كاللىسى ئېلىنغان غەليانچى خوجا قۇتبىدىن ئىشاننىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن تېخى

[1] موللامىر سالىھ قەشقەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 102 ـ بەت.

يىقىندىلا ئاقسۇ نايىبى، شاھزادە ئىمىن خوجا سۇلتاننى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقان مەخدۇم ئەزەم تەرەپدارلىرىغا يالغۇز دەھرى سەلتەنىتىنىڭ كۇچى بىلەن ئەمدى تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقى سۇلتان سەئىدخانغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. . .

* * *

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلى.

سۇلتان سەئىدخان ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكى روھانىيلار قاتارىدا ئولتۇرۇشقان ئۇستازى مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار بىلەن خوجاخاۋەندە مەھمۇد ئىشانغا قاراپ:

— ئەمدىكى سۆز ھەزرىتى ئەزىزانىلەرنىڭ بىزگە قانداق دۇئا بېرىشىدە قالدى، — دېدى.

سەمىرىپ قورساق سېلىپ كالانپايلىشىپ كەتكەن قەشقەر ئەمىرى، مىرزا ئەلى تاغايى سەللىلىك بېشىنى ئېغىر تەۋرىتىپ، مىكىرلىك كۆزلىرىنى ئۇيىنىتىپ چېدىرنىڭ ئاجايىپ زىنىنەتلىك، ياسىداق ئۇقالىق تورۇسىغا قاراپ ئالدىرىماي - تېنىمەي سۆزلەپ تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە، . . . مۇقەددەس غازاتتىن ئىلگىرى، ئىسلام پېشىۋالىرىدىن مۇۋاپىق ئەبزىيەت[①] ۋاقتىنى تاللاپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلماق پەرىزدۇر! — دېدى.

بۇ چاغدا، خوجا خاۋەندە مەھمۇد ئىشان تەۋازۇلۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى - دە، خانغا قاراپ:

— ئەلۋەتتە. . . يۇلتۇزلار نېمە دەيدىكىن، — دېدى.

① ئىسلام مۇنەججىملىرىنىڭ نەزىرىدە قۇياشنىڭ يەرنى بىر قېتىم ئايلانغان ئوربىتىسى.

— مۇبادا، — دېدى ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — يۇلتۇزلار ئەكسىنى سۆزلىسە، ھەزرىتىم قانداق قىلىدىلا؟

— خوجا خاۋەندە مەھمۇد ئىشان ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى - دە، تەخت ئالدىغا كەلدى ۋە سۇلتان سەئىدخاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تەنتەنىلىك بىلەن:

— جانابىي خان ئالىيلىرى، بىز سىلىگە قانداق ئىشەنگەن بولساق، سىلىمۇ بىزنىڭ دۇئايىمىزغا شۇنداق ئىشەنگەيلا. بىزنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ تاج - دۆلەتلىرىنىڭ پايدىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ شان - شەۋكىتى ئۈچۈندۇر! — دېدى.

بۇ چاغدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرۇشقان بەگلەر ئۇنىڭ پۇچەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مۇرلىرىنى قىسىپ قويۇشتى. مىرزا ئەلى تاغايى باشلىق بىر قىسىم ئەمىرلەر بولسا جانلىنىپ كېتىشتى.

بەگلەر بىردەم سۇلتان سەئىدخانغا، بىردەم ئەمىر كىبىر مىرزا مۇھەممەت دوغلاتقا قاراپ شۈك ئولتۇرۇشتى.

بىردىنلا، خوجا خاۋەندە مەھمۇد ئىشان مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— مەن ئەمىر كىبىر جانابلىرىنى ئىلمىي غايىبنى بىلمەدىكىن دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، سىز بىلمەيدىكەنسىز، — دېدى قىلچىمۇ تەپ تارتماستىن، — ئىلمىي غايىبنى بىلمەي تۇرۇپ، ئاسماندىكى يەتتە كاۋاكىپ[1]، ئون ئىككى بۇرج[2]،

---

① يەتتە كاۋاكىپ — قۇياش، ئاي، مىرىخ، ئەتتارۇ، مۇشتەرى، زوھرە، زۇھەل قاتارلىق يەتتە سەييارىنى كۆرسىتىدۇ.

② ئون ئىككى بۇرج — ئىسلام ئاسترونومىيىسىدە ھەمەل، سەۋر، جەۋزا (قوزا)، سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇلە، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەددى، دەلۋە، ھۇت قاتارلىق ئون ئىككى بۇرج بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر يىل ئىچىدىكى تۆت پەسىل ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن، ھەمەل، سەۋر، جەۋزا باھار پەسلىنى؛ سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇلە - ياز پەسلىنى؛ مىزان، ئەقرەب، قەۋس كۈز پەسلىنى؛ جەددى، دەلۋە، ھۇت - قىش پەسلىنى كۆرسىتەتتى.

سەككىز قىرغاقنى[1] بىلمەي تۇرۇپ بۇتپەرەست كاپىرلار ئۇستىدىن قانداق غازات قىلماقچى بولىسىز؟

— مەن ئۇرۇشتا ئىلمىي غايىبقا ئەمەس، بەلكى «روسۇمات جەڭ» قائىدىسىگىلا ئەمەل قىلىمەن. چۈنكى، «كىمكى ئىلمىي غايىبقا ئەمەل قىلسا، شۇ چوقۇم كاپىر بولىدۇ!» دېگەن ھەدىسنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانمەن.

— سىز ھەدىسكە ئەمەل قىلىدىكەنسىز، لېكىن ئاللاھتىن نازىل بولغان سەككىز ئايەتكە ئىقرار ئەمەس ئىكەنسىز - دە!

— قايسى سەككىز ئايەت ئىكەن ئۇ؟

— بۇ سەككىز ئايەت مۇنۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاسمان تەبىقىلىرىدە پلانېتلارنىڭ سەير دائىرىسى ئۈچۈن بۇرجلارنى ياراتتۇق؛ بىز ئاسمان دۇنياسىنى يۇلتۇزلارنىڭ بېزەكلىشى بىلەن زىننەتلىدۇق؛ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار تەڭرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنىدۇ؛ بەس، يۇلتۇزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن قەسەمكى، ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ سەيىر قىلىشى ئۈچۈن دائىرىلەرنى ياراتقان تەڭرى نېمىدېگەن ئۇلۇغ؟ قەسەمكى، بۇرج - ئاسمان دائىرىسى بار ئاسمان ھۆرمىتى بىلەن؛ ئىنسانلار يىراق يەرگە يۇرۇشتە ۋە ئىشلىرىنى باشلاشتا يۇلتۇزلارنىڭ سەيىر قىلىشىنى مۆلچەرلەپ توغرا يول تاپىدۇ. بەس، كۆزىڭلار! تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرمەكچى بولساڭلار، يۇلتۇزلارغا قاراڭلار.»

شۇ سۆزلەرنى دەپ تۇرۇپ خوجا خاۋەندە مەھمۇد ئىشان «سۇف، سۇف!» دەپ ئۆزىنىڭ مۇرىلىرىگە دەم سالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن مىرزا ئەلى تاغايى باشلىق بىر نەچچە ئەمىر - بەگلەرمۇ مۇرىلىرىگە دەم سىلىشتى.

— ئۇنداق بولسا، ھۆرمەتلىك تەقسىر، سىز ئېيتىپ بېقىڭا، — دېدى ئەمىركەبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت

[1] سەككىز قىرغاق — ئىسلام ئاسترونومىيىسىدە غەرب، شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلەرنى ۋە ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىنى كۆرسىتەتتى.

دوغلات، — ئاي قايسى بۇرجىدا؟
— مەن ئۆزۈم كېچىسى بىلەن ئاسمانغا قاراپ چىقتىم، — دېدى ئۇ كۆرەڭلەپ، - ئۇ يەردە ئەل - جەھبە[1] يۇلتۇزى پەسەيگەن، سەدبۇلا[2] يۇلتۇزلىرى بىلەن ئەس سىماق[3] يۇلتۇزلىرى بىر - بىرىگە توغرا كېلىپ قىلىشقانىكەن. ئوقيا بەلگىسىگە توغرا كېلىدىغان ۋە ئەششۇئالە دەپ ئاتىلىدىغان ئاي ماهي زۇلهەججىنىڭ ئون توققۇزى ھەمەل بۇرجىدا توختاپ، ئالتە دەرىجىدە، ئىنكار بىرلە مىررىخ بەشىنچى دائىرىدە بولىدۇ. بىراق، بۇ ۋاقىت ئوغرى - قاراقچىلارغا ئەپلىك بولسىمۇ ئەمما شاھۇ - سۇلتانلارغا يۈرۈش قىلىشقا خوپ ئەمەستۇر. شۇڭا، ھازىر يۈرۈش قىلىش ھەرگىز ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەس!
— خان ھەزرەتلىرى، — دېدى ئەمىركەبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلتان سەئىدخانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، — بىزنىڭ پىكرىمىزچە، ئۇلۇغ يۈرۈشتە يۇلتۇزلارنى ئەمەس بەلكى ئەقلنى يولنامە قىلماقلىق لازىمدۇر. چۈنكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز غەلىبىگە باشلاپ بارىدىغان يولنى ئەقلنىڭ نۇرى بىلەن تېپىشقان. غالىبىيەت يولىدىكى تۈرلۈك مۇشكۇلاتلارنى يۇلتۇزلارنىڭ زورى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل - ئىدرىكىنى ئىشقا سېلىپ يەڭگەن. نىھايەت، غالىبىيىتىمىز ئۈچۈن ھەممە نەرسە ھازىرلانغانىكەن، بىزگە تولىمۇ يىراق بولغان يۇلتۇزلارنىڭ ھېچ كېرىكى يوقتۇر دەپ ئويلايمەن. ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، مەن ھەربىي كىشىمەن. بىز باستۇرۇپ بارماقچى بولۇۋاتقان ئاشۇ بۇتپەرەسلەرنىڭ كۈچىنى، تىبەتنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى ئۈزاقتىن بېرى مۇلاھىزە قىلىپ كەلمەكتىمەن. تىبەت بۇتپەرەسلىرىنىڭ نىجىس بۇتخانىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇ يەرلەردە ئىسلام ھىدايىتىنى جارى

[1] [2] [3] ئىسلام ئاسترونومىيىسىدە يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ئاتىلىشى.

قىلدۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار شەرەپلىك ۋەزىپىنى تا بۇگۈنكى كۈنگىچە ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان پادىشاھى ئەمەلگە ئاشۇرالماي كەلگەنىدى. ئەلھال، ئىشەنچىم كاملىكى، بۇ ھەم ئۇلۇغ، ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە پۇشتىپاناھىمىز سىلىنىڭ كۈچلۈك قولىدا ئورۇنلانسا ئەجەب ئەمەس. شۇڭا، ھەرگىز ئىككى ئويلۇق بولمىغايلا، تاڭ ئاتقاندا كۈن بايرىقى بىلەن تەڭ غالىبىيەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئاتلىنىشىمىزغا پەرمان بەرگەيلا! . . .

تىبەت خەلقى قەدىمدىن تارتىپ بۇتقا چوقۇناتتى. تىبەتنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن سوغۇق بولغانلىقى ئۈستىگە، تەبىئىي شارائىتمۇ ئىنتايىن ناچار بىر جاي ئىدى. ئاھالىسىنىڭ قىشلاقتا ئولتۇراقلاشقانلىرى «رايۇل»، سەھرادا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى «جىنبە» دەپ ئاتىلاتتى. كۆچمەن جىنبەلەرنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بىر نەچچە قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «دولپا» دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىنىڭ خەلقىلا ئەللىك مىڭ تۇتۇندىن ئېشىپ كېتەتتى. جىنبەلەر يۇكلىرىنى قويغا ئارتىپ توشۇيتتى. ئۇلارنىڭ يۈك توشۇيدىغان قويلىرى يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىدى.

تىبەت ئالتۇن كۆپ چىقىدىغان جاي بولغاچقا، قەدىمدىن تارتىپ «ئالتۇنچى تىبەت» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلگەنىدى. تىبەتنىڭ غەربىدىكى جايلار[①] مىرزا ئابابەكرى زامانىدا قەشقەرگە تەۋەلىك بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى. مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن بۇ جايلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالدى. تىبەتنىڭ غەربىدە بالتىستان ۋىلايىتى بار بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىدە بەلۇجىستان، بەدەخشان ئەللىرى بار ئىدى. جەنۇبىدا كەشمىر دۆلىتى بار ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ غەربىي-

① ھازىرقى ئالىي ۋىلايىتى بىلەن ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى لاداخ ئەتراپلىرى.

جەنۇبىدىكى چېگرا ـ ھۇدۇتلۇقلىرىنى بەدەخشان، بەلۇجىستان قاتارلىق ئەللەرگە كېڭەيتىپلا قالماستىن، يەنە ئىسلام سۇلتانلىقى بولغان كەشمىرگىمۇ تۇتاشتۇرۇشنى، ھەتتا ئۇنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىشنى نىيەت قىلغانىدى.

كەشمىر سۇلتانلىقىدا ھىجرىيە 743ـ يىلى[1] تەختتىن چۈشكەن مىرزا جەمشىددىن شاھتىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، سۇلتان جەمشىد، سۇلتان ئالاۋىددىن، سۇلتان شاھابىددىن، سۇلتان قۇتبىددىن، سۇلتان ئىسكەندەر، سۇلتان ئەلشىر، سۇلتان زەينۇلئابىددىن، سۇلتان ھەيدەر شاھ ۋە ھىجرىيە 891ـ يىلى[2] ئۆلۈپ كەتكەن سۇلتان ھەسەن شاھقا قەدەر جەمئىي ئون ئەۋلاد پادىشاھ ھۆكۈم سۈرگەنىدى. سۇلتان ھەسەن شاھ ئۆلگەندىن كېيىن كەشمىر دۆلىتىدە يېغا ـ غەلىيانلار زادى ئۆكسۈپ باقمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققان سۇلتان مۇھەممەت شاھ، سۇلتان ئىبراھىم شاھ ۋە ئىسمائىل سۇلتان قاتارلىق ئۈچ سۇلتان كەشمىرنى ئىدارە قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاققا بارمىدى. ھازىر كەشمىر دۆلىتىدە سۇلتان نازۇكشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. كەشمىر دۆلىتى شۇ زامانلاردا ئۆزىنىڭ باياشادلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى.

«تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەندەك، «ئالتۇنچى تىبەت» نىڭ ئالتۇن كانى بىلەن، كەشمىر دۆلىتىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقى ـ سۇلتان سەئىدخاننى ئۆزىگە ئاھىڭرەبادەك تارتىۋالغانىدى. . .

ئەمىر كەبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتمۇبۇتپەرەسلەرنىڭ كۆچى ۋە تىبەتنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئۈستىدە توختالغاندا مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتقانىدى.

---

① مىلادى 1342ـ يىلى.
② مىلادى 1486ـ يىلى.

— پۇشتىپاناھ، — دېدى ئۇ سۇلتان سەئىدخانغا قاراپ، — بىز سىلىگە ئەگىشىپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە كەلگەندىن بېرى، ئەلنى گۇللەندۇرۇپ، خەلقنى پاراۋان قىلىش يولىنى ئىزدىمەكتىمىز بىراق مىرزا ئابابەكرى بۇ ئەلنىڭ يىلىكىنى شوراپ قۇرۇتۇپ تاشلىغانلىقتىن، ھازىرغا قەدەر ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ. سەئىدىيە سەلتەنىتى خەلقنىڭ زىممىسىدىن ئون يىللىق باج - سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ئەپسۇس «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرالماپتۇ» دېگەندەك، يېغا - پاراكەندىچىلىك دەستىدىن خارابلىشىپ، چۆللىشىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ ئەل قەددىنى زادىلا رۇسلىيالمىدى. بىز ئىستىقبالىمىزنى موغۇلىستاندىن ئىزدىگەن بولساقمۇ ئەمما ئۇيەردىن مېھرىمىزنى ئۈزۈپ، بالتىستان بىلەن كەشمىرگە كۆز تىكىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، قۇلىڭىز مەن بىر نەچچە قېتىم ئىشەنچلىك ئادەملىرىمىزنى كەشمىرگە ئەۋەتتىم. ئۇ يەردە بىزگە خەيرىخاھ ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلار كەشمىر سۇلتانى نازۇكشاھنىڭ زۇلۇمىدىن نارازى بولۇپ، بىزنى كەشمىرگە كېينى - كەينىدىن چاقىرماقتا. قەدىمكى «قەندىھار مەدەنىيىتىنى[1] تىكلەش ئۈچۈن بىزگە سۇلتان سەئىدخاندەك مەرىپەتلىك تاجدار كېرەك» دېيىشمەكتە...

ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كەشمىردە شەمسىددىن دېگەن بىر بىدئەتنىڭ باشچىلىقىدا قۇياشقا چوقۇنىدىغان «شەمسىيە مەزھىپى» دېگەن جاھالەت ئېقىمى پەيدا بوپتۇ. ئۇلار گەرچە نامدا «مۇسۇلمان» دېيىلسىمۇ ئەمما ئۇلار ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاللانىڭ بەرھەقلىكىگە شەك كەلتۇرۇپ، «قۇياش بەرھەق، كۇللى شەيئى

① مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ھازىرقى ئاۋغانىستاننىڭ قەندىھاردا بارلىققا كەلگەن مەشھۇر بۇددا مەدەنىيىتى.

بەرھەق!» دېگەننى تەرغىب قىلىشىدىكەن. ئۇ يەردە ئىسلام مەشئىلى ئۆچۈپ، بىدئەت، جاھالەت گۇلخانلىرى يېنىۋېتىپتۇ!
ئادەتتە ئاز سۆزلەيدىغان ئاددىي باھادىر مۇھەممەت بارلاسبەگ يوغان بارماقلىرى بىلەن قەھرلىك يۇزىدىكى يىرىك قارا ساقىلىنى تاتىلاپ تۇرۇپ زەردە قىلغاندەك كەسكىن سۆزلىدى. قارىغاندا، ئۇ بۇ مەنىسىز مۇزاكىرىدىن زېرىككەندەك قىلاتتى:
— ئەمىر كەبىر جانابلىرىنىڭ سۆزىدە نۇرغۇن مەنە يوشۇرۇنغان. نۇرغۇن قېتىم سىنىغانمىز، ئىشانلارنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركاتى يوق. كۆپ چاغلاردا ئۇلارنىڭ دۇئاسى يىغىغا ئايلانغان.
سۇلتان سەئىدخان ئىككىلىنىپ قالدى. ئەمىر كەبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات روھانىيلارنىڭ دۇئاسىغا قاراپ ئولتۇرماي، تىبەت بۇتپەرەسلىرىگە قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى كېچىكتۈرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلاتتى. بولمىسا ياز چىقىپ كېتىپ قار چۈشۈپ قالسا يول ئېتىلىپ قالىدۇ ـ دە، يۈرۈش ۋاقتىنى كېلەر يىلى يازغا قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمىر كەبىرنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەن باشقا بەگلەرمۇ سۇلتان سەئىدخانغا مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى:
— ئاللانىڭ مەدىتىگە تايىنىپ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇتپەرەسلەرنىڭ ئۇستىگە لەشكەر تارتىشىمىز كېرەك! — دېيىشتى ئۇلار، — مۇۋاپىق ئەبزىيەت كۈننى ساقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق!...
سۇلتان سەئىدخان ھەربىي كېڭەشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.
مىلادى 1532ـ يىل 8ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى. بۈگۈن

زۇلھەججىنىڭ ئاخىرقى كۈنى[1] ئىدى. ناماز بامداتتىن كېيىن خىزمەتكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئۇستىگە ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيدى. بېلىگە قىنى رەڭگا رەڭ قىممەتباھا مەرغۇپ تاشلار قويۇلۇپ نەپىس ئىشلەنگەن ئالتۇن ساپلىق يېگىسار قىلىچىنى تاقىدى. چىرايلىق نەقىش بېسىلغان ساغرا ساداقنى قىيپاش ئېسىپ، ياسىنى تاقاپ، تېتىك قەدەم تاشلاپ، ھەيۋەت بىلەن چېدىردىن چىقتى. بۇ چاغدا شەرقتىكى تاڭ سەھەر مالائىكىسى ئۇيقۇدىن تېخى ئەمدىلەتىن ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ بىنەپشە ھەرىمىگە دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەنىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار شالاڭلىشىپ، كۆك قەرىدىكى ئورنىدا ئەڭ ئۇزاق تۇرىدىغان چولپانمۇ ئۆز ئۇۋىسىنى تېپىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقانىدى. ھىلال ئايمۇ نۇر يېغىپ ئاسمان چېدىرىنىڭ بىر چېتىدە ئۆڭۈپ بارا - بارا كۆزدىن يوقالماقتا ئىدى. زەرەپشان تەرەپتىن سوقۇلۇۋاتقان سالقىن شامال يىپەك چېدىرنىڭ جالالىرىنى ئاستا لەپىلدەتمەكتە ئىدى. يىگىتلەر ۋە بارلىق ھەربىي، مۇلكىي خادىملارنىڭ سەھەر قاراڭغۇسى ئىچىدە ھەربىي يۈرۈشكە ئالدىراشلىق بىلەن جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقان غۇۋا كۆلەڭگىلىرى كۆرۈنمەكتە ئىدى.

خىزمەتكارلار ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن، ئېغىزدۇرۇقنى چىشلەپ بىر ئىزدا توختىماي ئويناقلاپ تۇرغان قومۇشقۇلاق، چىلانتورۇق ئاتنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. سۇلتان سەئىدخان خىزمەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتقا مىندى ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى تامدەك قورشاپ تۇرۇشقان، تولۇق قوراللانغان سۆلەتلىك بەگلىرى بىلەن بىللە لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئات سىلىپ كەلدى. ئۇ بەگلەرگە

[1] «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما) دا: «ھىجرىيە 938- يىلى زۇلھەججىنىڭ ئاخىرقى كۈنى» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن.

قىسقا ـ قىسقا بۇيرۇقلارنى بېرىپ، لەشكەرلەرنى ئىلغار[1]، چېرىنغار،[2] بېرىنغار[3] سەپلەرگە ئايرىپ، ئۆزى ئىشەنچلىك لەشكەر باشلىقلىرى، باھادىر يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالدى، ھەمدە مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگاننى ھەزارا[4] سەركەردىسى قىلىپ بەلگىلەپ، بۇ قوشۇنغا ئوغلى، شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتاننى نازىر قىلىپ بەلگىلىدى ۋە بۇ يەزەك[5] قوشۇننى سانجۇ يولى ئارقىلىق توبرا ماريولغا[6] يۈرۈش قىلىشقا پەرمان بەردى.

سۇلتان سەئىدخان چېرىنغار قوشۇنغا مۇھەممەت بارلاسبەگنى، بېرىنغار قوشۇنغا ئابدۇللاقۇل ياساۋۇلنى باشلىق قىلىپ بەلگىلەپ، ئۆزى، ئوردۇ قوشۇندىكى قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئەلى تاغايى ۋە باشقا ئەمىر ۋۇل ـ ئۈمەرا، بەگ ـ بېگالارنىڭ ھەمراھلىقىدا بەش مىڭ كىشىلىك سەئىدىيە قوشۇننى باشلاپ خوتەن يولى ئارقىلىق دولپاغا قاراپ ئاتلاندى.

سەئىدىيە قوشۇننىڭ يۈرۈشكە ئاتلانغان پەيتى دەل ئالتۇن قۇياش ئۇپۇقتىن بالقىپ چىققان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. كاناي ـ سۇناي ساداسى ۋە دارۇلسەلتەنەت يەكەننىڭ چوڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سانجاق ـ سانجاق تۈرۈپ كېتىشكەن ئۇزاتقۇچىلارنىڭ: «ئاق يول بولسۇن، غەلىبە قۇچۇپ قايتقايسىلەر!» دېگەن ئاللاھ ـ بارىكاللا غۇۋغىسى، سەرۋاز، جانبازلارنىڭ تاماشىسى ئىچىدە سۇلتان سەئىدخان قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقتى. يۈرۈش تەرتىپىدە تىزىلغان نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ تۇرلۇك قىسىملىرى كەڭ كوچىنى لىق تولدۇرۇپ تەكشى قەدەم تاشلاپ رەتلىك كېتىپ بارماقتا ئىدى. ھەربىي

---

① قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئۇدارنىڭ قىسىم.
② قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئوڭ قانات قىسىم.
③ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا سول قانات قىسىم.
④ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا مىڭ كىشىلىك قوشۇن.
⑤ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئالدىن يۈرگۈچى قوشۇن.
⑥ ھازىر «لاداخ» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇرۇش مۇزىكىسى بولغان «ھۇزۇرۇم» مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ شوخ چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇنايلارنىڭ ئارىسىدا دۇبۇلغىلار، ساۋۇتلار، نەيزە - قالقانلار، ئايپالتىلار، تۇفەڭ - مىلتىقلار ئەتىگەنلىك كۈننىڭ نۇرىدا يالت - يۇلت قىلاتتى. قىزىل، يېشىل تۇغ - ئەلەملەر ئەتىگەنلىك سەلكىندە يېپىلىپ يېنىك لەپىلدەيتتى. جەڭگە، ئۇزاق مۇساپىلىك يۇرۇشلەرگە ئۆگەنگەن ئاتلار كۈمۈش ئېغىزدۇرۇقلىرىنى چايناپ، ھەيۋەتلىك كىشنىشىپ، يۇگۇرۇشكە ئىنتىلەتتى. نۆكەرلەرنىڭ، جەڭچىلەرنىڭ ۋە بەگلەرنىڭ كۆزلىرى قەھرلىك، چىرايلىرى سۈرۈن ھەم جىددىي ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان قولىنى شىلتىۋىدى، ھەيۋەتلىك سەئىدىيە قوشۇنى پخۇددى ھەيۋەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئاققان دەھشەتلىك زەرەپشان سۈيىدەك جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. . .

* * *

مىلادى 1533- يىلى 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى. يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ئوردا پادىشاھىم[①] سەيلىسى بۇ يىل يەنە باشلاندى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان سەييىد ئارسلانخان خوتەن بۇتپەرەس ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا، مۇشۇ يەردە شېھىد بولغانىكەن. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندە كۈن تۇتۇلۇپ، يەر تەۋرىگەنمىش. شۇ چاغدا يەر بىردىنلا يېرىلىپ، بۇتپەرەسلەردىن نۇرغۇنلىرىنى يەر يۇتۇپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ تەرىقەتچىلەر خانىقالاردا شۇنداق دەپ مەسىلە - مەرۇپ قىلىشاتتى ۋە مۇرىتلارنى ئاسىي كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئوردا پادىشاھىم مازىرىغا

① قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر مەشھۇر مازارگاھ.

بېرىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىشقا دەۋەت قىلىشاتتى.
بۈگۈن تېخى تاڭ ئاتار - ئاتماستىنلا ئوردا پادىشاھىم مازىرىغا تاۋاپچىلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، مازارنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر مىغ - مىغ تۇرۇشۇپ كېتىشتى. شۇنداق بولسىمۇ، چوڭ يولدىكي تاۋاپچىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشىۋاتاتتى. ئادەملەر قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ئادەت بويىچە، كەشلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇشقان ھالدا يالاڭغىداق كېلىشمەكتە ئىدى. تاۋاپچىلارنىڭ ئارىسىدا ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ، قېرىلارمۇ، ياشلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى تەقۋادارلارمۇ ۋە چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ، بۇ مۇبارەك مازاردىن گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن ئۈمىد باغلىغان سالپى - ساياق ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ئەرلىرى تۇغماس خوتۇنلىرىنى يېتىلەپ، ئانىلىرى ئاغرىق بالىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار ئوردا پادىشاھىنىڭ قەبرىسىگە يۈزلىرىنى يېقىپ، مۇبارەك چاڭلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈۋېلىش ئۈچۈن قەبرىنىڭ ئاق گۈمبىزىگە يىراقتىن تەشنالىق بىلەن قاراشتى...
مازارنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان خانىقادا بولىدىغان تائەت، ئىبادەت نىمشقىدۇر ئۇزاققىچە باشلانمايۋاتاتتى، خانىقا سىرتىدا ئۆرە تۇرۇشقان تاۋاپچىلار مەخدۇم ئەزەم دېگەن شەيخنى كۈتۈشمەكتە ئىدى. خانىقا سىرتىدا جەزرىمە ئاپتاپ ئاستىدا تىقىلىشىپ تۇرۇشقان بۇ ئادەملەر بىر - بىرىگە چاپلاشقان ھالدا ئۆرە تۇرۇشاتتى. بۇ ئالەمنىڭ بەخت - سائادىتىدىن ئىخلاسى قايتقان بۇ ئادەملەر بۈگۈن مۇشۇ يەردە مەخدۇم ئەزەمگە قول بېرىپ، ئۇنى پىر تۇتماقچى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئالدى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەر بىر ئىغىز سۆزدىن ئەندىكىپ،

«ياسۇبهانالللا!» دېيىشىپ كەتتى. يىراقتا يەنە بىر توپ ئادەم بۇلارغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكەچ جىم تۇرۇشاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ پەيلى ياماندەك قىلاتتى. بۇ ئادەملەر مۇھەممەت شېرىپ ئىشانىنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ، بۈگۈن مەخدۇم ئەزەم تەرەپدارلىرى بىلەن تۇتۇشۇش ئۈچۈن ئوردا پادىشاھىمغا يېتىپ كېلىشكەنىدى.

بىردىنلا خانىقانىڭ پەشتىقى ئالدىدا تىقىلىشىپ تۇرۇشقان ئالمان ھاياجانلىنىپ تەۋرەپ كېتىشتى. يىغا - زار كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەر ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. دەل شۇ چاغدا بەزىلەرنىڭ:

— شەيخ، شەيخ مەخدۇم ئەزەم! — دېگەن ئاۋازلىرى ياڭرىدى.

سوپىلار قوللىرىدىكى سوتلىرى بىلەن دېۋەيلىشىپ، ئالمان ئارىلىقىدىن يول ئاچاتتى. سوپى - ئىشانلىرىنىڭ «پوش، پوش» دېگەن چۇقان سادالىرى ئىچىدە گويا پانىي دۇنيانىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ۋە تۇرلۇك دىيانەتلىك خىياللارغا چوڭقۇر چۆمگەن شەيخ مەخدۇم ئەزەم بېشىنى تۆۋەن سالغان ۋە پۇتىغا قوڭالتاق كەش كىيگەن ھالدا پەشتاق تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يارامىلىق خەلپىسى مەككە خوجا ئىزمۇ ئىز بېسىپ ئۇنچىقماستىن مېڭىپ كېلىۋاتقانىدى.

مەخدۇم ئەزەم پەشتاق ئۇستىگە چىقىپ تىز پۈكۈپ ئولتۇردى. ئۇستىگە ئاق سۇف كىپەن كىيىشكەن يالاڭغىداق سوپى - ئىشانلىرى ئۇنىڭ كەينىدە يېرىم ھالقا شەكلىدە تىزىلىشىپ ئۆرە تۇرۇشتى. بۇ چاغدا، مەخدۇم ئەزەم جەزرە ئىسسىقتىن خۇددى دوغ سۇدەك خىرەلىشىپ كەتكەن ئاسمانغا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، دۇئا ئوقۇدى: «ئاللاھ مۇھەممەغفىرلىي زۇنۇبىي ۋەھەتەھلىي ئەبۋابەفەدلىكە!» («ئى ئاللاھ، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن ۋە رەھمىتىڭنىڭ

دەرۋازىلىرىنى ماڭا ئېچىپ بەرگەيسەن! ئى ئاللا، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن ۋە ياخشىلىق دەرۋازىلىرىنى ماڭا ئېچىپ بەرگەيسەن! »)

پەشتاقنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقان ئالىمان ئىچىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ مېھرى ئېرىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. تائەت - ئىبادەت باشلاندى.

مەخدۇم ئەزەم تەبلىغدە تائەت - ئىبادەت بىلەن مەسائىل مەرۇپىنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ چەكسىز ئۇزاق سوزۇپ داۋام قىلدۇردى. پەشتاق ئالدىدا تۇرۇشقان مۇرىتلار مەخدۇم ئەزەمنىڭ مەسىلە - مەرۇپىغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا قۇلاق سېلىشماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئۇلارغا قارىشىپ يىراقتا تۇرۇشقان ھېلىقى بىر توپ ئادەملەر بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ سۆرۈلۈپ كېلىشىپ، پەشتاق ئەتراپىدىكىلەرنىڭ چۆرىلىرگە ئولاشتى ۋە ئۆزلىرىنى مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەبلىغىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغانغا سېلىشىپ تۇرۇشتى.

— ئى ئەھلى مۇرىتلار، بىلەمسىلەر، بىزنىڭ كارامەتلىرىمىز شۇدۇركى، — دېدى مەخدۇم ئەزەم خالايىققا، — خۇددى پەيغەمبەر ئالەمنى كېزىپ ئابىي ھاياتنى تاپقاندەك، تىرىكچىلىكنىڭ يولىغا باشلايدىغان ھەزرىتى ئەيسا مەسىھ «سۇف!» دەپ ئۆلۈكنى تىرىلدۇرگەندەك، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام بەھرەيىنىگە بېرىپ ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشقاندەك، بىزنىڭ سۆزلىرىمىزمۇ ئىمامىي ئەزەمدۇر! پەيغەمبەر ھىرا غارىدا خۇدا بىلەن گەپلەشكەن چاغدا، بىزنىڭ روھىمىز پەيغەمبىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ، ئاللانىڭ سۆزىنى ئىشتكەن! پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى بىز كەبى ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ مەرتىۋىلىرى بىلەن بىردۇر. شۇڭا، بارلىق تەرىقەتلەر ئىچىدە بىزنىڭ تەرىقىتىمىزلا مىنەلھەقتۇر!..

*　　　*　　　*

ئەسلىدە مىرزا ئابابەكرى زامانىدىن باشلاپ تۇنجى قېتىم يەكەن، قەشقەر، قارا شەھەر تەرەپلىرىدە تەرىقەتچىلىك تەرغىباتلىرى ئۇچۇن ھىجرەت قىلىپ پەيدا بولغان بۇخارالىق ئەبۇ ھەبى كىبىرنىڭ نەۋرىسى خوجا ئەرشىدىن، بەلخلىق شەيخ شاھابىددىن خوجا، پەرغانىلىق خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى خوجا خاۋەندە مەھمۇد ئىشان، خوجا مۇھەممەت ئەبەيدۇللا بىننى خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا، شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى (مەخدۇم ئەزەم)، خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئەھرارى، سەمەرقەندىلىك خوجا مۇھەممەت شىرىپ ئىشانلار («تەزكىرەئى پىر ياران» دېگەن كىتابتا: «سەككىز ۋەلىي» دەپ تەرىپلەنگەن) گەرچە ئوخشاش بىر نەقشبەندىيە تەرىقىتىنى ئۆزلىرىگە مەۋھۇم شوئار قىلىشقا ۋالغان روھانىيلار بولسىمۇ ئەمما شوئارى بىر، مەقسىتى باشقا پەۋقۇلئاددە مۇتەئەسسىپ، نىزاچىلىق ئۇستازلىرىدىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىردىن سۇلۇك ـ گۇرۇھنىڭ پىر ـ ئەۋلىياسى، دەپ دەۋا قىلىشاتتى ۋە تۇنجى قېتىم يەكەن، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا سۇلۇك، يەنى «قادرىيە»[1] ياكى «جەھرىيە»، «خۇفىيە»[2] ياكى «نەقشبەندىيە»[3]، «سوھىر ۋەدىيە»[4] «چىشىيە»، «كوبۇرىيە»... سۇلۇكلىرىنى تارقىتىش،

---

[1] قادرىيە — ئىرانلىق ئابدۇلقادىرجىلانى (1077 ـ 1160) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك سۇلۇكى.

[2] خۇفىيە — بۇ سۇلۇكنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتىنى مەخپىي ئېلىپ بارغانلىقتىن شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇھەممەت باھاۋۇدىن نەقشبەندى (1318 ـ 1388) تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان.

[3] نەقشبەندىيە — ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇھەممەت باھاۋىدىن نەقشبەندى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغانلىقتىن، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

[4] سوھرى ۋەدىيە — شەيخ نەجىمىدىن باغدادى (1216 ـ ؟) تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان سۇلۇك.

كېڭەيتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقانىدى. ئۇلار نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ «ئېتقاد ئاساس، تۇرمۇش ھالال» دېگەن ئەقىدىسىنى «ئېتقاد ـ ئىبادەت، ھەرىكەت، سۈكۈت، سەۋر ـ تاقەت بولىدۇ» دەپ شەرھلىشەتتى. بىراق، بۇ ئۇلارنىڭ «دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرىنى ئىزدىگەن سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى، بەختسىزلىك ۋە غۇربەتتە تائەت ـ ئىبادەت، ھەمدۇ ـ سانا، يىغا ـ زار بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقىي سوپىدۇر» دېگەن ساختا لەۋزە بېشارەتلىرىدىن ھاسىل بولغان مەۋھۇم چۈشەنچە ئىدى. دېمەك، بۇ «سەككىز ۋەلىي» شۇ چاغلاردىكى سىرلىرى يېپىق، كارامەتلىرى يوشۇرۇن بولغان ئېزىتقۇ «ۋەلىي» لەر ئىدى.

— مۇسۇلمان ئۇممەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نىيەت، ئەفھاللىرىنى، — دەپ تەبلىغنى داۋاملاشتۇردى، مەخدۇم ئەزەم تەسىرلىك ئاۋازى بىلەن، — ئۇلۇغ ۋەلىيلەرنىڭ نىيەت ـ ئەفئاللىرى بىلەن بىر قېتىملىق، ھەر تىنىق، ھەر قەدەمدىكى خۇدايى قەرزىدۇر. شۇڭا، ئۇ مۇرىتلار ئۈچۈن ئىككى ئالەملىك ۋەزىپە ھېسابلانغاي. قوۋم ـ رەئىيەلىرىنىڭ نىيە ـ ئەفئاللىرى بۇزۇلغان، ئەزىزانە پىرلەرگە بويۇنتاۋلىق كۆرۈلگەن يەر ـ جاي، ئەل ـ يۇرتلاردىن خوجام ۋەلىيلەر رازى بولماس، ئاللاھۇ روزى بولماس! توغرا نىيەت دېگەن نېمىدۇر؟ توغرا نىيەت ـ مۇرىتنىڭ پىرى بىلەن بىر نىيەتتە بولۇشى دېمەكتۇر!..[1]

— پىكىر! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى جامائەت ئىچىدىن بىرەيلەن، — قۇرئانى مەجىتتە: «ئى ئەھلى كىتاب!.. پەقەت ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللانى قويۇپ، بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى

---

① ماۋۇت ئىسلام: «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»، قولىيازما.

بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى!»[1] دېيىلگەن. مۇبادا، سىلىنىڭ دېگەنلىرىڭىزدەك بولسا، ئاللانىڭ كالامىدا ئېيتىلغانلىرى بىلەن مۇخالىپ كەلمەسمۇ؟

جامائەت تەۋرىنىپ، ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. خانىقا ئىچى ۋە سىرتىدا پىچىرلىغان، گۇدۇڭشىغان پاراڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— ئى گۇناھكار بەندە، — دەپ خىتاب قىلدى مەخدۇم ئەزەم قىلچىمۇ تەمتىرىمەستىن، — سەن قۇرئانى مەجىتتىكى «سۇرە نىسا» ئەللىك توققۇزىنچى ئايەتتىكى: «... ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلەردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار!» دېگەن كەلىمىنى، ۋە يەنە «سۇرە رەئىد» يەتتىنچى ئايەتتىكى: «... سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، ھەر بىر قوۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ...» دېگەن كەلىمىنى، ۋە يەنە «سۇرە ئەنبىيا» بىر يۈز بەشىنچى ئايەتتىكى: «... زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ...» دېگەن كەلىمىنى بىلەمسەن؟ بۇ كەلىمىلەردە ئاللا «ئۆزۈڭلەردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەر»، «ھىدايەت قىلغۇچى»، «ياخشى بەندىلىرىم» دېگەندە كىمنى كۆزدە تۇتقان؟ ئەلۋەتتە ماڭا ئوخشاش «سەييىد»، «ئىشان»، «پىر»لارنى كۆزدە تۇتقاندۇر. مۇبادا، سەن ئاللانىڭ بۇ كەلىمىلىرىگە شەك كەلتۈرۈپ، مەندىن باشقا كىشىلەرنى «سەييىد»، «ئىشان»، «پىر» دەپ ھېسابلايدىكەنسەن، پۈتۈنلەي بەدتەلەت بولۇرسەن!

بۇ چاغدا خانىقانىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان بىر خوجا مەسئۇلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەقدوست، بالاگەردان نەقشبەندى مەخدۇم ئەزەم

① «قۇرئان كەرىم»، «سۇرە ئال ئىمران»، 64 ـ ئايەت

پىرىم! — دەپ دوست تارتتۇقدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مەككە خوجا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى - دە، باشقىلارنىڭ ئېغىزىنى ئاچتۇرماي سۆزلەپ كەتتى:

— ھەزرىتى ئەزىزان سەئىددىل مەخدۇم ئەزەم خوجام ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن سەن مۆمىن بەندىلەرگە پىرى نىجادكار بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەۋلىيائى ئەزەمدۇر! ئى بەندە، سەندىن كۇپۇرلۇق ئۆتتى. تۆۋبە قىل! خوجامنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، يىغلاپ گۇناھىڭنى كەچۈرۈشنى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىل! چۈنكى، خوجامنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، دۇئاسىنى ئالغانلارنىڭ گۇناھلىرى ھەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ، گۇناھلىرىدىن ساقىت بولۇر. ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىنى ئورۇنداپ تەقدىردىمۇ، مۇبادا، مەخدۇم ئەزەم ۋەلىيۇللا پىرىمدىن دۇئا ئېلىپ، ئۇنىڭغا قول بەرمەيدىكەنسەن، ئۇنىڭ ئەۋلىيائى ئەزەملىكىگە ئىشەنمەيدىكەنسەن مۇرتەد بولۇرسەن، گۇناھكار بولۇرسەن! دوزىخى بولۇرسەن! قىلغان پۈتۈن تائەت - ئىبادەتلىرىڭ ئاللاھ ئالدىدا ھەرگىز مەقبۇل بولماس!...[1] پىرلەردىن قارغىش ئالغان، پىرىنى ئۇنتۇغان، پىرسىز يۈرگەنلەر بەرھەق دوزاخقا مەھكۇمدۇر!...[2]

— ھەيھات، ھەيھات! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قاپ بەلدىن ئۈزۈپ تاشلىدى ھېلىقى ئادەم يەنە، — ئۆزىنى «ئەۋلىيائى ئەزەم» دەپ ئاتىۋالغانلار جاۋانمەردلىكتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەڭرىدىن ئالغان نېسىۋىسى «تەن» بىلەن «جان» دۇر. شۇڭا، ئۇلار رىيادىن يىراق تۇرۇشى، ئۆز مەزھىپىنى قوللاپ كۈچەيتىش ئۈچۈن، باشقا مەزھەپتىكىلەرنى «بەتبەخت»، «مۇرتەد» ياكى «كاپىر»

---

① «تەزكىرەئى پىرياران»، قولىيازما.
② «ئۇلۇغلارنىڭ مۇبارەك نەپەسلىرىدىن»، قولىيازما.

دېمەسلىكى لازىم. چۈنكى، «بەدبەخت»، «مۇرتەد»، «كاپىر» دېگەنلىك «سەن ئىسلام دىنىدا ئەمەس!» دېگەنلىك بولۇر. بىراق، قۇرئانى كەرىمدە ياكى پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە: «مەزھىپى باشقا بولغانلارنىڭ دىنى باشقا» دېگەن ھۆججەت يوق!

— ھەي جۇلدۇر كىيىەن، سەن نىمە ئادەمسەن؟ — دەپ دوق قىلدى مەخدۇم ئەزەم ئاچچىقىدىن رەللە بولۇپ، — مەسىلە - مەرۇپكە تىنچ ئولتۇرۇپ قۇلاق سالماي، نىمىشقا جامائەت ئىچىدە تەپرىقە قوزغايسەن؟

— ئى تىجىمەل شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى، — دېدى ھېلىقى ئادەممۇ بوش كەلمەي، — ئۇقۇپ قوي، مۇھەممەت شىرىپ ئىشان دېگەن مەن بولۇرمەن. تەپرىقىنى مەن ئەمەس، سەن قوزغاۋاتىسەن! سەن ئىشەكتەك دۆت، قېچىردەك نادان بولغان بولساڭمۇ ئەمما «مەن ھەم ئالىم، ھەم زالىم، ھەم كالىم[①] ھەم نازىم[②]» دەپ يۈرۈپسەن. سەن ئۇچىغا چىققان مەككار ھەم ئەييار، ھەم غەررار، ھەم تەررار[③] نىمىدۇرسەن. يامان ئىشلىرىڭنى بۇ ئەلگە رەسىم - قائىدە قىلىپ سىڭدۈرمەكتىسەن. ئەزەلدىن بىر قىبلە، بىر مەزھەپ، بىر جامائەت، بىر قوۋم ۋە بىر بىرلىك خاسلىقى بىلەن مۇسۇلماندارچىلىق قىلىشىپ، ئۆملۈك، ھەمدەملىك، غۇرۇرى ئىرپان، ئادالەت، ھەققانىيەتنى تەقدىرى مەنبە قىلىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خەلق سېنىڭ ئەنە شۇنداق يامان مەسائىل - تەرىپاتلىرىڭ ئارقىسىدا كۆپ قىبلە، كۆپ مەزھەپ، كۆپ جامائەت، كۆپ قوۋم ۋە كۆپ بىرلىك تارقاقچىلىقىدا مۇسۇلماندارچىلىق قىلىشىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا كۆپ ئۇزاققا بارمايلا سېنىڭدەك «مەنھەلھەق تەرىقەت» دەپ جاھاننى بېشىغا

---

① كالىم - ناتىق.
② نازىم - شائىر.
③ غەررار، تەررار - ئەييار سۆزىنىڭ تۈرلىنىشى.

كېيىنۋاتقان يالغان «ۋەلىيلەر» نىڭ كەينىدىن قارىغۇيۇقلا ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىغان كۆپ گۇرۇھلۇق، بىھەمدەم «تەرىقەت» چىلەرگە ۋە «تەرىقەتى ئادەم» لەرگە ئايلىنىپ كەتمەمدۇ؟ سەن بۇ ئەلنى ئازدۇرۇپ «تەرىقەتى ھەققانىيەت» دەپ جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان تەپرىقە ـ سۇخەنچىلەر تۇركۇملىرىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان يامان ۋەزىيەتلىك جەمئىيەتكە ئايلاندۇرماقچىمۇ؟

مەخدۇم ئەزەمنىڭ يۈرىكى «قارت!» قىلىپ قالدى. ئۇ ھازىرقى پادىشاھ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇستازى خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشاننى تەستە تونۇدى: ئۇ خەۋپلىك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەنىدى! ئەمما، مەخدۇم ئەزەم شەيتان لەئىن بىلەن ئۇسۇل ـ تەدبىردە، ئىش ـ كەسپتە ۋە ھىيلىگەرلىكتە ھەمساۋاق، بىر ھەرىپلىك، ئوخشاش قاپىيىلىك ھەتتا يۇلتۇزلىرىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر بۇرجىدا كۆرۈنگەن، بەخت ـ تەلەيلىرى باراۋەرلىكتە بىر خانىدىن ئورۇن ئالغان بولغاچقا، ھىيلە ـ مىكىردە ئوت بىلەن سۇنى بىر ـ بىرىگە قوشالايدىغان، تىل ياغلىمىچىلىقتا تاشنى مومدەك ئېرىتىۋېتەلەيدىغان ئادەم ئىدى! شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى دەرھال توختىتىۋالدى ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن تېز تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى.

خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان مەخدۇم ئەزەم بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن دۇچ كەلگەن تۇنجى كۈچلۈك رىقابەتچى ئىدى! شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ بەش يىلدىن بۇيان تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئارىسىدا ئۆمۈچۈكتەك توقۇغان تەرىقەت تورىنىڭ تېزلا بىتچىت بولۇپ كېتىشىگە ھەرگىزمۇ تەن بەرمەيتتى، ئەلۋەتتە!

— سەن مۇرتەد ئىكەنسەن! — دەپ ۋارقىرىدى مەخدۇم ئەزەم دەرغەزەپ بولۇپ، — ئى ئەھلى مۇرىتلار، ئۇنىڭ ئېزىتقۇ گەپلىرىگە قۇلاق سالماڭلار! ئۇنىڭ سۆزىگە ئىــــشەنمەڭلار! ئىبلىسنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ لەۋزى بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ! ئى خوجا مۇھەممەت شېرىپ، بىلەمسەن، مەن ۋەلىيدۇرمەن، ۋەلىيلەر ئاللانىڭ قۇدرىتىنىڭ نىشانى بولۇپ، ئۇ كىمنى خالىسا، شۇنى تەۋپىق ۋە ھىدايەت يولىغا باشلىيالايدۇ ۋە كىمنىخالىسا، شۇنى ھەم تەۋپىق ۋە ھىدايەت يولىدىن ئازدۇرالايدۇ! بەس، زۇۋانىڭنى ئۆچۈر، دوزاخ ئوتىغا دۇچار بولغايسەن!

— خۇدايتائالا ئۆز بەندىلىرىنىڭ بىرەرىگە تەۋپــــق ۋە ھىدايەت ئاتا قىلىدىغان بولسا، — دېدى خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشانمۇ بوش كەلمەي، — ئۇ جەزمەن شۇ بەندىسىنى دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ؛ ئەگەر .بىرىنى يولدىن ئاداشتۇرماقچى بولسا، ئۇ گەرچە ۋەلىي بولغان تەقدىردىمۇ تەۋپىق ۋە ھىدايەتكە ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى، تەۋپىق ۋە ھىدايەتنىڭ ھەممىسى پەقەت خۇداۋەندە كېرىمنىڭ شاپائىتى بىلەنلا بولىدۇ. مۇبادا، خۇداۋەندە كېرىم تەۋپىق ۋە ھىدايەت، نۇرلۇق نۇسرەت ۋە ئىبرەتنــى ئۆزىنىڭ قەدىم ئىلمى ئارقىلىق ئۆز غايىب خەزىنىســـدىن بەندىسىگە ئاتا قىلمايدىكەن، ھەر قانچە ئەنبىيائى ئەلەيھىسسالام، ماشايىخى كىرام ۋە مازاراتى ئەزام بولغىنى بىــــلەنمۇ ئۆز تەرىقەتلىرىدىن مەنپەئەت ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ! شۇنداق ئىكەن، سېنىڭدەك مەلئۇن «ۋەلىي»لەر، رىياكار «سەيىد» لەر، دەســتەكسىز «پىــر»لارنىڭ سۇلۇك تــەرىقاتچىلىقــى تۈپەيلىدىن شان ـ شەۋكەتلىك تارىخي يىلتىزىدىن ھاسىل بولغان بىرلىك، ئۇيۇشقاقلىق ـ ئۆملۈك خىسلىتىنى قەدىم ئەييامدىن پۈتۈن مىللەت بىرلىكىنىڭ جان تومۇرى قىلىپ كېلىۋاتقان، زاراتگاھلىرى بىر، ئۆي ـ خانىلىرى تۇتاش، ھويلا ـ ئاراملىرى ئۇدۇل، تۇتۇنلىرى ئارىلاش، مەسچىتلىرى بىــر، جەددى ـ

جەمەت، دوست ـ يارەنلىرى هالال ـ ئەغلال بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ خەلق هالا بۇگۈن بىرلىرى ئۆلسە، بىرلىرى تىرىلىپ، بىرلىرى كۈلسە، بىرلىرى يىغلاپ... بىرىنىڭ رەقىبىنى بىرى دوست بىلىپ، بىرى بىرىنى قارغاپ، ئۆلۈم تىلەپ، بىرنىيەتتە، بىر يەردە زادى كېلىشەلمەي، بىر ـ بىرلىرىگە يەڭ ئىچىدە زەهەر ـ زۇقۇم، ئەل ئىچىدە خۇسۇمەتلەر ساقلىشىپ جاھانسازلىق قىلىشىدىغان بەتبەخت، كاج تەلەي، تەتۈر پەلەك دۇئايى بەدلەردىن بولۇپ كېلىشمەكتە...①

بۇ چاغدا، مەخدۇم ئەزەم زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغىنىچە مۇھەممەت شىرىپ ئىشانىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى ۋە:

— ئى خوجا مۇھەممەت شىرىپ، كىمكى جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمىسا، جۇرئەت قىلىدىغان بولسا ۋە ئاخىرغىچە تىرىشىدىغان بولسا، ئۇنداق ئادەمگە تەۋپىق ۋە ھىدايەت ھەمىشە يارەمگە كېلىدۇ! — دەپ ئىغىۋاگەرچىلىك قىلدى.

مەخدۇم ئەزەم سۆزىنى تۈگىتىپلا مەككە خوجىغا: «قېنى سىلەر؟ ئۆل مۇرتەدنى خانىقادىن قوغلاپ چىقىرىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى.

خانىقانىڭ ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاندىن كېيىن قىيا ـ چىيا، ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ سوپىلىرى بىرىنچى بولۇپ خوجا مۇھەممەت شىرىپنىڭ سوپىلىرىغا ئېتىلدى. لېكىن، خوجا مۇھەممەت شىرىپنىڭ سوپىلىرىمۇ بوش كەلمەستىن ئۇلارنى مۇشتۇملىرى بىلەن قارشى ئېلىشتى. مۇشتلىشىش، قىيا ـ چىيا، دات ـ پەرياد ئىچىدە ئادەملەر يەردە يۇمىلىشىپ يۇرۇشەتتى. خانىقانىڭ ئىچىدە ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈلگىنىنى ئاڭلاپ، مۇھەممەت شىرىپنىڭ

---

① «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، قولىيازما.

خانىقا سىرتىدا پۇرسەت كۇتۇپ تۇرۇشقان سوپى مۇرشىدلىرى خانىقا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىشتى ۋە بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىشقان مەخدۇم ئەزەمچىلەرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ تۇتقىنىچە ئۇلارنى ئىشىك تەرەپكە سۆرەشتى ۋە ئۇ يەردىن پەلەمپەينى قالدۇرۇپ پەسكە دومىلىتىپ تاشلىشاتتى. پەستە بولسا ئۇلارنى يەنە باشقا سوپىلار تۇتۇۋېلىشىپ، گەجگىلىرىگە مۇشتلاپ، تەستەكلىرىگە سېلىپ كاچاتلاپ، بېقىنلىرىغا ئۇرۇپ ـ دۆشكەلەپ، كۆتىگە تېپىپ، مەيدىلىرىگە تىزلاپ ئورنىدىن تۇرالماس قىلىپ تاشلىشىۋېتەتتى. تۇنجى زەربىدىن كېيىن باياتىن گىدىيىشىپ تۇرۇشقان مەخدۇم ئەزەمچىلەر ئەمدى بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈپ ھەرتەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئېگىز بوي، قۇرۇق سۆڭەك، زەھەر كۆز ۋە شالاڭ ساقال مەخدۇم ئەزەم قېچىپ كېتىپ بېرىپ چۈۋۈلۈپ سۆرىلىپ قالغان سەللىسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قېچىپ كېلىۋاتقان مەككە خوجىمۇ ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئاپئاق بېشى قېيىپ، يورۇق جاھان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاراڭغۇلاشتى...

ئوردا پادىشاھىم مازىرىغا زىيارەتكە كەلگەنلەر بۇ ماجىرانى كۆرۈش بىلەنلا ھەر تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. مازار ئەتراپىدا تىقىنچىلىق باشلاندى، مەيدان كىشىلەرنىڭ چىرقىراشلىرىغا، داد ـ پەريادلىرىغا، ۋارقىراشلىرىغا، ۋە يىغا ـ زارىغا تولغان ئىدى.

— قۇتقۇزۇڭلار! ئى مۆمىنلەر! — دەپ ھەسرەتلىك نىدا قىلاتتى مەخدۇم ئەزەم ئورنىدىن تۇرالماي، — نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، خوجا مۇھەممەت شېرىپ تەرەپدارلىرى بىزنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغىنى ئازلىق قىلىپ، ئۇلار كۆپكۈندۈزدە بۇل مۇقەددەس تاۋابگاھ ئالدىدا رەسۋا قىلامدۇ تېخى؟!

— قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ ۋارقىرايتتى مەككە خوجىمۇ، — قۇتقۇزۇڭلار! . . .

مەخدۇم ئەزەمچىلەر گۇرۇلدەپ ھەرىكەتكە كەلدى. قانداقتۇر بىر مۇرىت ئۆزى قول بەرگەن پىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. بىراق، مۇھەممەت شېرىپ تەرەپدارلىرى ئۇنى ئېتتىرىۋېتىشتى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئىككى ھۇنەرۋەن، ئۈچ كاسىپ ياردەمگە كېلىپ، قارشى تەرەپتىكىلەرنى ئۇرۇپ يىقىتتى. . .

جېدەل ناھايىتى تېز يوغىنىماقتا ئىدى. مۇشتلىشىش ئەمدى پىچاقلىشىشقا ئۆزگەردى.

— ئۆلتۈرۈڭلار، بۇ تېچىمەللەرنىڭ قارنىنى ئايىماستىن يېرىپ تاشلاڭلار — دەيتتى خوجا مۇھەممەت ئىشان ئۆز سوپىلىرىغا، — ئۆلۈكىگە مانا مەن ئىگە! قىلچىمۇ رەھىم قىلماڭلار! . . .

خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان تەرەپدارلىرى خۇددى ئۆزپىرىنىڭ مۇشۇ سۆزىنىلا كۈتۈپ تۇرۇشقاندەك دەرھال قويۇنلىرىدىن، قونچلىرىدىن ئەگرى پىچاقلىرىنى سۇغۇرۇشۇپلا، مەخدۇم ئەزەمچىلەرگە خۇددى قويغا بۆرى تەگكەندەك ئېتىلىشتى! بەزىلىرىنى بوغۇزلاپ، بەزىلىرىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلاشتى! قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۈچەي ـ باغرى يېرىپ تاشلانغان مەككە خوجىنىڭ قارنى ساڭگىلاپ، كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى تارتىلىپ كەتكەن بولۇپ، جېنى چىقماي، ھەدەپ ھىق تۇتۇپ يەردە جان تالىشىپ ياتاتتى. سەللىلەر ۋە ئاپپاق ساقاللار بىلەن بېزەلگەن باشلار كېسىلىپ، گەۋدىسى بىلەن بۆلەك ـ بۆلەك بولۇپ يەردە دومىلاپ يېتىشاتتى. بوغۇزلاپ ئۇزۇپ تاشلانغان باشلارنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن ئېغىزلىرىدىن جان ھەلقۇمىدا چىشلەنگەن تىللار ساڭگىلاپ قېلىشقان بولۇپ، بۇ ئالەمدە ئىككى قاش بولۇپ تىرىك قالغانلارنى «سىلەرنىڭ

خاتىرجەملىكنىڭلار پۇتۇنلەي يالغان، ئىنتىلىشىڭلار ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭلار تامامەن ئاۋارىگەرچىلىك!» دەپ زاڭلىق قىلغاندەك ھالغا كېلىپ قېلىشقانىدى...

بىر كەملەردە خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ تەرەپدارلىرى بېشى يالاڭۋاشتاق، پۇتىدىكى قوڭالتاق كەشىنىڭ بىر پېيى چۇشۇپ قالغان مەخدۇم ئەزەمنى پەشتاق ئالدىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ كېلىشتى.

— ئاخىر قولغا چۇشتۇڭمۇ! ئەمدى سەن بىدئەت تەرغىباتىڭنى قىلىپ كۆرگىنچۇ؟ — دېدى پەشتاق ئۇستىدە تەنتەنىلىك غالىبكار قىياپىتىدە تۇرغان خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان، ئۇنىڭ چىرايىدا ئەڭ سەممىي، ئەڭ قىزغىن خۇشاللىق ئىپادىلەنمەكتە ئىدى؛ — ئۇزاقتىن بېرى سېنىڭ ئەلدە تەپرىقە قوزغايدىغان بىدئەت تەرغىباتىڭغا يېتەرلىك چىداپ كەلدۇق. ئى نەپرەتلىك چايان! بەس، يېتەر ئەمدى! نەدىن كەلگەن تېجىمەل بولساڭ، يەنە شۇ ماكانىڭغا كېتىۋال! بۇ نەپرەتلىك تېجىمەل شەيخنىڭ بېشىدىكى چېچى، ئېڭىكىدىكى ساقال - بۇرۇتلىرى ۋە پۇتۇن بەدىنىدىكى موي - تۇكلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇپ تاشلىنىپ، ئۆزى پەلەققە تارتىلسۇن! ئاندىن ئۇنى يالىڭاچلاپ، يۇزىگە قازاننىڭ كۇيىسىنى سۇرتۇپ، ئېشەككە تەتۇر مىندۇرۇلسۇن. ھەممە كەنت - ئاۋۇدانلاردا ئۇنىڭ بىدئەت نا مۇسۇلمانلىقى ئەلگە جاكارلىنىپ، سازايى قىلدۇرۇلسۇن!

خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشاننىڭ ئىشارىتى بىلەن سوپىلار يۇگۇرۇشۇپ كېلىپ مەخدۇم ئەزەمگە ئېسىلىشتى - دە، ئۇنى پەشتاقنىڭ ئالدىدىلا قىپيالىڭاچلاپ تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ بەدىنىدىكى چاچ - ساقال، موي - تۇكلىرىنى پارسىلدىتىپ يۇلۇپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خام قاپاقتەك قىلىپ تاشلاپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە رەسۋا قىلدى. ئاندىن ئۇنى پەشتاقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.

خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان قولىنى شىلتىدى:
— يوقىتىڭلار ئۇل بىدئەتنى!
سوپىلار مەخدۇم ئەزەمنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى. بىر پەستىن كېيىن تاپانغا ئۇرۇلۇۋاتقان پالاقنىڭ شاقىلداپ تەگكەن ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ داد ـ پەريادىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىركەملەردە بىر كىشى بىر چاڭگال قازاننىڭ قارا كۈيىسىنى ئەكېلىپ، مەخدۇم ئەزەمنىڭ يۈزىگە سۈرتىۋېدى، يۈزى قاپقارا بولۇپ تونۇغۇسىز ھالغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىدىن ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قورققۇسى كېلەتتى.
بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر كىشى ئەبگا بىر ئېشەكنى يېتىلەپ كەلدى. كىشىلەر مەخدۇم ئەزەمنى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈشتى، ئۇنىڭ بوينىغا نەدىندۇر تېپىپ كېلىشكەن بىر نەچچە پاي قوڭالتاق كەشنى ئېسىشتى ـ دە، ئاندىن ئېشەكنى ھەيدەپ مۇقەددەس ئوردا پادىشاھىم قەبرىسىنى بىر نەچچە قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقىشقاندىن كېيىن چوڭ يول تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئېشەكنىڭ كەينىدىن بىرمۇنچە كىشىلەر ئەگىشىپ مېڭىشتى. باللار ئەسكى چۆگۈن، تۆشۈك قازانلارنى تاراڭشىتىپ ئۇرۇپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە چۇقان سېلىشىپ ماڭدى. چۇقان سالغۇچىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ توۋلىشاتتى. بىر قىسمى «بىدئەت مانا!» دەپ توۋلىسا، يەنە بىر قىسمى «ئۇنىڭ يۈزى قارا!» دەپ جور بولۇشاتتى.
خالايىق مەخدۇم ئەزەمنى سازايى قىلىپ چوڭ يول ئۈستىگە چىقىشتى. يول ياقىسىدىكى كەپىلەردە ئولتۇرۇشقان قوغۇنچىلار، باققاللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشتى. تاماشا كۆرۈشكە ئامراق بۇ كىشىلەر قىلىۋاتقان ئىش ـ ئوقەتلىرىنى تاشلاپ، چۇقان كۆتۈرۈشۈۋاتقان

كىشىلەرنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كېتىشتى. ھەممە كىشىگە بۇ ئىش قىزىق تۇيۇلۇپ كۈلۈشەتتى. پەشتاق ئۈستىدە ئۇلارغا قاراپ تۇرغان خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشانغا بۇ ئىش قىزىق تۇيۇلغاچقا، ئۇمۇ قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى...

مەخدۇم ئەزەم ئاخىر پۇتۇن چاچ ـ ساقاللىرى، ھەتتا بەدىنىدىكى موي ـ تۈكلىرى يۇلۇنۇپ سويغان پىيازدەك قىلىپ ئۆتىلگەن ھالدا مۈلكىي قەشقەرىيىدىن خورلۇق ئىچىدە كېتىشكە مەجبۇر بولدى...

* * *

چاڭ ـ توپىلىق چوڭ يولدا ئۈستىگە ئېغىر يۈك تاپىلىرى ئارتىلغان بىر تۆگە كارۋىنى ئاستا كېتىپ باراتتى. كارۋاننىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىقتىن قىينىلىپ كەتكەن بىر بوۋاي ئېشەك ئۈستىدە خىيالغا چۆمگەن ھالدا كېتىۋاتقانىدى. ئۇ پەرغانىدىكى يۇرتى دەھبىدكە قاراپ ماڭغان شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئىدى. ئۇ چەكسىز خورلۇق ئىچىدە قەشقەرىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن دەھبىدكە مال تارتىپ ماڭغان سودىگەرنىڭ چوڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇۋالغانىدى. ئۇ كارۋان بىلەن بىللە مۇغۇلىستان چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ يىگىرمە بەش كۈن بولدى دېگەندە، ئۇزاقتا، غۇۋا چاڭ ئارىسىدىن ئۇلۇغ، شەرەپلىك شەھەرنىڭ تونۇش مۇنارلىرىنى كۆردى.

جەزىرە ئىسسىقنىڭ ئازابىدا چاڭقاپ كالپۇكلىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن كارۋانچىلار بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىشىۋېـ دى، تۆگىلەر قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. دەھبىدنىڭ دەرۋازىلىرى ئېتىلىشتىن ئىلگىرى شەھەرگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن ھەممەيلەن ئالدىراشماقتا ئىدى.

شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى كارۋاننىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە

توپا ـ چاڭغا چۆمۈلگەن هالدا كەلمەكتە ئىدى. ئاچچىق توپا ـ چاڭ ئۇنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇرغاچقا، ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشكۈرۈپ ۋە يۆتىلىپ كەتتى.

— ئى نىمەتلىك نەقشىبەندى پىرىم، — دەپ باهاۋۇددىن نەقشىبەندىگە خىيالەن ئىلتىجا قىلدى ئۇ، — ئى پۈتكۈل ئەهلى جۇنۇنلار، مۇساپىر ـ سەرگەردان، بىچارە ـ پەقىر، گاداي ـ يوقسۇللارنىڭ هامىيىسى بولغان خوجا باهاۋۇددىن نەقشىبەندى! ئى پەرۋەردىگارا ئالەم! گۇناهكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن! ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، تەڭرىم! يا رەببىم! قايسى گۇناهىم ئۈچۈن بېشىمغا بۇل سەۋدالارنى سالۇرسەن؟ قايسى ناپاك ئىشىم ئۈچۈن ئۈچتەك ئاقارغان چاچ ـ ساقاللىرىمدىن ۋە بەدىنىمدىكى موي ـ تۈكلىرىمدىن ئايرىپ، هەمدۇ سانا ئوقۇپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يۇرمەكنى ئۆز بەندەڭگە لايىق كۆرگەنسەن؟! هىممەت بابىدا ئۇل خوجا مۇهەممەت شېرىپ ئىشاندىن هەرگىز كەم ئەمەس ئىدىم. بىراق، ئۇ مۇلكىي قەشقەرىيىدە تەنها سۇلتانۇل ئىشان بولۇش تەمەسىدە مېنى مۇنچىلىك خارۇ ـ زارلىق ئىچىدە مىڭ قېتىم تاسقاپ ـ قىيىندى! هېچقانداق ئىنسان گۇرۇهى كۆرمىگەن خارلىق ۋە زارلىقلارنى بۇ ناتىۋان بېشىمغا سالدى! مېنىڭغۇ هېچ يېرىم ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئوخشاش بىر جەننەت ماكان پىر ـ خوجا باهاۋۇددىن نەقشىبەندىنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، نېچۈك بىر ـ بىرىمىزگە شۇنچىۋالا دۇشمەنلىك قىلىشىپ كېتىمىز، بىر ـ بىرىمىزنى كۆرەلمەيمىز؟!...

ئۇ ئۆزى قەشقەرىيىدە ئون يىل ۋاقىت يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئاران تىكلىگەن تەرىقەت سۇلۇكى ئاخىرغا كېلىپ بىر پەشۋاغا يارىماي چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسا، مىسلىسىز خورلۇق ئىچىدە پۇچىلىناتتى. خوجا

مۇھەممەت شېرىپ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيانە ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئەڭ يارامىلىق ياردەمچىسى ۋە خوجا مەسئۇلى ئۇزۇن قولاق زات — مەككە خوجا ھەققىدىكى قايغۇلۇق پىكىرلەر ئۇنىڭ دىلىنى تولىمۇ ئەزمەكتە ۋە قىيىنىماقتا ئىدى. ھەتتا ئانا يۇرتىنىڭ گۈزەل كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن ئاسمىنىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمىغانىدى.

پىغانلىق ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئىلكىدە مېڭىپ، شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئۆزلىرىنىڭ شەھەرنىڭ چېتىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيمىدى. ئەسكىرەپ كەتكەن لايسۇۋاق، پەس ئۆگزىلىك، چالما تاملىق ئۆيلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئاخىر پۈتۈن كوچىنى تەشكىل قىلىپ، قاتار تىزىلىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كوچىنى بويلاپ بىر ئېرىق ئېلىنغانىدى. ئادەتتە شىرىلداپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ ئېرىق ھازىر قۇرۇپ قالغانىدى. چالما تاملارنىڭ ئارقىسىدىكى ئوچاقلاردىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇراتتى. كوچىدىكى توپىلارغا مىلىنىپ ئويناپ يۈرۈشكەن بالىلار كەچ قالغان بۇ يات كارۋانغا ۋە كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئېشەكلىك كېلىۋاتقان بۇ كوسا بوۋايغا قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. كوچىلار ۋەيران بولغان، ئۆيلەرنىڭ ئۆرۈلگەن تاملىرى ياساقسىز، تەكلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇشقا باشلىغان، ھويلا - ئاراملارنى سېسىق شىۋاق، خوخا - تىكەنلەر بېسىپ كېتىشكەنىدى. يولنىڭ بويىدا توپ - توپ دىۋانىلەر ئولتۇرۇشقان بولۇپ، كارۋاننى كۆرۈپ قوللىرىنى سوزۇشتى:

— ھەقدوست، بالاگەردان نەقشىبەندى پىرىم!

دىۋانىلەر ئۆلۈكتىن ئۆپكە سورىغاندەك، خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش دىۋانە بولۇپ ۋەتىنىگە قايتقان شەيخ خوجا ئەھمەت كاساندىن سەدىقە تىلەشتى...

ئۇ دەھبىدكە ئاخىر قايتىپ كەلدى! بىراق، ۋەتىنىنى ئۇن

يىل ئىلگىرى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن چاغدىكىدىنمۇ بەختسىزرەك هالدا كۆردى. مۇلكىي قەشقەرىيىــدە «مەخدۇم ئەزەم» دەپ مەشهۇر بولغان ھەمدە تەگدىشى يوق بۇ شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى هازىر ئاچ ـ زېرىن، بىلىگە ئىستقلىق تۇرغان كاشكۇلىدا پۇچۇق زاغرىمۇ يوق هالدا ۋەتىنىگە قايتىپ، ئۆز قارىنىنى تــويغۇزۇپ ۋە ئــۆز پــاناھلىرىغا ئېلىپ تۇرىدىغان ئۇرۇق ـ قاياشىنــى ئىزدەشكە مەجبۇر بولسا ھە؟!

— ئــى ئــاللاھ، بــۇ زادى نېمــە ئــۈچــۈن؟! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ دەردكە چىدىماي، ئۇنىڭ ياشلىرى مەڭزىدىن ئېقىپ چۈشەتتى، — نېمە ئۈچۈن ساڭا ئاشىق بىدار بولۇپ، سېنىڭ يولۇڭدا جاپا ـ رىيازەت چەككۈچىــــلەرگە مۇشۇنداق مۇكاپاتلار بېرىشىدۇ؟ بۇ ئادىللىقمۇ؟...

لېكىن بىــر پــەستىن كــېيىن شــەيخ خوجا ئەھمەت كاسانى ئۆزى ـ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

— ھېچقەسى يوق، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — ھېچقەسى يوق. بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ! ئىنشائاللا، ئاللاتائالانىڭ شاراپىتى بىلەن سەئىدلەردىن تا ماڭا قەدەر رەئىيەگە قۇتبىل ئەقتابىل ئالەم بولۇپ ئۆتۈپتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئاران تۆت خەلىپە ئورۇنباسار بولغان بولسا، مېنىڭدىن يەتمىش ئۈچ خەلىپە روزىگار قاپتۇ. باشقىلار ئۆز ئورنىغا ئاران بىر ـ ئىككى خوجا مەسئۇلىنى ئورۇنباسار قىلىپ كەتكەن بولسا، پىقىر ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن يەتمىش خوجا مەسئۇلىنى ئورنۇمغا ئورۇنباسار قىلىپ قويۇپ كەپتىمەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىــرى بىردىن شەھەر ۋە ۋىلايەتلەردە سۇلۇك تەۋرىتىپ، مۇرىتلارنىڭ دىلىغا ئاشىقى بەندىلىكنى سىگدۈرۈپ، تەرىقەتى ھىدايەتنى جارى قىلدۇرىدىغان بولسا، ئۇزاققا بارماي مەغرىبتا ھەرمەيــن ـ شەرەفەيىن، مەككە ـ مەدىنەدىن تارتىپ تاكى مەشرىقتىكــى سەرھەددى خىتايغىچە بولغان تامامــى ھۇدۇتلۇقلار مېنىــڭ

تەربىيتىم تەرىپىدىن ئىستىپلا قىلىنغۇسى ! . . .[1]
مۇشۇنداق بەھەيۋەت، دەبدەبىلىك كاشانە خىياللارنىڭ ئىلكىدە شەيخ خوجا ئەھمەت كاسانىنىڭ مىسكىن دىلى پاللىدە، يورۇپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، قەددىنى باشقىلاتىن رۇسلاپ، ئۇستىۋاشلىرىنى بىرەر قۇر تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن ئىشىكنىڭ بىشىنى كوچىسىغا قارىتىپ بۇردى. . .

نەزمە

سوپىلار نامازخان ھەم تولا تەقۋا،
شۇ بىلەن جەننەتنى قىلىندۇ دەۋا.
نەشكەش يىغلايدۇ گۇناھى ئۇچۇن،
جەننەتنى قايسىسىغا بېرۇرسەن خۇدا؟

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

① مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئىي ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 29 ـ بەت.

بەشىنچى باب

# قارغىش ـ ئاداۋەت قايىنغان زېمىن

ھەي ساقىي، پەلەك جامىنى تولدۇرۇپ
توختىماستىن مەي تۇتقىن. چۈنكى، مېنىڭ
ئازار يېگەن دىلىم بىردەم بولسىمۇ پەلەك
زۇلۇمىدىن ئارام تاپسۇن!

— «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»

**مىلادى** 1533 ـ يىلى (يىلان يىلى) 7 ـ ئاينىڭ
23 ـ كۈنى، پەيشەنبە. قولى باغلاقلىق مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا باش ئېگىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ئادىللىق قىلىڭ شاھزادەم، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — مەن گۇناھكار ئەمەسمەن!

— گۇناھكار بولمىساڭ بىزنى بىر كېچە شەھەر سىرتىدا قويغان بولارمىدىڭ؟! — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قاتتىق غەزەپلىنىپ.

— مەن ئەقىلسىز بۇ ئىشنى خاتا قىلغان، شاھزادەم، — دەپ مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بىر ـ ئىككى قەدەم يېقىنلاپ، قولى كەينىگە باغلانغان پېتى تىز چۆكتى، —

ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغانلىقىمنى بوينۇمغا ئالىمەن. ۋەزىر - ۋۇزرالار: «بۇگۈنكى كۈنگە چارشەنبە - ماھى زۇلھەججىنىڭ ئوتتۇزى بولۇپ قالدى. بۇ كۈندە ئۇلۇغلارنىڭ ئاستانىگە چۈشۈشى ئىپزگۇلۇكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىر كېچە شەھەر ھۇدۇدىدا توختاپ ئەتە يېڭى يىلنىڭ باشلىنىش كۈنىدە — ماھى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى — پەيشەنبە كۈنىدە شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلسا ھەم شۇ كۈنى تەخت ساھىبى بولسا ياخشى بولىدۇ!» دېيىشسە، مەنمۇ نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ باقمايلا، ماقۇل بوپتىمەن.

— ياق، سەن تىبەتتىكى ئىسكەندەر سۇلتاننى تەخت ساھىبى قىلىش ئۈچۈن ۋەلىئەھد جانابىي ئالىيلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قەستەنگە كەينىگە سوزدۇڭ! — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭغا رەدىيە بېرىپ.

— بوھتان بۇ! — دەپ ۋارقىرىدى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ. ئاندىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ، — ئى شاھزادەم، كەلا مۇللانى بېرىڭ، قەسەم ئىچكەيمەن!

— كەلامۇللانىمۇ خار قىلماقچى بۇ قەسەمخور! — دېدى مىرزا ئەلىي تاغايى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا، — ئى شەۋكەتلىك سۇلتان، ئەگەر بۇ ئەبلەخ كۆڭلىگە يامان خىيالنى پۈكمىگەن بولسا، بۇزرۇكۋار پەدەرىڭىز، مەرھۇم ساھىبقىران سۇلتان سەئىدخان ئەنەرۇللاھۇ بۇرھانەھۇنى تىبەتكە غازات قىلىپ بېرىشقا سايە قىلماس ئىدى.

— يا ئەلھەزەر! يارەببى! خۇدايا خۇداۋەندە كېرىم، بەندەڭنى پاناھىڭدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!

مىرزا ئەلى تاغايى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بايىقىدەك مۇلايىم نەزەرى بىلەن قاراپ، كەمشۈك ئاغزىنى ساداقەتمەنلىك تەبەسسۇمى بىلەن ئاچتى:

— ئى پۇشتىپاناھ، سىزنىڭ جەننەت ماكان رەھمەتلىك پەدەرىڭىز ئۇل نەپرەتلىك مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى ئەمىر كىبىر قىلىپ، پۈتكۈل سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ئۈچ لەك قوشۇنىغا سەردار قىلىپ قويغانىدى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ دەسمايىسىز پېقىر، ئىقتىدارسىز ھەقىر قاراموغۇل ئۆزىنىڭ يۇرتدارچىلىق دېگىنىزىدا سۇ ئۇزۇش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي، سەلتەنەت تۈۋرۈكىدىن ئىبارەت بۇ قولۋاقنى مۇھىت دېڭىزىغا سالدى. نىھايەت، ئۇل نادان ھالاكەت گىردابىدا بېشىنىڭ قېيىشىنى ئويلىمىدى، شىددەتلىك سەلتەنەت دولقۇنلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمىدى. تىبەت سەپىرىنىڭ مۇشەققەتلىكىنى بىلگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزى قەشقەردە ئىسسىق بىز بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، مەرھۇم ئاتىڭىزنى تىبەتكە غازات قىلىشقا قايتا - قايتا رىغبەتلەندۇردى. بۇ قانداق نائىنساپلىق!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ياش قەلبى بۇ خەۋپلىك ئىغۋاغا قارشى غەزەپ تۇيغۇسى بىلەن تولۇۋاتاتتى. «ئالداش ئۈچۈن بالا ياخشى!» دەپ ئويلىدى مىرزا ئەلى تاغايى ئۈمىدلىك تۇيغۇ ئىلكىدە. سەئىدىيە خاندانى ئىچىدە ئىزچىل تۇردە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئۈچمەنلىك مېۋىسىنى يېتىشتۇرۇپ كەلگەن بۇ «شەيتانلار ئانىسى» ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى جان - دىلى بىلەن مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ئۈستىگە ئاغدۇرۇپ، ياش شاھزادە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئىشەندۇرۇشكە پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلماقتا ئىدى. بۇ ئىغۋادا مىرزا ئەلى تاغايى يالغۇز ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە! ئەمىر - بەگلەرنىڭ كۆپچىلىكى پەيدىنپەي ئۇنىڭغا مايىل بولماقتا ۋە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇشىدا مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى ئەيىبلىك، دەپ تونۇشماقتا ئىدى!

— تىلىدىن تۇتۇلدى، جازاسىنى بېرىش كېرەك! — دەپ

ھەسەن دىۋانبېگى نامىلىق ئىچى يامان چوقۇر بىر كىشى مىرزا ئەلى تاغايىنى قوللىدى.

— بەلكى جازالاشقا ئالدىرىماسلىق لازىمدۇر؟ — دېدى باياتىن بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ ئويچان ئولتۇرغان ئۇستاز خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان، — مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تەركە قىلساقمۇ ئۇلگۈرەلەيمىزغۇ؟

— ئارتۇقچە تەركە قىلىشقا ۋاقىت نەدە؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئۇنىڭ سۆزىگە خوجا شاھ مۇھەممەت دېگەن يەنە بىر ئەمىر، — مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ نائىنساپلىقىغا مەرھۇم خان ئائىلىلىرىنىڭ ۋەسىيەتنامىسى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. غازات مەزگىلىدە سەلتەنەتكە قول ئۇزاتقان قارانىيەتلەرگە رەھىم قىلماسلىق ھەققىدە بىزدە قەدىم ئەييامدىن تارتىپ ياساق بارغۇ؟

— شۇنداق، باشقا قارا نىيەتلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا ياساققا يەتكۈزمەي بولمايدۇ! — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى. ئۇنىڭ «ياساققا يەتكۈزمەي بولمايدۇ» دېگىنى خالايىق ئالدىدا كاللىسىنى ئېلىش دېگەنلىك ئىدى.

مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ يۈزىگە ئەجەل شەپىسى سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك بىر ئەندىكتى — دە، تىزلىنىپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭدىن يىغلاپ تۇرۇپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى:

— شاھزادەم، رەھىم قىلىڭ، مەن قارا نىيەت ئەمەسمەن! مەن بۇزرۇكۋار بابالىرىڭىز، جەننەت ماكان مەرھۇم خانلار سۇلتان يۇنۇسخان، سۇلتان ئەھمەت خان ۋە سۇلتان سەئىدخان قاتارلىق ئۈچ ئەۋلات خانغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغانمەن. مەن ئوردىدىكى ئىغۋارگەرلەرنىڭ قۇربانىمەن! مەن مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇددىئاسىغا بىنائەن قەشقەردە نايىب بولۇپ

قالغانمەن! قانداقلا بولسۇن، مەن سىزگە بوۋا نەسەبىدىكى قېرى بىر ئادەممەن. مېنىڭ ئەللىك يىلنىڭ مابەينىدە سەئىدىيىلەر خاندانىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىسىڭىزمۇ، مۇنۇ ئاقارغان ئاپئاق ساقىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىڭ. مېنى نائۇمىد قىلماڭ، شاھزادەم!

مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ يوغان گەۋدىسى سىلكىنىپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ قولى باغلاقلىق بولغانلىقتىن، يۈزىنى يوشۇرالمايتتى. يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى ئاپئاق ساقىلىغا تامچىلاپ ئېقىپ ھۆل قىلاتتى.

شۇنداق ياشانغان ئادەمنىڭ بۇنچىلىك زارلىنىپ يىغلىغىنىنى كۆرمىگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قەلبىنى كۆيۈرۈپ تۇرغان غەزەپنى بىردىن باستى ـ دە، كەينىگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

بىراق، بۇ چاغدا مىرزا سەئىد ئەلى كۆكەلداش دېگەن يەنە بىر دوغلات ئەمىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ئى شاھزادەم، بۇ ئادەمگە رەھىم ـ شەپقەتلىرىڭىزنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋەتكەيسىز، — دەپ ئۇنى تىلىمەكچى بولدى، — پۇشتىپاناھىمىزنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات قىلىپ كېتىشىدە ئەمىركىبىر جانابلىرى ئەيىبلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پۈتۈن خاندانى سەئىدىيىلەر سەلتەنەتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان ـ تەر ئاققۇزدى. شۇڭا، ئۇنى ياساققا يەتكۈزسىڭىز ئۇۋۋال قىلغان بولمامسىزمۇ؟ . . .

ئەمىر مىرزا سەئىد ئەلى كۆكەلداشنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇراتتى. مىرزا ئەلى تاغايى قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلىدى:

— سىز ھۆرمەتلىك زاتى ئالىيلىرىنى زالىم دېمەكچىمۇ؟ مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ئوردىدا ئۈچىغا چىققان

مۇستەبىت ھوقۇقدار ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ سەلتەنەت ئۇدۇمى بويىچە، تاجدارلارغا خاتا ئەقىل كۆرسەتكەنلەرنىڭ جىنايىتى ھەرگىز كەچۈرۈلمەيدىغان ئون چوڭ جىنايەت قاتارىغا كىرىدۇ . . . ئىبرەت ئۈچۈن مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى ياساقىا يەتكۈزۈشتىن باشقا چارە يوق! . . .

— ئادالەت! شاھزادەم ئادالەتلىك قىلىڭ! مەن مەرھۇم ئاتىڭىزنىڭ تاغىسى، سادىق ئەمىرلىرىدىنمەن. سىز تېخى ياش، مىرزا ئەلى تاغايىنى تېخى بىلمەيسىز. ئۇ ئۆزىنىڭ مەككارلىقىدىن ئوردا ئىچى ۋە تېشىدا «شەيتانلار ئانىسى» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ مېنىڭدە ئۆچى بار، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەڭ! مېنى ئەل - ئۇلۇس بىلىدۇ! پۇقرالار بىلىدۇ! — دېدى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئەلەم بىلەن زار - زار قاقشاپ.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، ۋەلىئەھد جانابىي ئالىيلىرى، بۇ مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ قارانىيەتلىكلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنى قولى بىلەن جۇنۇپ تۇرۇپ.

بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ گەپ - سۆزلەر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خىياللىرىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ قولى بىلەن يانچۇقىدىكى بىر پارچە قەغەزنى - مەرھۇم ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان «ۋەسىيەتنامە» سىنى توختىماستىن مىجىقلايتتى. ۋۇجۇدىنى ياندۇرۇۋاتقان غەزەپ ئوتى يېڭى بىر كۈچ بىلەن تېخىمۇ لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ئەلەملىك نىداسى گويا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاخىر ئۇ يانچۇقىدىكى ھېلىقى پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزنى چىقىرىپ ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەتكە سۇندى ۋە ئۇنىڭغا: «بۇنى رەئىيەتكە ئوقۇپ بېرىڭ!» دەپ ئەمىر قىلدى.

مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا يازغان بۇ «ۋەسىيەتنامە» سىدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«... تەڭرىم دۇنيانىڭ ئەھۋالاتلىرىنى ھەمىشە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بۇ مۇلكىي قەشقەرىيە ئاسمىنىدا يېنىپ تۇرغان مەشئەلدۇر. ئېتىقادلىق ۋە دىيانەتلىك شاھ - سۇلتانلاردا بۇ دۆلەت ۋە ئىسلام شەرئىتىنىڭ راۋاجى، پۇقرالارنىڭ ئاسايىشلىقىدىن باشقا نىيەت ۋە مەقسەت يوق. لېكىن، ياخشىلىق بار جايدا يامانلىق تەييار، نەپ بار يەردە زىيانمۇ ئۇنىڭغا ياردۇر. گۈل تىكەنسىز بولمىغىنىدەك، ھەسەلمۇ ھەرىسىز بولماس. ھەر قانداق بىر مەخلۇقتا ياخشى خىسلەتلەر بولىدۇ، ئەلۋەتتە! لېكىن، ئۇ يامان ۋە قاباھەتلىك پېئىللارغىمۇ دۇچار بولىدۇ. ھۆسنى گۈزەللىك بىلەن قەبىھ سەتلىك بىر - بىرىدىن زادى نېرى بولمايدىغان قوشكېزەكتۇر. بۇ دۇنيا بىر قېرى مومايدۇر. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى گۈزەل جۇۋاندەك ساھىبجامال كۆرسىتىپ، ھەر كۈنى بىر ئەرنىڭ بويىنغا قول ئۇزارتىپ قۇچىقىغا ئالىدۇ ۋە ھەر بىر كېچىدە دىلىنى بىر ئەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە بېغىشلاپ ئۇلپەت بولالايدۇ. شۇنداقلا بۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ سائادەت شادىيانىلىرىنى ھەرزامان باشقا بىر يەردە ئۇرىدۇ. سەلتەنەت خۇتبىسىنى بولسا ھەر جۈمە بىر ئادەمنىڭ ئىسمى - ناملىرىغا ئوقۇيدۇ. بۇ بۇ دەھرى ئالەم ۋە بىنىزام دۇنيا ئۆزىنىڭ بەش كۈنلۈك نۆۋىتىنى ھەر بىر ئېھتىرام ئىگىلىرىگە ئەنە شۇنداق كۆرسىتىپ كەلگەن...»

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، مەن تىبەتكە بېرىپ غازات قىلىش ئويىدا ئەمەس ئىدىم. تىبەتكە غازاتقا بېرىشنى ماڭا سەئىد مۇھەممەت مىرزا بىلەن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرلەر سايە قىلدى. ۋەللەھەمكى، مېنىڭ ھاياتىمنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ

قويغۇچىلارمۇ ھەم شۇلاردۇر. پەرزەنتىم ئابدۇرەشىدقا ۋەسىيەت قىلۇرمەنكى، ئەگەر ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەسىڭىز، مەن سىزدىن ھەرگىز رازى ئەمەسدۇرمەن. ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش مېنىڭ خۇن قەرزىمنى ئالغانلىقتۇر. ئۇلار ھاياتلا بولىدىكەن، سىز مەڭگۈ سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ تەخت ساھىبى بولالمايسىز! ئۇممەتلىرىگە چەكسىز مېھرىبان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەت نۇرلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ يىراقلارغا تارقىلىشىنى مەقسەت قىلىپ، ئىسلام شەرىئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەمىشە مەشغۇل بولغايسىز. چۈنكى، بۇ نۇرنىڭ روناق تېپىشىنىڭ خاسىيىتى ۋە نەتىجىسى پۇقرالارنىڭ ئاسايىشلىقىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ بەش كۈنلۈك ئالەم ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىيامەت كۈنى مۇشەققەتلىكتۇر. ئۈستىڭىزگە ئاپشۇرۇلغان مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن تىرىشقايسىز، نامە تامام. تارىخي ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى سەلسەسى ماھى زۇلھەججىنىڭ ئون ئالتىسى. دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە كېتىۋېتىپ يولدا ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىلدى. مەنكى سۇلتان سەئىد بىن سۇلتان ئەھمەت خان بىن سۇلتان يۇنۇسخان بىن شىرئەلى خان بىن مۇھەممەت خان بىن خىزىر خوجا خان بىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز مۆھۈرۈمنى باستىم.»①

مەرھۇم خان سۇلتان سەئىدخاننىڭ «ۋەسىيەتنامە» سىنى ئاڭلاپ غەزىپى ئۆرلىگەن بەگ ـ ئەمىرلەر ئەمدى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى يەنىمۇ قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلىشتى.

— بۇ تۈزكورنى زادى ياساققا يەتكۈزمىگۈچە، جەننەت ماكان مەرھۇم خاننىڭ كۆزى ھەرگىز يۇمۇلمايدۇ!

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى يازغان «تارىخي رەشىدى» (قولىيازما) گە قارالسۇن.

— ئىبرەت ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ ئىغۋاگەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىش زۆرۈر!

— زادى ياساقفا يەتكۈزمەي بولمايدۇ!

— ياساق!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆز ئالدىدىن مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ئاپاق ساقىلىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرى كەتمەيتتى. قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭ ئەلەم بىلەن زارلانغان ئاۋازلىرى جاراڭلاپ تۇراتتى. ھازىر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بىر تىرىك ئادەم دەرھال جانسىز مۇردىغا ئايلىنىشى كېرەك. ئۇنى دەرھال ياساقفا يەتكۈزۈش كېرەك، دەپ ۋارقىرىشىۋاتقان بەگلىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەرمان بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا.

بەلكىم بۇ بەگلەر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى يوشۇرۇشىۋاتاندۇ؟ بەلكىم ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان جان ئۈزۈۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشقان مۇشۇ بەگلەر ئۇنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشكەندۇ؟ بەلكى، ئەتە - ئۆگۈن خۇددى ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشكەندەك ئۇنىڭمۇ ياش جېنىغا قەست قىلىشىدىغاندۇ ياكى بولمىسا، ئۇردىدا! چوڭ ھوقۇق ئىگىلىگەن بۇ مۇستەبىت دوغلات ئەمىرگە ئوخشاش ئۆزىنىمۇ قورچاق سۈپىتىدە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەملىكەتنى ئۇچچە سورىشامدىكىن؟ . . .

بىردىنلا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىغەم يۈرگەن ۋاقىتلىرى يادىغا كەلدى، تېخى تۈنۈگۈنلا كۆكەلداشلىرى بىلەن بىللە ئات چاپتۇرۇپ، چەۋگان ئويناپ، ساداقلىرىدىن ئۈزۈلگەن ئوقلىرى بىلەن يۈز قەدەم ئارىلىقتا تەڭگىلەرنى سوقۇپ يۈرۈشمىگەنمىدى؟ ناھايىتى ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتىمۇ؟ تېخى بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ ئاشۇ غەمسىز ياشلىق ھاياتى خۇددى بىغۇبار كۆك ئاسماندەك سۈزۈك ۋە ساپ ئەمەسمىدى؟ ئەلھال،

بۇگۇن چۇشتە ئۇنىڭ سۆزۈك ياشلىق ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتتەك قاپلىۋالغان بۇ سىرلىق تۇمانلار نەدىن پەيدا بولدى؟ «ياساق!» دەپ غەزەپلىك چۇقان سېلىشىۋاتقان بۇ بەگلەر ئاشۇ سىرلىق تۇمان ئەمەسمىكىن؟ ئۇنى چىرماپ، بېشىنى قايدۇرۇۋاتقان دەھشەتلىك قارا قۇيۇن ئاشۇ سىرلىق تۇمان ئاستىدىن چىقماي ۋاتقانلىقىنى كىم ھۆددە قىلالىسۇن؟

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئۈچ ئەۋلاد پادىشاھقا ئەركان بولغان ئۈچ دەۋرنىڭ مۆتىۋەرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەئىدىيە سەلتەنىتىدە خاندىن كېيىن قالسىلا ئەڭ ھوقۇقلۇق ئولۇسبېگى ئىدى.

سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ خىل قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن سىرتتا تۇرۇۋاتقان مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى. ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇلار توغرىسىدا: «تاغا - جىيەن ئىككىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى نەزەربەند قىلىپ قويۇپ، ئىسكەندەر سۇلتاننى سەئىدىيە تەختىگە چىقارماقچى بولۇۋېتىپتۇ!» دېگەن مىش - مىش پاراڭ كەڭ تارقالغانىدى. خۇددى «ۋەسىيەتنامە» دە ئېيتىلغىنىدەك: «ئۇلارلا بولىدىكەن»، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەئىدىيە مەملىكىتىگە ھەرگىزمۇ «تەخت ساھىبى» بولالمايتتى. «ۋەسىيەتنامە» نىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىدى. چۈنكى، ياش تەخت ۋارىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىدا يا نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئوردىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ كېلىۋاتقان بۇ دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۈچىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ھەقىقىي تۇردە ئەمەلىيەتتىكى خان بولۇش، يا بولمىسا، داۋاملىق دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ قورچىقى بولۇشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. بىراق، قورچاق بولغاندا، بۇ ھوقۇقلۇق

دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالسا، قاچانلار بولسۇن تەختتىن تارتىپ چۈشۈرۈلۈشى، ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشى، ئورنىغا باشقىسى خان قىلىنىپ تەختكە چىقىرىلىشى مۇمكىن ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كىچىكىدىنلا كۆپ رىيازەتلەرنى چەككەن، ياخشى تەربىيە كۆرگەن، كۆپ ئۇرۇشلاردا چېنىققان، ئىككى قېتىم نايىب بولۇپ ھاكىمىيەتچىلىك تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولغان تالانتلىق، شىجائەتلىك ئۇرغۇپ تۇرغان كەسكىن ياش بىر شاھزادە ئىدى. ئۇ ئاخىر سەئىدىيە سەلتەنەتىدىكى ھەر قايسى قەبىلە ئەمىرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن بولۇپمۇ دوغلات جەمەتىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىش ۋە دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۈچىنى يوقىتىش، سەئىدىيە خاندانىنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش، ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى[1] ۋە:

— مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بىلەن مىرزا سەئىد ئەلى كۆكەلداش بۇ ئىككى ناكەس دەرھال ياساققا يەتكۈزۈلۈپ كاللىسى ئېلىنسۇن. ئۇلارنىڭ خانۇ - مانى مۇسادىرە قىلىنسۇن! — دەپ پەرمان بەردى.

شاھىنشىنىڭ ئىشكى سىرتىدا قېتىپ تۇرۇشقان ئايپالتىلىق تۆت جاللات ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بىلەن ئەمىر مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداشنى ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى - دە، ئىتتىرىپ ئىشىكتىن ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بۇ ئىككىسى:

— بىز بىگۇناھدۇرمىز! — دەپ ۋارقىراشتى، — ناھەق تۆكۈلگەن قېنىمىزنىڭ قىساسى تۇتسۇن سەن تۈزكورلارنى!

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى يازغان: «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما) گە قارالسۇن.

ئىلاھا پاك پەرۋەردىگارا، ئەگەر بىزنىڭ قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ۋە كۆزىمىزدىن ئاققان ياشلىرىمىزنىڭ سېنىڭ دەرگاھىڭدا قۇربى بولىدىغان بولسا، بۇ تۇزكورلارنى ھەم ئاشۇ تۇزكور ئابدۇرەشىدنىمۇ تەختى - بەختى بىلەن تەڭلا گۇمران قىلغايسەن! . . .

ئالۇدەئى گەردى زى پەئى سەيدكى گەشتى،
غەرقى ئەرەقى بەردىلى گەرمكى گۆزەشتى! ①

دەپ پارسچە نەزمە ئوقىدى مىرزا ئەلى تاغايى سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، ئاندىن جاللاتلارغا قولىنى شىلتىدى:

— بەس، ئېلىپ چىقىڭلار!

ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بىلەن ئەمىر مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداش ئىككىسىنىڭ چاھارسۇدا كاللىسى ئېلىندى.

بۈگۈنكى كۈن ئوچۇق، تىنىق كۆك ئاسمان تولىمۇ غۇبارسىز ئىدى. مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات كۆك ئاسمان بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىۋېلىش ئۈچۈن بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

— ئەپسۇس! بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ نىدا قىلدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — نېمە ئۈچۈن بۇ كائىنات، بۇ تەبىئەت، بۇ زېمىن ۋە بۇ كۆك ئاسمان بۇنداق ساپ، پاك بىغۇباردۇر؟ مۇشۇ ساپ، پاك، بىغۇبار كەڭ كائىناتتا، مۇشۇ تەبىئەتتە، مۇشۇ زېمىندا ۋە مۇشۇ كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا ياشايدىغان ئادەملەر نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ناپاك، كۆڭلى قارا،

① ئوۋ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈڭ چاڭ - توزانغا بۇلغاندىڭ، ھارارەتلىك قەلب ئارقىسىدىن يۈگۈردۈڭ تەرگە چۆمۈلدۈڭ!

— مۇھەممەت ھۈسەيىن مىرزا.

سەممىيەتسىزدۇر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار شان - شۆھرەت، مائاش - دەرىجە، تاجۇ - تەخت دەپ بۇ يالغان دۇنيادا بىر - بىرىگە شۇنچىۋالا ئورا قېزىشىدىغاندۇ؟! ئۇلار بۇ يالغان دۇنيادا ئوينىغان خىلمۇخىل ئويۇنىدا خۇددى شاھمات تاختىسىدىكى لەشكەر ۋە پىيادىلەرگە ئوخشاش بىر تەرتىپتە جايلىشىپ، ئاندىن تۈرلۈك يوللار بىلەن بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىغانلىقىنى، بۇ ھۇجۇمنىڭ خۇددى رۇم پادىشاھى بىلەن زەڭگىلەر پادىشاھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىشمەمدىكىنا؟ ئەمما، بۇ ئادەملەر شۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشمىسۇنكى، بۇ يالغان دۇنيادىكى ئويۇن تۈگەپ بارلىق ئۇرۇقلار ساندۇققا سېلىنغاندىن كېيىن ھەممىسى ئارىلىشىپ كېتىدۇ! پادىشاھ، لەشكەر ئارىلاش ياتىدۇ. ئالاھىدە بىلەن ئاددىي باپباراۋەر بولىدۇ. چۈمۈلىلەرگە شىر ئوزۇق بولىدۇ، پاشىلار پىل ئوۋلايدۇ. كەپە بىلەن بۇتخانا بىر بولۇپ كېتىدۇ...

جاللاتنىڭ قولىدىكى قىلىچ ئۇنىڭ بوينىغا چۈشكەندە، ئۇ خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئېلىپ كەتتى...

خەلقىمىز ئېيتىدە: «قۇش يىغىلىپ تورغا چۈشۇر، ئادەم يىغىلىپ قولغا چۈشۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا، ئۇلۇغلار: «ئارىدا پىتنە ئېقىنى ئاقسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاداۋەت كېمىسى ئۈزىدۇ. ئارىلىقنى پىتنە - پاسات تىغى كېسىپ تاشلىسا، ئۆچمەنلىك تىغى ئۆتكۈرلىشىدۇ؛ بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمنىڭ راھىتى چاقماقنىڭ روشەنلىكىدەك قىسقا، مېھنىتى بولسا بۇلۇتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدەك ئۇزۇن. ئۇنىڭ نېمىتىگە شات، ئەلىمىگە خاپا بولغۇچىلىكى يوق!» دېگەنىدى.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى، ئۆز زامانىنىڭ نادىر نازىملىرى ئولتۇرۇشقان مەجلىستە

بىرەيلەن بۇ ھەقتە يازغان مۇنداق بىر نەزمىسىنى دوستلىرىغا ئوقۇپ بەردى:

قارا تۇپراققا ئايلاندى قۇدرەتلىك خانلار،
نەئىسكەندەر، نەفىرئۇن، نە چىڭگىز قالدى.
دال بولمىدى ئەجەلگە ھوقۇق، تاج ـ دۆلەت،
دېيەلمىدى ھېچبىرى، مۇلكىمىز قالدى!

تالاي شارابلار ئىچىلدى، قانلار تۆكۇلدى،
يەر شارىدا يەنە قان، مەي، قىلىچ قالدى.
غاپىل بولما ئەي دوستۇم قىسقا ئۆمرۈڭگە،
بۇ دۇنيادا نە ئۇلۇغ، نە ئەزىز قالدى.

تالاي ئىنسان قىرىدى، ئادەم، ئىز قالدى.
كۇرمىنىڭ تاغلار پەسلىدى، كۆك ئېگىز قالدى.
ئابى ھايات ئىچ دېدى كىشىلەر ئەمما،
ئەجەل كۆرمەي نە ئورۇق، نە سېمىز قالدى.

........................

*                    *                    *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى نېمە ئۇچۇن ئۆلۈمگە بۇيرۇدى؟ بۇنى بىلىش ئۇچۇن، مۇئەللىپ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى يازغان «تارىخي رەشىدى» دېگەن كىتابتا سۆزلەنگىنى بويىچە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتى.

* * *

سۇلتان سەئىدخان مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر بىلەن ئىسكەندەر سۇلتاننى بالتىستان بىلەن كەشمىرنى ئىستىلا قىلىشقا ماڭدۇرغاندىن كېيىن ئۆزى ئاساسلىق غول قوشۇننى باشلاپ كىرىيە يولى ئارقىلىق تىبەتكە يۈرۈش قىلماقچى بولدى.① بۇ دەل سەرەتان ئايلىرى بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخان قوشۇن بىلەن كىرىيە تاغلىرىدا بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا تىبەتنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان يول باشلىغۇچى خانغا: «ھازىر تىبەتكە يۈرۈش قىلساق بەك كېچىككەن بولىمىز. قار چۈشۈپ كەتسە، پۈتۈن دەريالار مۇز تۇتۇپ كېتىپ چوڭ قوشۇننىڭ ئىچىدىغان سۈيى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. تىبەت تاغلىرىدا يېقىلغۇ قىلغۇدەك ئوتۇن يوق، ئات ـ ئۇلاغلار ئىچىدىغان سۇنى ئېرىتكىلى بولمايدۇ. تىبەت دالاسىدا ئۇۋلاپ تۇتۇپ يېگۇدەك توپازلارمۇ كۆپ ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى، بەزى ھۆكۈمدارلار تىبەتكە نەچچە قېتىم يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسىدە قىش پەسلىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولغانىدى. . . » دېدى.

خان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا بۇ يولدا ماڭغىلى بولمىغۇدەك، — دېدى، — بىراق بۇ قېتىمقى غازاتتىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز لازىم. بولمىسا، ئاللانىڭ مەرھەمىتىدىن مەھرۇم قالۇرمىز. ئەلھال، بۇ يول بىلەن ماڭغىلى بولمىسا، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرلەر ماڭغان يول بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيلى، تىبەت بۇتپەرەسلىرىنىڭ ئۈستىدىن قىلىدىغان غازىتىمىزنى چوقۇم

① بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابتىكى تۆتىنچى بابقا قارالسۇن.

ۋۇجۇدقا چىقىرايلى!

ئۇ چوڭ قوشۇنغا كىرىيەدىن كەينىگە قايتىپ، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر قوشۇنى ماڭغان سانجۇ يولى بىلەن نوبرا يولى[①] غا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئەمىر قىلدى.

بىراق، نوبرا يولى تولىمۇ ئەگرى - توقاي، مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ، ئېگىز، ھاۋاسى شالاڭ قاراڭغۇ تاغ ئېغىزىدىن[②] ئۆتەتتى. چوڭ قوشۇن جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ قاراڭغۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندە، سۇلتان سەئىدخاننى تۇتەك ئېلىپ قويدى. ئۇ دېمى سىقىلىشقا ئۇچراپ، تەن - سالامەتلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتتى. خاننىڭ ئاتاقلىق ئوردا تېۋىپلىرىدىن نۇرىددىن ئابدۇۋاھىت زوھۇرى قازى بىلەن شەمشىددىن ئەلىيلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ كېسىلى بىر ئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن خان ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇشقا پەرمان بەردى. چوڭ قوشۇن نوبرا دەرياسى بويىدىكى ماريول دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خاننىڭ دېمى سىقىلىش كېسىلى ئوڭشىلىپ كەتتى. قوشۇن بۇ يەردە توختىماي داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، نوبرا جىلغىسىدىكى لاداخقا يېتىپ كەلدى. لاداخنىڭ ئورنى تۆۋەن بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەن سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كەلدى. ئۇ لاداختا ئۆزى بىلەن ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان بارلىق ئەمىر - بەگلەرنى يىغىپ جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، تۇرشاۋۇل قوشۇننىڭ سەركەردىسى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرگە چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۇنى قارارگاھقا چاقىرتتى. بۇ چاغدا مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كەشمىر ئالدىنقى سېپىدە سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ كەشمىر سۇلتانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن

---

① نوبرا يولى — ھازىرقى قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى ئارقىلىق جەنۇبتىكى كەشمىرگە بارغىلى بولىدىغان قەدىمكى بىر يول. بۇ يول بىلەن مېڭىپ لاداخقا بېرىشتا، بىرىنچى ئۆتەڭ نوبرا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

② ھازىرقى قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزىنىڭ قەدىمكى نامى.

ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقانىدى. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا دەرھال لاداخقا — خاننىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ خان چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، سۇلتان سەئىدخان ئۇنى ئالاھىدە خان چېدىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئۆز ئارا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، خان:

— ئى سەركەردەم، مەن ئەركانى دۆلەت ۋە ئەھلى پەرزەنتىم ئىچىدە سىزنى ھەممىدىن بەك سېغىندىم، — دېدى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، — ئىنشائاللا، تەڭرىم ئىككىمىزنى دىدارلىشىشقا نېسىپ قىپتۇ.

بۇ چاغدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەم سىقىلىش كېسىلى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

كېچىدە، خان ھەممىدىن ئاۋۋال مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى.

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ئورنىدىن تۇرۇپ تەۋازۇلۇق بىلەن سۇلتان سەئىدخانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن تىبەتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى، ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچىنى بىر باشتىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاندىن خانغا:

— قۇللىرى ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردە بىرەر مىڭ ئادەم قىشلايدىغان ئەپلىك جاينى تاپقىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، چوڭ قوشۇننى كەشمىرگە ئاپىرىپ قىشلاتماقتىن باشقا ئامال يوق. بىراق، كەشمىرگە بېرىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئېگىز تاغدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. خاننىڭ مۇبارەك تېنى بۇنداق ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، خان مىڭ ئادەم بىلەن بالتىستان تەرەپكە ھۇجۇم قىلسا، چۈنكى ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئېگىز

تاغلاردىن ئېشىش ھاجەت ئەمەس. مەنكى قۇللىرى قالغان تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن كەشمىردە قىشلاي. قالغان ئىشلارنى خۇدا خالىسا، كېلەر يىلى ئەتىيازدا بىر نېمە دېسەك، مۇۋاپىقمۇ ـ يوق، ھەزرىتى پۇشتىپاناھىمنىڭ ھۆكۇم قىلىچى بىلەن كېسىشىنى كۇتىمەن!

سۇلتان سەئىدخان قوشۇمىسىنى تۇرۇپ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، قەتئىي ئىرادىگە كەلدى:

— ھۆرمەتلىك ئەمىرىمنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا تىببەتتە چوڭ قوشۇن قىشلىغۇدەك مۇۋاپىق يەر يوق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇڭا، پەرمانىمىز شۇكى، — دېدى ئۇ ئەمىرۇل ئۆمەرا، بەگۇ ـ بىگاتلارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — بىز باشلاپ كەلگەن بەش مىڭ لەشكەردىن ئەمىر مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا جانابلىرى تۆت مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ ھازىرنىڭ ئۆزىدە كەشمىرگە يۈرۈش قىلسۇن. بىز ئەمىر سەئىدئەلى كۆكەلداش، ئەمىر شاھ مۇھەممەت بارلاس، ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى، ئەمىر دايىم ئەلى دوغلات، بابا سالىخ مىرزا قاتارلىق باشقا ئەمىرۇل ـ ئۇمەرالار بىلەن قالغان مىڭ لەشكەرنى باشلاپ بالتىستانغا يۈرۈش قىلغايمىز!

بۇ چاغدا ئەمىرۇل ـ ئۇمەرا، بەگۇ ـ بىگاتلارنىڭ:

— ئەمرىڭىزگە پەرمانبەردارمىز ھەزرىتى پۇشتىپاناھ! — دېگەن قۇللۇق سادالىرى پۈتۈن چېدىرنى چاڭ كەلتۇردى...

مىلادى 1532ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى سۇلتان سەئىدخان باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك سەئىدىيە قوشۇنى بالتىستاننىڭ مەركىزى ئاشكار قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. بالتىستان ئەمىرى بەھرام ئاشكار ئانچە كۆپ قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا تەسلىم بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بالتىستاننى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشمۇ ئاياغلاشتى.

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر سۇلتان سەئىدخاننىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۆت مىڭ كىشىلىك سەئىدىيە قوشۇنىنى باشلاپ تېز يۈرۈش قىلىپ بىر ھۇجۇم بىلەن كەشمىر سۇلتانلىقىنىڭ قوشۇنىنى تارمار كەلتۈردى ۋە كەشمىرنىڭ پايتەختى سىرىناگانى ئىشغال قىلدى.

1533 ـ يىلى ئەتىيازدا مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر بىلەن كەشمىر سۇلتانى ئوتتۇرىسىدا سۈلھى تۈزۈلۈپ، كەشمىر مەملىكىتى سەئىدىيە دۆلىتىگە تەۋەلىك بىلدۈردى؛ كەشمىر سۇلتانى مۇھەممەتشاھ سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇشقا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن پۇل قۇيدۇرۇشقا ۋە سەئىدىيە دۆلىتىگە باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ قارامىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. . .

* * *

سۇلتان سەئىدخاننىڭ خان چېدىرى مار يول قەلئەسىنىڭ تېشىدىكى كەڭ توقايلىقتا تىكىلگەنىدى. ھازىر بۇ يەردە كەشمىرنى ئىستىبلا قىلغان سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ زەپەر قۇچۇپ غەلىبە بىلەن قايتقانلىقىنى تەبرىكلەپ داغدۇغىلىق كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىدى.

لەشكەر باشلىقلىرى، تۈمەنبېشى ۋە ھەزارا سەركەردىلىرى ۋە سەئىدىيە دۆلىتىگە قارام كەشمىر سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى مۇھەممەتشاھ ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى بىلەن بىللە خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن چېدىرغا ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلىپ كىرىپ كېلىشتى ۋە سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ساراي رەسىم ـ قائىدىسى بويىچە ئۆز تەبىقە ـ دەرىجىلىرىگە قاراپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالتۇن تەختىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئورۇن ئېلىشتى.

كەشمىر ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ خان چېدىرى ئىچىدە ئالاھىدە كاتتا داستىخان تەييارلاتقۇزۇپ، ھەربىي، مۇلكىي باشلىقلارغا زىياپەت بەردى.

ئۇ ئۇستى ئاق رەختتىن قىلىنغان قىزىل چېدىرنىڭ ئىچىدە ئۇستىگە يۇمشاق ياستۇقلار قويۇلغان تەخت ئۇستىدە ئولتۇراتتى. خان يۇرۇشلەردە ئادەتتە كالتە قىلىپ تىكىلگەن كۆك شالۋۇر ۋە ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك كىيىپ يۇرەتتى. مار يولىنىڭ ھاۋاسى سەل سوغۇق بولغاچقىمۇ، ئۇ يېنىك يىپەك چاپىنىنىڭ ئۇستىدىن سۆسەر ياقىلىق چاپان كىيىۋالغانىدى. بېشىدىكى ئاق سەللىسىگە قارا پەي قىستۇرۇلغان، بىر تال كۆھنۇر ياقۇتى قادالغانىدى. بېلىگە باغلىۋالغان كەڭ پىششىق تاسمىدىن ئۇستىگە ھەر خىل جاۋاھىراتلار قويۇلۇپ كۆركەم ئىشلەنگەن كەمىرى ئۇنىڭ ياراغ - جابدۇقلىرى، ساۋۇت - قالقىنى ۋە دوبۇلغىسى ھەم يېگىسار پولىتىدىن سوقۇلغان ئالتۇن ساپلىق قىلىچى قويۇۇقلۇق ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان مىرزا مۇھەممەت ھەيدەردىن كەشمىر ئىستېلاسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ تېز ئورۇنلانغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— بىز نوبرانى ئەمىر قەمبەر كۆكەلداش مىرزىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ تولىمۇ يامان قىلغانىكەنمىز، — دېدى سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ، — ئۇنىڭ قابىلىيەتسىز سەركەردە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەيلۇك؟ ئۇ يەردە ئوغرى - قاراقچى زادى ئۆكسۈمىدى. ئۇ بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزگىمۇ كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقتىن، نوبرادىن ۋاز كېچىپ، مارىيولغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق!

— ھېچقىسى يوق، ئۇلۇغ سۇلتانىم، — دېدى ئەمىر دايىم ئەلى، — سىز تىبەت تەختىگىمۇ ئىگە بولىسىز. قۇياشنىڭ ھەر

كۆنى مەشرىقتىن چىقىپ، مەغرىبقا پاتقىنى قانداق ھەقىقەت بولسا، بۇمۇ خۇددى شۇنداق ھەقىقەت. بىز يېڭىلمەس سۇلتان سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ شاراپىتىدە مۇلكىي قەشقەرىيىنى بېيىتىمىز ۋە گۈللەندۈرىمىز، بىز ئۇنىڭغا يەنە تىبەتنىمۇ قوشۇۋالىمىز!

— شۇنداق، كەشمىرنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى تامامەن پۇشتىپاناھىمىزنىڭ دانا يېتەكچىلىكىدىن بولدى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭدىن قالسا، تەڭداشسىز سەئىدىيە ئوغلانلىرىنىڭ ھەيۋىتى ئالدىدا تىترىگەن كەشمىر سۇلتانى ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن شەھەرنى بىزگە تېز تاپشۇردى. ئۆزلىرىنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنىمۇ بىزدىن ئاياشمىدى. بىز ئولجىلارنى سەركەردە ـ سەردارلارغا ئۈلەشتۇرۇپ بەردۇق. بىر قىسىم قىممەتلىك ئېرىغ ماللارنى خاننىڭ نېسىۋىسى دەپ ساقلاپ قويدۇق!

— كۆچلەر تەڭ بولمىغان جەڭدە بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز سىلەر بىلەن كۆرەش قىلدى ۋە سىرىناگا يېنىدا يېڭىلدى، — دېدى كەشمىرنىڭ قارام سۇلتانى مۇھەممەتشاھ يېنىك ئۇھ تارتىپ، — لېكىن بىز بىكارغا قان تۆكۈلۈشنى خالىمىدۇق. بىز كۆچلۈك ھەم ئادىل خاننىڭ قول ئاستىدا ياشاشنى خالايمىز. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتائەت كەمىرىنى بوينىمىزغا سېلىپ سۇلتان سەئىدخان ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

بۇ چاغدا مىرزا ئەلى تاغايى ئۇھسىنىپ، ھارغىن چىرايلىرى بىلەن كونا رەقىبى، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ غەلىبە شادلىقى جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى ۋە كۆڭلى قارىلىق قىلىپ:

— خوپ كەشمىرنىغۇ تەسەررۇپ قىپتۇق. بىراق، بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، كىمگە پايدىسى بولۇر؟ بۇ يەرنى يەنە زور قوشۇن بىلەن ساقلاشقا توغرا كېلىدىغۇ؟ . . . — دېيىشىگە،

سۇلتان سەئىدخان:

— ھەيھات، ھەيھات! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، — چىڭگىز دەۋرىدىن تارتىپ خاقانلار نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقايسىسى كەشمىر سۇلتانلىرىنى كانىيىدىن بوغۇپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرالىغان ئەمەس! ئەلھال، ئەمىر مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا جانابلىرىنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا كەشمىر سۇلتانىنىڭ مېھراپىدا ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ مۇبارەك نام - شەرىپى خۇتبىلەرگە قوشۇپ زىكرى قىلىنىدىغان بولدى. بۇرۇن - بۇرۇندىن ھېچقانداق بىر كىشىگە خىزمەت كەمىرىنى باغلىمىغان كەشمىر سۇلتانلىرى ۋە ئۆز بەگ - ئۆز خان بولۇپ كەلگەن تىبەت پادىشاھلىرى ئەمدى باش ئېگىپ بىزگە ئەركان بولدى! بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىم ئەييامدىن تارتىپ مۇلكىي تۈركىستاننى ئەھيا قىلغان. مۇبادا، بىزنىڭ ئاشۇ باھادىر ئاتا - بوۋىلىرىمىز بولمىغان بولسا بۇ زېمىن يورۇقلۇقتىن، بۇ زېمىندا ياشايدىغان خەلق باھادىرلىقتىن مەھرۇم قالغان بولاتتى. بۇ زېمىننى دۇنياغا تونۇتقانلار بىزنىڭ نەسلىمىز ئىدى! ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ئانا ماكاندىن چىقىپ، ئابېسكۇن[1] دېڭىزىنىڭ بويىغا، ھەتتا پەرەڭىستان ھۇدۇتلۇقىغا قەدەر بېسىپ كىرگەن. . . بىز تاشلارغا ئىسمىمىزنى ئالتۇن يېزىقلار بىلەن يازغانمىز. قىيا تاشلارغا، ئاسمانغا يۇلتۇزلارنى، ئاينى بىز ئويدۇق. جابىرىقا[2] دېڭىزىنىڭ بويلىرىدىن تاكى ئابېسكۇن دېڭىزىنىڭ بويلىرىغا قەدەر بولغان پۈتۈن زېمىن ئەجدادلىرىمىز مىنگەن ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ تۇيىقى ئاستىدا تىترەيتتى. ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى ھەر قېتىم چېپىپ ئۆتكەندە،

---

① ئابېسكۇن دېڭىزى — كاسپى دېڭىزىنىڭ قەدىمكى نامى.
② جابىرىقا دېڭىزى — ھازىرقى ياپون دېڭىزىنىڭ تارىختىكى نامى.

ئاساۋ ئاتلىرىمىزنىڭ پولات تۇيىقىنىڭ زەربىسىدە كۆھقاپ تاغلىرىغا[1] دەز كەتكەنىدى. ئىرەن ـ قابۇرغا تاغلىرىدا[2] تۇرۇپ ئاتقان ئوقلىرىمىز ئالپ تاغلىرىنىڭ[3] باغرىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى. تۆمۈر بىلەكلىك قەھرىمان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇتپەرەسلەرنىڭ گەجگىسىگە گۈرزىلىرىدىن تامغا باسقانىدى! . . .

سۇلتان سەئىدخان سۆزلىگەنسېرى ھاياجىنىنى باسالماي قېلىشۋاتقانىدى.

— ئىككى ئالەم سەرۋەرىگە ھەمدۇ شۇكرانىكىم، — دېدى ئۇ بىر پەس سۇكۇتتە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — بىزنىڭ ھۆرمەتلىك سەركەردىمىز ئەمىر مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا جانابلىرى كەشمىرنى ئىستېلا قىلىپ، شەۋكەتلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىنى خۇش قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ تۆھپىسىدىن بىزلا مىننەتدار بولۇپ قالماستىن، بەلكى بارلىق ئۇيغۇر خاقانلىرى، خان جەمەتىدىكىلەرمۇ، خۇسۇسەن بىزنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئەبەدىلئەبەت ئەمىر مۇھەممەت ھەيدەر جانابلىرىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا مىننەتدار بولىدۇ! چۇنكى بۇ سەلتەنەتلىك غەلىبە تۇپەيلىدىن ئۇلارنىڭمۇ يۇزى يورۇق بولۇر!

— بەرھەق، ئى پۇشتىپاناھ، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى خانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ. ئۇنىڭ پۇتۇن تېنى خۇشامەتچىلىكتە تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — جاھاننىڭ شەمسى — قۇياشى ۋە قەمەر — ئېيى، دىنى ئىسلامنىڭ دەھشىتى ۋە شەپقىتى بولمىش ئۇلۇغ سۇلتان ھەزرەتلىرىنى تەبرىكلەيمەن! ھۆكۇملىرىگە پۇتۇن جاھان پەرمانبەرداردۇر ئى ئۇلۇغ پادىشاھىم!

① كۆھقاپ تاغلىرى — كاۋكاز تاغلىرىنىڭ تارىختىكى نامى.
② ئىرەن قابۇرغا تاغلىرى — تەڭرى تاغلىرىنىڭ تارىختىكى نامى.
③ ئالىپ تاغلىرى — ياۋروپادىكى بىر تاغ تىزمىسىنىڭ نامى.

— كاللىمىز سىزنىڭ قولىڭىزدىدۇر، ئى ئۇلۇغ سۇلتانىمىز! — دەپ گۇركىرەشتى قالغان ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا.

سۇلتان سەئىدخان دەررۇ سەئىدىيە مەملىكىتىدە ئۆزى تىبەت يۇرۇشىگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى يۇز بەرگەن ئىمىن خوجا سۇلتان پىتنىسىنى ئېسىگە ئالدى - دە:

— ھەئە، كاللاڭلار بىزنىڭ قولىمىزدا، بىراق ئىختىيارىڭلار تىزگىنى كىمنىڭ قولىدا؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بەزىلەر ئىختىيار تىزگىنىنى ئالىقاچان قەشقەرىيە ئاسمىنىنى قالپاق، قەشقەرىيە زېمىنىنى پايپاق قىلىپ كىيىپ يۇرگەن ئاشۇ تېجىمەل ئىشانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغاندۇر بەلكىم! — دېدى - دە، ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىغا مەنىلىك بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن قايىقىنى تۇرگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— خاھىشىمىز شۇلكى، ئەمدى بىزگە نېمە قىلماق لازىمدۇر؟ باشقا يەنە قانداق كېڭەش بار؟ قېنى ئەيتىپ بېقىڭلارچۇ ھۆرمەتلىك زاتى ئالىيلار؟

سۇلتان سەئىدخان بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە ئىما - ئىشارەت قىلىۋاتاتتى.

— دارۇلسەلتەنەت - يەكەنگە قايتماق كېرەك، ئى پۇشتىپاناھ، — دېدى خانىنىڭ مۇددىئايىنى چۇشەنگەن مىرزا ئەلى تاغايى، — سىزنىڭ مۇبارەك تېنىڭىزنىڭ ساقلىقىنى تولۇق ھېسابقا ئالغاندا، سىز يەكەنگە قايتمىسىڭىز زادى بولمايدۇ!

— بۇ يەردىچۇ؟ بۇ يەرگە كىمنى نايىب قىلىپ قالدۇرۇش لازىم، ئى ئەمىرۇل - ئۇمەرا؟ — دەپ سورىدى خان سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— كەشمىرنى ئىستېلا قىلىش ۋە تىبەت بۇتپەرەسلىرىنىڭ نىجىس بۇتخانىلىرىنى پاچاقلاش، بۇ يەرلەردە ئىسلام ھىدايىتىنى جارى قىلدۇرۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپە ھالا بۇگۇن سىلىنىڭ

قوللىرى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمدى بۇ يەرلەرنىڭ ئىتائەت تىزگىنىنى ئەمىر مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا جانابلىرى بىلەن شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتانىنىڭ قولىغا تاپشۇرغايلا!

سۇلتان سەئىدخانمۇ كەشمىر بىلەن تىبەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمىر مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ تەسەررۇپىغا تاپشۇرامدۇ - تاپشۇرمايمۇ؟ دەپ دىلغۇل بولۇپ تۇراتتى، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بۇ سۆزى دەل ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى. شۇڭا، ئۇ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنى كەشمىر بىلەن تىبەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئوغلى شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتاننى ئۇنىڭغا نازىر قىلىپ بەلگىلىدى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئەمرۇل ئۇمەرا مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ قولىغا يېتەرلىك لەشكەر ۋە قورال - ياراغ ئەسلىھەلەرنى قالدۇرغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ مارىيولدىن يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئادەتتە قاراڭغۇ تاغ ئېغىزىدىن كۆكئارت داۋىنىغا[①] سەككىز كۈندە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. سۇلتان سەئىدخانلار بۇ يولنى تۆت كۈندىلا بېسىپ بولدى. بىراق، كۆكئارت داۋىنى ئېگىز بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخاننى يەنە تۇتەك ئېلىپ كېتىپ، تەن - سالامەتلىكى بىردىنلا يامانلىشىپ كەتتى. مەۋكەب[②] بۇ يەردىن ھاۋاسى ياخشىراق بولغان شەھىدۇللا[③] دېگەن جايغا تېز يېتىۋېلىش ئۈچۈن سۇلتان سەئىدخاننى شىرغىدىن چۈشۈرۈپ،

① كۆكئارت داۋىنى — قەدىمكى مەشھۇر يىپەك يولىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى. قەدىمكى زاماندا «پىيازلىق داۋىنى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ رايونىنىڭ چېگرىسىدىكى پامىر تاغلىرى، كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ قوشۇلغان يېرىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6000 مېتىردىن ئاشىدۇ.
مىلادى 1977- يىلى 8- ئايدا، مەن گېنېرال روزى ھوشۇر بىلەن بىللە تىبەتنىڭ ئالى ۋىلايىتى (قەدىمكى بالتىستان ۋىلايىتى) گە خىزمەتكە كېتىۋاتقىنىمىزدا، 8- ئاينىڭ 18- كۈنى مۇشۇ داۋاندا توختاپ ئۆتكەنىدۇق.

② مەۋكەب — خاننىڭ ئەتراپىدىكىلەر، دېگەن مەنىدە.

③ شەھىدۇللا — قەدىمكى مەشھۇر ئۆتەڭ. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرى ئىچىدە. سۇلتان سەئىدخان مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقتىن، «شەھىدۇللا» دەپ ئاتالغان. مەن 1977- يىلى 8- ئايدا گېنېرال روزى ھوشۇر بىلەن بىللە تىبەتكە خىزمەتكە بارغاندا مۇشۇ مازارگاھنى تاۋاپ قىلغانىدىم. . .

ئاتتا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ داۋاملىق ماڭدى. مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداش بۇنداق قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرغان بولسىمۇ ئەمما مىرزا ئەلى تاغايى خاننى ئاتلىق ئېلىپ مېڭىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى: «خاننى شىرغا بىلەن كۆكئارت داۋىنىدىن ئۆتكۈزۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ مۇغەممەرلىك قىلىپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە، خاننى ئاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ ماڭساق، تېخىمۇ ئاراملىق بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېز ماڭغىلى بولىدۇ!...» تۇتەك ئېلىپ كەتكەن ئادەمنى شىرغىدا ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭسا تېخى بىر ئاز ئاراملىق بېرىدىغانلىقى مەۋكەبتىكى ئەمىر ـ بەگلەرگە ئېنىق بولسىمۇ ئەمما ئۇلار مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى.

ھىجرىيە 939 ـ يىلى زۇلھەججىنىڭ 16 ـ كۈنى[1] سۇلتان سەئىدخانلار شەھىدۇللاغا يەنە ئۈچ پەرسەخ[2] قالغاندا، ئۆمرى ئات ئۈستىدە جەڭ بىلەن ئۆتكەن بۇ پادىشاھ تىنىقتىن توختىدى. بۇ چاغدا ئۇ قىرىق ئالتە ياش ئىدى.

* * *

سۇلتان سەئىدخان ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىجتىھاتلىق پازىل خانلارنىڭ سەر خىلى ئىدى. ئۇ نەچچە يۈز يىل ئۇدا يېغىلىق قايناپ توختىماي ۋەيران بولغان مۇلكىي قەشقەرىيىدەك بىر مەملىكەتنى تۈزەپ، مۆمىنچىلىك قىلىنىۋەتكەنىدى. يۇقىرىسى بەگ ـ بىگات، تۆۋىنى پۇقرايى ـ پەقىرلەرگىچە ھەممە كىشى ئەدەپلىك ـ سۆلكەتلىك ئىدى. ئەلدە غەم ـ قايغۇ دېگەن يوق ئىدى. ئۇ يىراقنى كۆرەر سىياسىيون بولۇپ. مەملىكەتنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن

① مىلادى 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

② پەرسەخ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. ئادەتتە بىر پەرسەخ يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئاكىسى — تۇرپان ھۆكۇمدارى مەنسۇرخان بىلەن يارىشىپ، يېغا - غەلىيان تۇپەيلىدىن ھالىدىن كەتكەن ئاھالىغا دېمىنى ئېلىپ، دەرمان توپلاش پۇرسىتى بەرگەنىدى؛ سۇنغان، چېكىنگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرگەنىدى، سەئىدىيە ئارىستوكراتىيىسىدىكى قارا نىيەت موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش، سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ تۇراتتى. بىراق، سۇلتان سەئىدخان موغۇللاردەك كۆچمەن چارۋىچى بىر مىللەتنى مۇلكىي قەشقەرىيىدەك بىر ئىلغار دېھقانچىلىق رايونىغا باشلاپ كېلىپ، زالىم مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتىنى قۇرغان تۇنجى سۇلتان بولغانلىقتىن، قولىدىن كەلگىنىنى قىلدى. سەئىدىيە مەملىكىتىنى روناق تاپقۇزۇش، گۈللىنىش دەۋرىگە باشلاپ مېڭىش ۋەزىپىسىنى بولسا ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك ئەۋلادلىرىغا ۋە خەلق ئاممىسىغا باقىي قالدۇرۇپ كەتتى! لېكىن، ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە مەڭگۈ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە خەلق تەرىپىدىن مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ!

* * *

سۇلتان سەئىدخاننىڭ مېيىتى دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە يەتكۈزۈپ كېلىنگەنلىكى ھەققىدىكى مەكتۇپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، خان تاغىسى، ئەمىر كەبىر ۋە قەشقەر ئەمىرى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئېغىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا مۇلازىملىرىغا:

— مېنى دەرھال يەكەنگە يەتكۈزۈڭلار! — دەپ ئەمىر قىلدى. مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات كېچە ـ كۈندۈز ئاتلىق توختىماي يول يۈرۈپ ئەتىسى ئەتىگەندە دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە يېتىپ باردى.

خاننىڭ مېيىتىنى تەختىراۋانغا ياتقۇزۇپ سەككىز يىگىت مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ يەكەنگە ئېلىپ كەلگەنىدى. خاننىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كېتىشىدىن پۈتۈن ئوردىنىڭ ئىچى ـ تېشى ئېغىر مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەنىدى. ئېغىر پەيتلەردە ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتقا يۈلىنىپ ئۆگىنىپ قىلىشقان مەۋكەب ئۇنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇرۇشاتتى. لېكىن، ئېغىر مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەن بۇ پېشقەدەم ئەمىرمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالغانىدى.

— ئى پەرۋەردىگارا! بۇ نېمە ئىش، — دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى ئۇ، — سەئىدخاننىڭ نۆۋىتى ئەمەس ئىدىغۇ. ھەي بىۋاپا پەلەك! بىزنى ئەجەبمۇ داغدا قالدۇردۇڭغۇ؟! ساڭا جان كېرەك بولىدىغان بولسا مېنىڭ قېرى جېنىمنى ئالساڭ بولماسمىدى؟ . . .

*     *     *

سۇلتان سەئىدخان شەھىدۇللادا قازا قىلغاندا، ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات خاننىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى. خاننىڭ قابىل سەركەردىسى، مىرزا سەئىد مۇھەممەتنىڭ جىيەن ئوغلى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىمۇ خاننىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى تاكى خاننىڭ مېيىتىنى يەكەنگە ئېلىپ كەلگەنگە قەدەر ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتتىن

قاتتىق سىر قىلىپ تۇتتى. ئۇ خەۋەر تاپقاندا بولسا، مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى يادىكار مۇھەممەت مىرزىنى ئالىلقاچان ئاقسۇدىكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتكەن ۋە سۇلتان سەئىدخاننىڭ «ۋەسىيەتنامىسى» نى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بولغانىدى...

*　　　*　　　*

پۇتۇن مەملىكەت خاننىڭ ئۆلۈمىگە مۇسىبەت تۇتۇۋاتقان ئىغىر مىنۇتلاردا ئەمىر سەئىد مۇھەممەت دوغلات باشلىق ئوردىدىكى بارلىق ئەمىر ۋۇل ئۈمەرا، بەگۇ - بەگات، ئەكابىر - ئەشرەبلەر بىردەك سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يىتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، ھازىلىق تەييارلىقىدا تۇرۇشتى.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يىتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى بېشى قېتىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغان مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتقا ئەقىل كۆرسىتىپ، — بىراق، بۇ ۋاقىت كونا يىلنىڭ چىقىشى، يېڭى يىلنىڭ كىرىش كۈنى — چارشەنبىگە توغرىلىنىپ قاپتۇ[1]. بۇنداق كۈندە ئۆلۈغلارنىڭ چۈشۈشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇگۈنچە شەھەرگە كىرمەي تۇرغان ياخشى. ئۇ بىر كېچە شەھەر ھۇدۇدىدا توختاپ، ئەتە يېڭى يىلنىڭ بېشى ماھى مۇھەررەمنىڭ تۇنجى كۈنى پەيشەنبە شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلسا، تېخىمۇ خاسىيەتلىك بولىدۇ...

«قۇش يېگىلىپ تورغا چۈشەر، ئادەم يېگىلىپ قولغا چۈشەر!» دېگەندەك، ئەقىللىق ئادەملەرنىڭمۇ ئازىدىغان ۋاقتى

---

① بۇ يەردە گەپ ھجرىيە يىلنامىسى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ.

بولىدۇ. نىھايەت، ئەمىر مىرزا سەئىد دوغلات ئوردىدا «شەيتانلار ئانىسى» دەپ نام ئالغان بۇ رەقىبىنىڭ مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا ئۆزىگە ئاللىقاچان تاپان تىزاق قۇرۇپ بولغانلىقىنى زادىلا يادىغا كەلتۈرمىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى چىپىشقا تەگلىنىۋاتقان قىلىچقا بېشىنى ئۇدۇل تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى سەزمەستىنلا، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بۇ تەكلىپكە دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ ئىچى قارىلىقتا تولغان بىر جۈپ سېھىرلىك كۆزلىرىدىن چىپچىلىۋاتقان زەھەرلىك نەشتەردەك شولىنى سەزمىدى. . .

ئۈستىگە ماتەم لىباسىنى كىيگەن ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ بېشىغا قارا سەللە يۆگەپ، ياقىلىرىنى يىرتقان ھالدا مەرھۇم سەئىدخانىنىڭ مېيىتى قويۇلغان ئالتۇنلۇقتا خەتمىقۇرئان قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى تاكى ناماز ئەسىرگىچە تامنىڭ پەنجىرىسىدىن كۆزىتىپ تۇرغان پاكار بىر نۆكەر ئۆگزىدىن ئاستا چۈشتى ـ دە، تامنىڭ كەينىگە باغلاپ قويغان ئېتىنى مىنىپ خوجىسى ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان يەرگە قاراپ كەتتى.

مەشھۇر راۋاق كۆل بويىدا ھاۋالىق بىر چارباغ بار ئىدى. باغ ئىگىسى ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت مىرزا يازنىڭ ئىسسىق تىنجىق كۈنلىرىدە مۇشۇ باغنىڭ كۆل بويىدىكى سالقىن خانىلىرىنىڭ بىرىدە دەم ئالاتتى. ئاستىغا ئېسىل گىلەم ـ بىساتلار سېلىنغان بۇ خانىنىڭ تۆرىدە ھازىر مىرزا ئەلى تاغايى يوغان پەي ياستۇققا يۆلەنگەن ھالدا سەردابە[①]دە ساقلانغان مۇزدەك شېرىن ـ شەربەت مەي ئىچىپ راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پىيالىدىكى مەيدىن بىر سۇمۇردى، ئاندىن ئاپئاق ئاقارغان

---

① سەردابە — يازدا سوغۇق سۇ ساقلىنىدىغان كەمە.

ساقىلىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرىتىۋېتىپ:

— خۇدايىم كەچۈرسۇن مېنى، مۇسىبەت كۆڭلىرىدە پەرھىزنى بۇزدۇم، — دېدى، لەنىتى مىرزا سەئىد مۇھەممەت موغۇلنىڭ يېنىدىن ئاجرىيالماي، چاڭقاپ تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالدى.

— بۈگۈن سىزگە راۋا، — دېدى ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت مىرزا خۇشامەت بىلەن، — زوررۇر بولغاندا ئۆتتۈز كۆڭلۈك روزىنىمۇ بۇزۇشقا بولىدىغۇ. چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىسىز، ئەگەر مۇشۇ قېتىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قولى بىلەن مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى يوقىتالىسىڭىز، سىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەڭ چوڭ رەھنەماسى[1] بولالايسىز!

مىرزا ئەلى تاغايى بۇ نۇرلۇق ئىستىقبالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تۇيۇقسىز ئەندىكىپ كەتتى. ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت ئۇنىڭغا سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. مىرزا ئەلى تاغايى دەرھال سەگەكلەشتى:

— ئەمىر جانابلىرى، سىز بىلەن بىزمۇ ئەسلىدە موغۇل ئۇرۇقىدىن ئىدۇق. بەس، مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ سەلتەنەتتە شۇنچە ئۇزاق ئولتۇرۇشىغا بولۇپ ھۆكۈم سۈرگىنى يېتەر ئەمدى. خۇدا ئامەت بېرىپ، ئەگەر مەن ۋەلىئەھدكە رەھنەما بولسام، سىز پۈتۈن سەئىدىيە قوشۇنىنىڭ ئەمىركەبىرى بولغايسىز!

— ئىنشائاللا! — دەپ ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت چىرايلىق قارا ساقىلىنى سىلاپ قويدى، — قېنى، ئەمىرىم، ئۇسسۇزلۇق ئىچەيلى!...

بۇ چاغدا خاننىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، تالادىكى

---

[1] رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى.

ھوپ - ھوپ ئىسسىقنىڭ ھارارىتى ئۆيىنىڭ ئىچىگە تەپتى. مىرزا ئەلى تاغايى قولىدىكى پىيالىنى ئاستا قويۇپ، ئىشىك تەرەپكە قارىدى. بايىقى نۆۋكەر خوجىسىنىڭ ئارامىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىك چاغلاپ ئۆزرە سورىغاندەك قىلىپ ئوڭايسىزلاندى — دە:

— ئەمىر جانابلىرى، سەئىدمۇھەممەت مىرزا ئالتۇنلۇقتا قالدى، — دېدى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

— ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟

— ھە، ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم!

مىرزا ئەلى تاغايى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ھەمىيىنىنى ئالدى - دە، ئىچىدىن بىر دانە سەئىدىيە تەڭگىسىنى چىقىرىپ بۇسۇغا ئالدىغا تاشلىدى. ھېلىقى پاكار نۆۋكەر يەردىكى تەڭگىنى ئالدىراپ - تېنەپ قولىغا ئالدى - دە، ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن خانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— جانابىي خوجا شاھ مۇھەممەت، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن، — ئەمدى سىز كىشىلەرگە كۆرۈنمەي، شەھەر ھۇدۇتلۇقىدا چۇشكۈن قىلغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا بېرىڭ! . . .

ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت مىرزا قاپقارا ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تۇتاملاپ، بىردەم ئويلىنىپ تۇردى - دە، ئاندىن:

— خاتىرجەم بولغايسىز جانابىي ئەمرۇل ئۆمەرا، — دېدى، — بۇنداق ئىشقا كەلگەندە، بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتىدىغان ئادەم بۇ ئىقلىمدىن تېپىلماس!

— بەگ جانابلىرى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭغا يەنە جېكىلەپ تۇرۇپ، — بىز ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشكە ئالدىنئالا كېلىشىۋالغان سۆزلەرنى ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلىغايسىز! تەخت

ۋارىسى بىلەن كۆرۈشكەندە، گەپنى ئاز قىلىڭ! چۈنكى تەخت ۋارىسى تولىمۇ ھوشياردۇر! شۇڭا، ئۇنىڭغا يەنە مىنىڭ مۇنۇ سۆزۈمنىمۇ يەتكۈزۈڭ: «. . . خانىنىڭ تۇز ھەققى گەدىنىمدە بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، سەئىد مۇھەممەت مىرزا بىلەن ئەمىر مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداش قاتارلىق بەگلەر ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، جانابلىرى بارغان ھامان، مەرھۇم ئاتىلىرى يېنىدىن جاي بېرىشمەكچى. تەختنى تىببەتتە قالغان ئىسكەندەر سۇلتانغا سويۇپ ئېلىپ بەرمەكچى. شۇڭا، سىلىنىڭ شەھەرگە كىرىش ۋاقتىلىرىنى سوزۇپ قەستەنگە ئەتىگە قالدۇردى. بىزلەردىن بۇ خۇسۇستا ئەھ - پەيمان ئېلىشتى. . .» بۇنىڭدىن بىر ئېغىز كۆپ ياكى كەم گەپ قىلماڭ. شۇنداق بولغاندا، تەخت ۋارىسىنى ئاندىن بىزلەرنىڭ سۆزىمىزگە ئىشەندۈرگىلى، سەئىد مۇھەممەت مىرزىغا قاتتىق غەزەپلەندۈرگىلى بولىدۇ.

— جانابىي ئەمرۇل ئۇمەرا، ماڭا پاتىھە بېرىڭ. مەن تەخت ۋارىسىنىڭ ھۇزۇرىغا باراي ۋە بەگلەر نامىدىن ساداقەت ئىزھار قىلىپ، ئۇنى شەھەرگە تەكلىپ قىلاي!

— ئىنشائاللا، — دەپ ئىككى قولىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈردى مىرزا ئەلى تاغايى، — ئەگەر بىر تەن بىر جان بولۇپ تەخت ۋارىسىغا خىزمەت قىلساق، مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ قولىدىن ھەممىمىز ئامان قالۇرمىز. ھېچقايسىمىزنىڭ بىر تال موينىمۇ شىكەست يەتمەس. ئامىن! . . .

نەزمە

سۇخەنچىنى يوقاتقىن خۇدا،
ئۆلتۈرمەستىن ئايلاندۇر تاشقا.
بىزدىن بۇرۇن بارسا ئالدىڭغا،
بالا بولىدۇ بىزنىڭ بۇ باشقا!

— ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى

ئالتىنچى باب

# مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانغا مەكتۇب

«پەلەڭ بىلەن جەڭ قىلغاننى پەلەك يېڭەر!»

— ئۇيغۇر خەلق ئەقلىيە سۆزلىرىدىن

**مىلادى** 1534ـ يىلى (ئات يىلى) مىزان ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى. كېچىچە توختىماي چىققان شامال تاڭ ئاتاي دېگەندە توختىغاندەك بولدى. تامچىلاپ ياغقان يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا سالقىن ھەم ساپ ئىدى. يامغۇر سۈيى دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىكى توپا ـ چاڭلارنى يۇيۇپ پاكىزلىگەنىدى. پىشاي دەپ قالغان ئالما ۋە شاپتۇللار يامغۇر سۈيىدە تازىلىنىپ بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. يامغۇر تامچىلىرى توختاپ قالغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى لەرزان چىقىۋاتقان سالقىن شامالدا يېنىك ئىرغاڭلىغاندا، بۇ تامچىلار خۇددى ئۈتكۈنچى يامغۇردەك سىرىق تۇپراقلىق يۇمشاق يەرگە تەكشى تۆكۈلەتتى. ئاقىرىشقا باشلىغان غۇبارسىز تىنىق ئاسماندا ئاندا ـ ساندا كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار گويا سوغۇقتىن تولاۋاتقاندەك ھارغىن چىملداپتتى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شەھەرنى قاپلىغان ئۆلۈم ۋەھىمىسى خۇددى قارا قانىتىنى قېقىپ كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن قوزغۇندەك تېخىچىلا ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. كوچىلار، مەھەللىلەر جىمجىت، ئىشىك ـ دەرۋازىلار چىڭ تاقالغان، ئادەمزات توگۇل ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

مىرزا ئەلى تاغايى تۈنۈگۈن ئاخشامقى قانداقتۇر كۆڭۈلسىز خىياللاردىن كەيپى بۇزۇلۇپ، كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئۆرە ئولتۇرۇپ دېگەندەك، پۈتۈن تاڭنى بىدار ئاتقۇزدى.

توساتتىن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى قاتتىق تاقىلدىدى. ئۇ ئوپۇل ـ توپۇل ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ۋاقىتسىز كېلىپ ئارامىنى بۇزغان ئادەمگە خاپا بولۇپ ئىشىكنى ئاچتى. بوسۇغىدا ئۇنىڭ كۈيئوغلى يادىگار مۇھەممەت مىرزا تۇراتتى.

— ھۆرمەتلىك ئاتا، ئاڭلىدىلامىكىن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ قېيناتىسىغا، — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەمىر مۇھەممەت بارلاسنى ئۇلۇسبېگى قىلىپ تەيىنلەپتۇ!

— ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت مىرزىچۇ؟! — دېدى تەئەججۇپ بولغان مىرزا ئەلى تاغايى.

— ئۇ ئەمىركىبىرلىكتىن قالدۇرۇلۇپ قاماققا ئېلىنىپتۇ!

— يارەببى! — دەپ مىرزا ئەلى تاغايى يەرگىلا ئولتۇرۇپ قالدى، — ئۇنداق بولسا، چوڭ قىرغىنچىلىق ئەمدى باشلىنىدىكەن ـ دە. ئەمىر شاھ مۇھەممەت مىرزىنىڭ بارچە ئەل ـ ئاغىنىلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى سۇلتاننىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، تەقىب ئاستىغا ئېلىنىدۇ!...

— نېمە ئۈچۈن؟

— نېمە ئۈچۈن؟! — مىرزا ئەلى تاغايى كۈيئوغلىنى مازاق قىلغاندەك جاۋغىيىدا ھىجايدى، — شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىمۇ؟ ھەر قاچان، ھەر زامان شۇنداق بولغان. ئوغلۇم، كونا چاپان يېڭى خوجايىنغا ياراشمايدۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

بىزلەرنىڭ قولىمىز بىلەن دوغلات ئەمىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. ئەلھال، نۆۋەت بىزگە كەلگەن ئوخشايدۇ. ئەمدى دەرھال ئۆزىمىزنى چەتكە ئالمايدىغان بولساق، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىزنى ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىز بىلەن بىللە قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىدۇ!

يادىگار مۇھەممەت مىرزا خۇددى قىزلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، پىچىرلاپ دۇئا قىلدى. ئۇ قېيناتىسىنىڭ بۇ ۋەھىمىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دىر - دىر تىترىگىنىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئەگەر يېنىدا دەرغەزەپ قېيناتىسى مىرزا ئەلى تاغايى بولمايدىغان بولسا هازىرلا تۇرغان ئورنىدا يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى.

زامانە قازانلىرىدا تولا قايناپ پىشىپ كەتكەن قاقۋاش مىرزا ئەلى تاغايى يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ كۈيئوغلىدەك هودۇقۇپ كەتمىدى:

— ھەقتائالاغا شۈكرانىكىم، باشتىلا بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، قارا تېكىن ئەمىرى سۇلتانخان بىلەن ئالاقىلىشىپ قويغانىكەنمەن. مۇبادا، ئۇل دەھرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئىشىنىپ ئولتۇرغان بولساق، ھالىمىز قانداق بولاتتىكىن. . . دەرھال ئېرىغ ماللارنى ئېلىپ تەييارلىنىڭلار - دە، ھازىرنىڭ ئۆزىدە يولغا چىقايلى. تېخى تاڭ يورۇمىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ دەرۋازىدىن چىقىۋالايلى!

يادىگار مۇھەممەت مىرزا:

— ئەمىرىڭىزگە قۇللۇق، ھۆرمەتلىك ئاتا! — دېگىنىچە خانىدىن چىقىپ كەتتى.

* * *

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان ئادەملەر

ئاريسىدا سەئىد مۇھەممەت مىرزا ۋە ئەمىر سەئىد ئەلى كۆكەلداش دېگەن ئاتاقلىق ئەمىرلەرمۇ بار ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان رەھىمسىز قاتتىق سىياسەت قوللىنىش ئارقىلىق مەرھۇم ئاتىسى سۇلتان سەئىدخانغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان ئادەملەرنى «ئاسىيلارنى تازىلاش» نامى بىلەن سەئىدىيە سەلتەنەتىدىن تازىلاپ يوق قىلدى. ئۇ سابىق ئەمىركەبىر، قەشقەر ئەمىرى سەئىد مۇھەممەت مىرزىنىڭ ئورنىغا ئوردىدىكى سۇخەنچىلەرنىڭ كاتتىۋېشى، پىتنىخورلارنىڭ سەركارى ۋە «شەيتانلار ئانىسى» — مىرزا ئەلى تاغايىنى قەشقەرغە نايىب قىلىپ تەيىنلىدى. كەشمىر ھۆكۈمرانى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگاننى بىر يارلىق بىلەنلا بالتىستان ئەمىرلىكى ۋە سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ بالتىستاندا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىكىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئىسكەندەر سۇلتاننى بايىبلىققا تەيىنلىدى...

رەھىمسىزلىكتە ۋە شەپقەتسىزلىكتە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ساۋاق بېرەلەيدىغان مىرزا ئەلى تاغايى قەشقەرگە بېرىپلا، سابىق ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى دەرھال قاماققا ئالدى. ئۇنىڭ ئوغلى ھۇسەيىن مەنسۇر بىننى مۇھەممەت مىرزىنى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ، تېرىسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ شىلدۇردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت مىرزا ۋە سەئىد مۇھەممەتلەرنى چاپتۇرۇۋەتتى.

رەھىمسىزلىك كىشىنى خۇددى تەرياققا[①] ئوخشاش مەست قىلىدۇ. كىشىلەرنى ھەر قانداق باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈش، سۈرگۈن قىلىش، مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەلتەنەتىنىڭ ئادەتتىكى جازا چارىسى بولۇپ قالدى. ئۇ گۇناھسىز كىشىلەرنىمۇ، گۇناھكار

---

① تەرياق — ئەپيۇننىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

كىشىلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھەسرەتتىن قۇتراشقا باشلىغانىدى. تەختىمۇ. . . ئەلدە تىنچلىق، ئاسايىشلىق ئورنىتىشمۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرىنى قاتتىق جازالاشمۇ ئۇنى زادىلا تىنچلاندۇرالمايۋاتاتتى. ئاۋۋال بىرەرى تەرىپىدىن بولسىمۇ بويىنىغا ئەرزىمەس ئەيىب قويۇلغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئەلھال، ئەمدى ئاشۇ ئەيىبلىگۈچىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، سەئىدىيە مەملىكىتىدە كىشىلەرنىڭ ھاياتى نىمە ئۈچۈندۇر سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ياقمىسىلا بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ مەرھۇم ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى مىرزا ئەلى تاغايىدەك شەپقەتسىز ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. ھەتتا، ئاتىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەمرىدىكى خوتۇن - چۆرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى باشقا موغۇل ئەمىرلىرىگە خوتۇنلۇققا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتتى. ئۆگەي ئانىسى زەينەپ بىبى خانىمنى ئۇنىڭ تاغىلىرى ۋە ھامىلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ، بەدەخشانغا سۈرگۈن قىلدى① . . .

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆز دۆلىتىنىڭ تېمىنى يىقىتماقتا، — دېيىشەتتى بەزى ھەققانىيەتچى كىشىلەر ئەلدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ قانخورلۇققا غەزەپلىنىپ، — مۇلكىي قەشقەرىيە مىرزا ئابابەكرى زامانىدىن بۇيان يەنە بىر قېتىم قانغا پاتۇرۇلماقتا. مەملىكەتنى قارا تۇتۇن چۇلغىۋالدى. ئەل نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە تەپرىقاتچىلىق قەلئەسىگە ئايلاندۇرۇلماقتا! . . .

مىرزا ئەلى تاغايلار سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ قالغات دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغاندا، تاڭ ئېتىپ، سۇبھى سۈزۈلگەنىدى،

① بۇ ھەقتە مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى يازغان: «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما) گە قارالسۇن.

بىر مۇنچە لەشكەرلەر دەرۋازىنى ساقلاپ ياتاتتى.

— نەگە باراتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى، قاراۋۇللار.

— بىز ئەسلىدە بەدەخشانلىق سودىگەرلەر، ئىدۇق، ئەمدى سودا ئىشى بىلەن قەشقەرگە ماڭدۇق.

ئاڭلىغىچىلىك مىرزا ئەلى تاغايى كۈيئوغلى مىرزا يادىگار مۇھەممەتكە ھەميانىنى شەرەپ قىلىپ، بىرىشنى ئىملىدى. قاراۋۇللار ھەمياندىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى كۆرۈپ خۇشال بولدى - دە:

— بىزنىڭ كۆنىمىز ئارپا ئېشى ئىچىش بىلەنلا ئۆتەتتى. ئەمدى بۇ تىللانىڭ دۆلىتىدە ياخشى، مەززىلىك تائاملارنى يېيەلەيدىغان بولدۇق. سىلەر چىقىپ كېتىۋېرىڭلار. بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىزگە قالسا دۆلەتمەن بولۇپ قالارمىز، — دەپ ئۇلارنى چىقىرىۋەتتى.

* * *

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت مىرزىنى ئۆزىنىڭ خابگاھىدا سوراق قىلدى. سوراق ۋاقتىدا پېشىدىن ئولۇسبېگىلىككە تەيىنلەنگەن ئەمىر مۇھەممەت بارلاس بىلەن ئۇستاز خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى.

— بۇ قوتۇرىغان ئىتنى قانداق جىن ئۇرغاندۇ؟ — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت مىرزىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. ئۇ ئەمىرنى ئۆزىنىڭ ئارام ئالىدىغان خابگاھىدا سوراق قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىشنىڭ سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ ئاددىي ئۆي كىيىمى بىلەن كىيىنگەن بولۇپ، بارماقلىرىدا فىروزە ئۈزۈكلەر يالتىرايتتى.

ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنگەن ئادىمى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قارا تېكىنگە قاچقانلىقى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاتتىق زەربە بولغانىدى. خۇددى شىددەتلىك سۇ دولقۇنلىرى ئىچىدىن مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەت بىلەن قىرغاققا ئېلىپ چىققان مالنى ئېچىپ كۆرسە پۇتۇنلەي سېسىپ كەتكەن بولۇپ چىققىنىدەك، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلانغانىدى.

ئۇ ئۆزىگە باش قويۇپ ئايغى ئاستىدا ياتقان بۇ سابىق ئەمىرگە يىرگىنىپ قارىدى ۋە بېشىنى بۇراپ تەتۈر قارىۋالدى. ئارىدا بىر پەس سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ چىرايىدىن خۇشال بولغىنىنى ياكى غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت ئۇنىڭ:

— بىز سېنى ئەپۇ قىلدۇق! — دېگىنىلا ئاڭلاندى.

سابىق ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت مىرزا دەررۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ چەكسىز مىننەتدارلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ قالالىدى:

— ئى پەزلۇ - ئادالەتلىك پۇشتىپاناھ! ئاللاتائالا دۆلەتلىرىنى مەڭگۈ زىيادە قىلسۇن!

بۇ چاغدا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزى تەرىپىدىن بىگۇناھ قەتلى قىلىنغان مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى ئەسلەپ قالغانمۇ - قانداق:

— ئادالەتلىك بولۇشنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىدە قىلىچتىن ئۆتكۈزىدىغان، بەزىدە كەڭچىلىك قىلىۋېتىدىغان ئىشلار ھەم بولىدۇ. ئاللا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر!

— چاقماقنىڭ گۈلدۈرلىگەن ساداسى كەپتەرنىڭ بوقۇلدىشىدىن بەسىي كۈچلۈك بولىدۇ - دە! — دېدى باياتىن گەپكە ئارىلاشماي جىم تۇرغان ئۇستاز مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاللاتائالا ئۆزلىرىگە ھېكمەت

بىلەن ئىش قىلىشنى ئاتا قىلغان. ساھىبقىران، بىلەمسىز؟ ئىلىم ئەھلى بىخەستەلىكىدىن، پادىشاھ زالىملىقىدىن، نامرات پۇقرا ساختىپەزلىكىدىن نابۇت بولىدۇ! شۇڭا، ئۆزىنى سەگەك تۇتىدىغان چاغدا ھەرگىز غاپىل بولماسلىق لازىم!

— ئالىيلىرى، — دېدى ئۇلۇسبېگى ئەمىر مۇھەممەت بارلاس خۇشامەت قىلىپ تۇرۇپ، — ئۇلۇغ ئاللا ئۆزلىرىنى ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا بەختىيار قىلسۇن!

— بەختىيار بولالارمىزمۇ؟ — دەپ غودۇڭشىدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزىچە، — ھاياتنىڭ ئۆزى دۇنيادا يەشمەك ئەڭ قىيىن بولغان بىر سىر ئىكەن!

— ماشائاللا، — دېدى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار ئاپئاق ساقىلىنى قوللىرى بىلەن تۇتاملاپ تۇرۇپ، — ئاللاتائالا ئۆز بەندىسىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاچىقالايدۇ. گېزى كەلگەندە ئاسماندىن ئېلىپ يەرگە ئۇرالايدۇ. مىرزا ئەلى تاغايى شەيتان لەئىندىن تەلىم ئالغان باتىل بولغاچقا ئاللاتائالا ئۇل بەتبەختنىڭ ناچار سۈپەتلىرىنى خەلقىئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ شەرمسار قىلدى. شۇڭا، ھەر قانداق چاغدا ئاللاغا سەجدە قىلىشنى ئۇنۇتماسلىق لازىم.

* * *

ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ناچار ئىشلىرى تەدرىجىي ئاشكارىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلغانىدى. ئۇ سابىق ۋەزىر ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ غۇرۇرلۇق ۋە ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ خىيانەت قىلىشتەك پەسكەشلىكنى زادىلا قىلمايدىغانلىقىغا مانا ئەمدى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇ مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئىككى يۈزلىمە نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى

سەزگەندىن كېيىن ئەمىر شاھ مۇھەممەت مىرزىنى مەنسىپىدىن دەرھال ئېلىپ تاشلاپ قاماققا ئالدى ۋە ھازىرقى ئۇلۇسبېگى ئەمىر مۇھەممەت بارلاسقا مىرزا ئەلى تاغايىنى تەقىب ئاستىغا ئېلىشنى بۇيرىدى.

ئەمىر مۇھەممەت بارلاسمۇ مىرزا ئەلى تاغايى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھاكىمىيەت بېشىدا بولسا، ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن بۇ سابىق يولدىشىنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋېتىپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا تەنتەنىلىك يوسۇندا ئۆزىنىڭ ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى قاتارلىقلارنى ھازىرقى ۋەزىپىلىرىدىن چەتلىتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئاڭلاتقاندا، ئەمىر مۇھەممەت بارلاس قىلچىمۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلمىغانىدى. بىراق، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنىڭ بۇ سابىق ۋەزىرىنىڭ يولدىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالارمۇ؟ ئۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ بەلگىلىنىشىنى كۈتۈپ مۇشۇنداق ئىزتىراپ بولۇپ تۇرغىنىدا، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قارا تېگىنىگە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى.

* * *

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قاپىقى زادىلا ئېچىلمايتتى. ئۇ سەلتەنەت مەركىزىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنغان سۇيىقەستچىلەرنىڭ تۆھمەتلىرىگە ئىشىنىپ ئايرىتماي مەرھۇم ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ سادىق ۋەزىرلىرىدىن مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن سابىق سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىكى ئىقتىدارلىق ئەمىر سەركەردىلەر ھازىرقى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ئىخلاسى قايتىپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا باشلىغانىدى. بەزىلىرى ھەتتا

ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندى. سەئىدىيە مەملىكىتىدە خاتىرجەمسىزلىك يۈز بەرگەن، داۋالغۇش پەيدا بولغاندى. داۋالغۇش ئاخىر سۇلتان سىياسىي ۋەزىيەتتىكى بۇنداق داۋالغۇش ئاخىر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئاتىسىنىڭ سابىق ۋەزىرى ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى گەرچە ئۆزىنىڭ سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇرۇشىنى قەتئىي قوللىغانلارنىڭ بىرى بولسىمۇ ئەمما مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات ۋەقەسىنىڭ ئۇچۇر - بۇجۇرى ئىنىقلانغاندىن كېيىن سەلتەنەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور خەۋپنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن ئەمىر شاھ مۇھەممەت مىرزا قاتارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالارغا بولغان ئۇمىدى ئىشەنچىلىرىمۇ بارا - بارا يوقىتىشقا باشلىندى. «ئۇ ھىيلىگەرلەر مېنى ئۇياتسىزلارچە ئالدىدى» دەيتتى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان غەزەپ بىلەن ئۇلارنى يادىغا ئالغاندا.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۈگۈن ناماز بامداتتىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ دەستارپىچىنىڭ ياردىمى بىلەن تولۇق كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن ئولۇسبېگى، ئەمرۇل ئۇمەرا مۇھەممەت بارلاسنى چاقىرىشقا بۇيرىدى.

ئەمرۇل ئۇمەرا مۇھەممەت بارلاسنىڭ تولۇق، يارىشملىق چىرايىدا كىچىككىنە ئەيش - ئىشرەتنىڭ ئىزىمۇ قالمىغان، ئۇستىلىق بىلەن چىرايلىق ئورالغان سەللىسى ئۇنىڭ بېشىدا ھەممە چاغدىكىدەك ناھايىتى يارىشىپ تۇراتتى. ئادەتتە ئۇ سۇلتاننىڭ يېنىغا خاتىرجەم ۋە ئەتىۋارلىق بولۇپ كىرەتتى. سۇلتاننىڭ ئۆزىنى مۇنچىۋالا سەھەر چاقىرتىشىدىن قارىغاندا جىددىي بىر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىدى. شۇڭا، بۈگۈن

خۇسۇسەن ئېھتىيات قىلىش ۋە پەرمانبەردار بولۇش كېرەك!
— سىز ھەمىشە خاتىرجەم كۆرۈنىسىز، — دېدى ئابدۇرەشىدخان كايىپ، — بىز بولساق مەملىكەتتىكى ئەنسىزلىكلەردىن خاتىرجەم ئەمەس. خوتەندە ئەمىرلەر ئىسيان كۆتۈرگەن ئىمىش. سىزنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟
— پۇشتىپاناھ، قۇلىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، — دېدى ئەمىر مۇھەممەت بارلاس بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ، — مەنمۇ بۇ ئىشتىن تېخى بايا خەۋەر تاپتىم.
— خوتەندىكى ئەمىرلەر ئىسيانىغا قارىتا قانداق چارىلەر كۆرمەكچى؟
— ھەممە چارىلەر كۆرۈلىدۇ! — دەپ ئىتتىك جاۋاب بەردى ئۇ يەرگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — لېكىن قۇللىرى بۇ ئىسيان ھەرگىزمۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىسيان، دەپ ئويلىمايدۇ. كىشىلەر بەزى ئەمىرلەرنىڭ زورلۇقلىرىدىن خەۋپسىرەپ قالغان!
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەمىر ۋەلى ئۇمەرانىڭ گەپنى قايسى تەرەپكە بۇراۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:
— سىز يەنىلا ئاشۇ ئۆلمىگۈر مىرزا ئەلى تاغايى ھەققىدە دارتىمىلىغىلى تۇردىڭىزغۇ؟
ئەمىر ۋەلى ئۇمەرا مۇھەممەت بارلاس سۆزىنى سالماقلىق بىلەن داۋاملاشتۇردى:
— سۆزىڭىز بەرھەق ئى پۇشتىپاناھ، ئۇ ئۆزىنىڭ قەشقەر نايىبلىقىنى پەش قىلىپ، مەملىكەتتە ئۆزىنى سىز جانابىي ئالىيلىرىدىن كېيىن تۇرىدىغان «ساھىب سانى» دەپ ئاتاپ كەلگەندى. ئېيتىڭا، كىم شەھەر بويلاپ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن مەرغۇپ تاشلار بىلەن بېزىتىلگەن تەختىراۋاندا يۈرەلەيدۇ؟ كىم مەنسەپ ـ دەرىجە ۋەدە قىلىپ، ھېسابسىز دەپئىي ـ دۇنيا جۇغلىدى ۋە كىم ئالتۇن پىيالىلەردە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان

شارابلارنى ئىچەلىگەن؟ كىمنىڭ زىياپەتلىرى ئۆزىنىڭ كاشانە دەبدەبىلىكى سىزدەك پۇشتىپاناھىمنىڭ زىياپەتلىرىنى خىرەلەشتۇرگەن؟ ئى ئۇلۇغ سۇلتان، ئەنە ئاشۇ مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ئۇچۇن بولسا ھېسابسىز بايلىق كېرەك ۋە بۇنداق بايلىق ئۇنىڭ خانۇ ـ مانىدا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ!

ئادەتتە مۆمىن، رايىش كۆرۈنىدىغان بۇ ئەمرۇل ئۇمەرا ئۆزىنىڭ سۇلتان ئالدىدا تۇرغانلىقىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ، ئۆز ھېسلىرىغا ئەركىنلىك بېرىپ، خۇددى رەھىمسىز قازىدەك سۆزلەۋاتاتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلۈپ تاشلىدى:

— ئىسپاتىڭىز چۇ؟

ئەمرۇل ئۇمەرا مۇھەممەت بارلاس قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قۇللارچە باش ئەگدى ۋە يېقىملىق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— ئى پۇشتىپاناھ، ماڭا ئۆزىڭىز بەلگىلىگەن بىر نەچچە گۇۋاھچىنىڭ قاتنىششى بىلەن مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئۆيىنى تىنتىپ ئىسپاتلارنى تېپىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغىمۇ دەل شۇ كېرەك بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ ئەمرۇل ئۇمەراغا قوبۇل ۋاقتىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قولىنى شىلتىدى:

— ياخشى، ئۆزىڭىز يېنىڭىزغا بىر ـ ئىككى ئادەمنى ئېلىڭ ـ دە، ئىشقا كىرىشىۋېرىڭ ۋە بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىزگە تېزرەك مەلۇم قىلىڭ!

— باش ئۈستىگە! — دېدى ئۇ قۇللۇق بىلدۈرۈپ. ئاندىن شوخشۇپ كەينىچە ماڭغان پېتى خابگاھتىن چىقىپ كەتتى.

خابگاھ ئىچىدە يالغۇز قالغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەمدى

ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات قىلغاندىن بىرىقى ئىشلار ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى.

بۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتىسى تەرىپىدىن ئاقسۇغا نايىب قىلىپ تەيىنلەنگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان چاغدا يۈز بەرگەن ئىش ئىدى.

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر سۇلتان سەئىدخاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ھەمراھ بولۇپ ئاقسۇغا كەلدى. ئۇلار ئاقسۇغا يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا يۇرت ـ ئايماقلارغا جاكارچى ئەۋەتىپ، «ئەل ئامانى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانى!» دەپ ئېلان قىلغۇزدى. ئىمىن خوجا سۇلتان ئىسيانىدىن كېيىن داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان ئاقسۇ ۋەزىيىتى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پۇقرالار قايتىدىن ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. قالايمىقانلىشىپ كەتكەن يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان خىزمىتىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، ئارىلىقتا قىلچىلىكمۇ گۇدرەت قالمىدى.

بىر كۈنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا:

— بىز موغۇلىستاندا تۇرغان چېغىمىزدا، — دېدى، — گەرچە ئىككىمىز قېرىنداش بولۇپ ئۆتۈشكە ئەھدۇ ـ پەيمانلاشمىغان بولساقمۇ ئەمما يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇپ ئۆتۈشكەن ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشقاندۇق. ھازىر ئارىمىزدىكى كونا دوستلۇقنى تېخىمۇ چىڭىتىشىمىز، بەلكى بىر ـ بىرىمىزگە مەڭگۈ سادىق بولۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن، موغۇل

ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ۋە خان ئاتامنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ئوق سۇندۇرۇپ قەسەم ئىچىش رەسىم - قائىدىسىنى ئورۇندىشىمىز كېرەك!

بۇ چاغدا مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىد-خاننىڭ بۇ ئارزۇسىنى دەرھال ماقۇل كۆردى ۋە:

— مەن ھازىر سۇلتان سەئىدخان ۋە سىزگە جان - دىلىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن، — دېدى تەنتەنىلىك بىلەن، — سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن سىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۈچۈنلا جان - دىلىم بىلەن خىزمەت قىلغايمەن. سىزنى ئەبەدىلئەبەد خۇددى سۇلتان سەئىدخاندەك جىنىمدىن چارە كۆرگەيمەن!

— مۇبادا، ئاتىخانىمدىن كېيىن مەن سۇلتان بولغۇدەك بولسام، — دەپ تەنتەنىلىك قەسەم بەردى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ، — مەن سىزنى خۇددى بىر تۇغقان ئاكامدىن چارە كۆرگەيمەن. رەسمىي سورۇنلاردا سىزگە مەن سۇلتان بولساممۇ ئەمما خۇسۇسىي سورۇنلاردا مەن سىزنى ئۆز ئاكام دەپ بىلگەيمەن. سىزگە ئاتىخانىمدىنمۇ زىيادىرەك ئىلتىپات كۆرسەتكەيمەن. سەلتەنەتتە سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزسىز مۇھىم قارار قىلمىغايمەن. ھۆرمەتلىك ئەمىر كىبىر تاغىڭىزغا ۋە تۇغقانلىرىڭىزغا يۇقىرى مەرتىۋە، مول مائاش بەرگەيمەن!

— ھەئە، سىز ئەلۋەتتە سۇلتان بولىسىز، مەنمۇ سىزگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خىزمەت قىلىمەن. مەن سىزگە چوقۇم ياخشى ئاكا بولىمەن لېكىن باشقا ھېچنېمىڭىز بولمايمەن!

— سىز نېمە دېمەكچىسىز؟ مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قالدىمغۇ؟

بۇ چاغدا مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى - دە:

— مەن سىزگە ئۆمۈرۋايەت سادىق بولۇشنىلا ئويلايمەن! —

دېدى ھاياجان ئىلكىدە.

شۇ ۋاقىتتا شەھەر ئۈستىدىن بىر توپ ياۋا غاز سەپ تارتىپ ئۇچۇپ ئۆتتى. ياش شاھزادە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى ــ

— قېنى، ماڭايلى! ــ دېدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تېخى ئەمدىلا تېخى بورۇتى خەت تارتىشقا باشلىغان، سۆڭەكلىرى تېخى قاتمىغان ياش شاھزادە، تەخت مىراسخورى ئىدى. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر بولسا سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە كۆپ قاتنىشىپ، نۇرغۇن ھەربىي جەڭلەردە سۆڭەكلىرى قاتقان تەجرىبىلىك ھەربىي سەركەردە ئىدى. . .

* *

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەھد ـ پەيمانلىشىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر دارۇلسەلتەنەت — يەكەنگە قايتتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنى تاكى ئايكۆل مازىرىغا قەدەر ئۇزىتىپ باردى. ئاخىر ئۇلار كۆزى قىيىشمىغان ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن ئايرىلىشتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇدىكى ئوردىسىغا قايتتى. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر بولسا سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېنىسارىدىكى بارگاھىغا قايتىپ كەلدى. خان ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ قەشقەرگە بېرىپ ئائىلەمنى يوقلاپ كەلسەم، دېگىنىگە ئۇنىماستىن، ئۇنى ئۆزى بىللە موغۇلىستان چېگرىسىدىكى تويۇنباشىغا[1] بېرىپ شىكار قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغدا،

---

① تويۇنباشى ـ ھازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تويۇن يېزىسى.

ئاقسۇ نايىبى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئاقسۇدىن تويۇنباشىغا كېلىپ تۇرغانىكەن.

* * *

سۇلتان سەئىدخان ئۆسمۈر بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ھەربىي يۈرۈشلەرگە، ئۇرۇشلارغا كۆپ قاتناشقان بولۇپ، بېشىغا كەلگەن ھەر خىل دەھشەتلىك قانلىق ۋەقەلەر ئۇنى ھەربىي بىلىمدىن خەۋەردار، باھادىر، يۈرەكلىك، يىراقنى كۆرىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرگەنىدى.

ئۇ ئۇرۇش بولمىغان تىنچلىق مەزگىللىرىدە ئۇرۇش سەنئىتىنى يەنە شىكار قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرەتتى. ئۇ پۈتۈن شىكار جەريانىنى قوماندانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش سەنئىتىنى ئىگىلەش جەريانى قىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە شىكار سەركەردە ــ سەردارلارنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم پۇرسەت سانىلاتتى.

سۇلتان سەئىدخان ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش، بۇ قېتىممۇ تويۇنباشىدىكى شىكارگاھقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى تاللانغان ئوۋچىلارنى ئالدىن ئەۋەتتى. بۇ ئوۋچىلار جاڭگال، تاغلارغا بېرىپ شىكار ھايۋانلىرىنىڭ ئاز ــ كۆپلۈكىنى، جايلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئۇقۇۋېلىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇلتان سەئىدخان يەنە يېتەرلىك دەرىجىدە ئوزۇق ــ تۈلۈك، ئوت ــ چۆپ، يەم ــ بوغۇز، قورال ــ ياراغ، چېدىر ــ ئاق ئۆي، قازان ــ قومۇچ ئەسلىھەلىرىنىمۇ شىكارگاھقا ئالدىن ماڭغۇزدى.

بارلىق تەييارلىقلار پۇختا ئىشلەنگەندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان ئەمرۇل ــ ئۇمرالىرىنى ئېلىپ، زور قوشۇننى باشلاپ تويۇنباشىغا ئاتلاندى. . .

شىكار باشلانغان كۈنى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە، تەخت ۋارىسى ۋە ئاقسۇ نايىبى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ماڭدى. خان ئۇنىڭغا پۈتۈن ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن يېڭى بىر بەدەخشان ئارغىمىقىنى سوۋغا قىلغانىدى. ئات ياخشى كۆندۈرۈلمىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قورقماستىن ئېگەردە يېنىچە ئولتۇراتتى. يېڭى تەسىراتلارغا قىزىققانلىقىدىن بولسا كېرەك ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. بۇنداق پۈتۈن سەئىدىيە قوشۇنى قاتناشقان چوڭ شىكارغا ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قاتنىشىشى ئىدى. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ كېتىپ باراتتى. شاھزادە ئات ئۈستىدە كەينىگە قايرىلىپ تۇرۇپ ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ئېتىشقا ئۇستا ئىدى.

تاغدا ئەتىگەنلىكى شالقىن بولاتتى. ئەمما، كۈن چىققاندىن كېيىن ياز كۈنلىرىدىكىدەك ئىسسىق بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار شىكار قىلىنىدىغان مەيدانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تۈنجى قونالغۇنى چۆلدە قىلىشتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرلەر غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن خاندىن رۇخسەت ئېلىپ ئەتراپنى سەيلى قىلىپ كەلگىلى كېتىشتى.

شەل سۇلىرىنىڭ يالاپ كېتىشىدىن يەرلەر چوڭقۇر گوداڭغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ يېرىقلار خۇددى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇشقان يىرتقۇچلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەتراپتىن قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ دىماغنى يارغۇدەك ئاچچىق ھىدلىرى كېلىۋاتقانىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە شىكار باشلاندى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ پەرمانى بويىنچە پۈتۈن قوشۇننى ئۇرۇش سېپى قائىدىسىگە بىنائەن چىرىنغار، بىرىنغار، يۈرەك قىسىم ۋە ھىراۋۇل، چىنداۋۇل قوشۇن قىلىپ تىزىپ چىقىشتى. بۇ

سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ مۇنتىزىم سەپ تۈزۈلۈشىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلەتتى.

سۇلتان سەئىدخان قوشۇن تەرتىپىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولغىنىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ ئادەتتە «شىكار قىلىشنى بىلمىگەن كىشىنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارىمۇ بولمايدۇ!» دەپ ھېسابلايتتى. چۈنكى، شىكار قىلغاندا، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولمىسا بولمايتتى. ھاڭۋاقتىلىق قىلىنسا، قۇشقاچنىمۇ ئۇۋلىغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ: «دۈشمەنگە زەربە بەرگەندىمۇ خۇددى شىكاردىكىدەك چاققان، جۈرئەتلىك بولۇش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش لازىم؛ شىكار قىلغاندا ئارسلاندەك سەۋر ـ تاقەتچان بولۇش كېرەك. بۇ شىكاردىكى مۇھىم قائىدىلەرنىڭ بىرى. جەرەنلەر سەزگۈر ۋە ئېھتىياتچان بولىدۇ. ئۇلار ھەر قانداق شەپىنى سەزگەن ھامان قۇش ياكى قۇيۇندەك چاپسانلىقتا قېچىپ كېتىدۇ!...» دەيتتى.

ئوۋچىلار جاي ـ جايلىرىغا تارقىلىشىپ، سۇلتان سەئىدخاننى مەركەز قىلغان ھالدا بىر ـ بىرىدىن ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇرۇشۇپ، توغرا دائىرە ھاسىل قىلىشتى ـ دە، ئاندىن ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇزاقتىكى يانباغىرلاردا قارىيىپ تۇرۇشقان بىر توپ جەرەنلەرنى كۆرۈپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئات سېلىشىپ مېڭىشتى.

جەرەنلەر ئىنچىكە ئاياغلىرىنى تېز ئېلىشقا سېلىشىپ تاغ يوللىرىدا تاخلاپ ـ تاخلاپ قۇيۇندەك قېچىشقا باشلىدى. ئەمما، ئالدى تەرەپتە ئوۋچىلار دائىرىسىنىڭ يەنە بىر قىسمى بۇ جەرەنلەرنى توسۇپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىۋاتقان بۇ جەرەنلەرنىڭ ئالدىدىن ئات سېلىشىپ تۇيۇقسىز چىقىشقاندا، جەرەنلەر چۆل تەرەپكە بۇرۇلۇپ قېچىشتى. تۈز يەردە ئوۋچىلار دائىرىنى تېخىمۇ كىچىكلىتىشكە

باشلىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئالدى تەرەپتە جان ـ جەھلى بىلەن تاقلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان بىر جەرەننىڭ ئالدى پۇتلىرىنى مولجاللاپ، چاپسانلىق بىلەن ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوقنى ئاتتى. كىشىلەر ھەيران بولغىنىدىن ئاھ دەۋەتتى. ھېلىقى جەرەن بىر دىنلا جايىدا مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىپ يىقىلىپ چۈشتى! ئاغرىققا چىدىماستىن يەردە ھەدەپ تىپىرلاشقا باشلىدى.

شۇ ئارىدا ئوۋچىلار بىرىنچى يىقىلغان ئوۋنى تەنتەنىلىك بىلەن ئورىۋېلىشتى. قالغان جەرەنلەر چۆلدە ھېلى بۇياققا، ھېلى ئۇياققا يۈگۈرۈپ ھالىدىن كېتىشىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇلار بىر يەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. بۇ بولسا ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېخىمۇ چاپسانلاشتۇردى.

سۇلتان سەئىدخان ئۆزى ئېتىۋالغان جەرەننى خىزمەتكارلىرىغا تاشلاپ بېرىپ، باشقا ئوۋچىلارنىڭ ھېلىقى بىر توپ جەرەنلەرنى ئورىۋېلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. خاننىڭ كەسكىن بۇيرۇق ئاۋازلىرى گاھى چۆلنىڭ بۇ چېتىدىن ئاڭلانسا، گاھى چۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئاڭلىناتتى.

شۇنداق قىلىپ، چۈشكە يېقىن ھالسىزلانغان جەرەنلەرنىڭ ھەممىسى قورشاۋدىن چىقالماي قىرىپ تاشلاندى. بۈگۈنكى شىكار ئوبدان بولدى. غەنىيمەت تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئوۋچىلار ئېتىپ تاشلانغان جەرەنلەردىن بىر نەچچىسىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تۇرۇپ يېيىشتى. ئۇلار قورساقلىرىنى تويغۇزىۋېلىشقاندىن كېيىن ئەتىسى بارگاھىغا قايتىشتى...

* * *

ئۇزاق ئۆتمەي سۇلتان سەئىدخاننىڭ كونا يەل ئاغرىقى

قوزغىلىپ شىكارگاھتىلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن قەشقەر ئەمىرى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات قەشقەردىن دەرھال تويۇنباشىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، خاننىڭ ئوردا تېۋىپلىرى نۇربدىن ئابدۇۋاھىت زوھۇرى، شەمشىددىن ئەلى قازى، مەۋلانە مۇھەممەت رازى قاتارلىق ھۆكۈمالار شىپالىق دورا تەييارلاپ خانغا ئىچۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ئازراق ياخشىلانغاندى.

بىراق، سۇلتان سەئىدخان بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ كېسىلىنىڭ ساقايماسلىقىدىن راستىنلا ئەنسىرەپ قالغانىدى. شۇڭا، ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى چاقىرتقانىدى.

— بۇ قېتىمقى يەل كېسىلى مېنى ھەقىقەتەن راستىنلا ئەنسىرەتتى، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازى بىلەن ئاستا سۆزلەپ تۇرۇپ، — تېۋىپلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئاشقازاندا بولىدىغان ئاچ يەل ئىكەن. بۇ كېسەل بىلەن مەن بىر نەچچە يىل ئۇدا ئاغرىدىم. بۇ يىل ئىككى قېتىم تۇتتى. يەنە كېلىپ، ئىككىنچى قېتىمقىسى ئالدىنقى قېتىمقىسىدىن تېخىمۇ قاتتىقراق تۇتتى. ھازىر سىز جانابىي ئەمىرۇل ئۇمەرا تەخت ۋارىسى شاھزادە ئابدۇرەشىد سۇلتان بىلەن بىر ـ بىرىڭلارگە سادىق بولۇش ھەققىدە ئەھد ـ پەيمانلىشىشىڭىزلارنى بەكمۇ خالايمەن. شاھزادە بىلەن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ئەھد ـ پەيمانلىشىشى بىھاجەت. چۈنكى، بىز موغۇلىستاندا چېغىمىزدىلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئەھدى تۈزۈلۈپ بولۇنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يېقىندىلا بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇش ھەققىدە ئاقسۇدا ئەھد ـ پەيمانلىشىپتۇ. . .

كېسەل ئازابىدىن خېلىلا رەنج تارتقان سۇلتان سەئىدخان بىر پەس شۈك تۇرۇۋالدى، ئاندىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— خەلقىمىزدە: «ئەگەر سەن بىرەر كىشىنىڭ تۇزىنى يېگەن بولساڭ، شۇ ئۆيگە مەڭگۈ سادىق بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەن

سۆز بار. تۇزلۇق زېمىننىڭ ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىسى. جانابىي ئەمىر ۋەلى ئۇمەرا سەئىد مۇھەممەت مىرزا، مۇبادا مېنىڭ رىزقىم تۈگىشىپ قازايى قەدەر مۇتلەق بولۇپ قالغۇدەك بولسا، سىز خۇددى ماڭا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغاندەك، ئابدۇرەشىد سۇلتانغىمۇ ھەم شۇنداق خىزمەت قىلغايسىز! پەرزەنتىم ئابدۇرەشىد، سەنمۇ مىرزا سەئىد مۇھەممەت جانابلىرىغا خۇددى ماڭا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغايسەن!...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا سەۋدەر باشىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ بىر پەتنۇستا تۇز كۆتۈرۈپ كەلدى.

سۇلتان سەئىدخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ۋە ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتقا بىر چىمدىمدىن تۇزنى بېرىۋېتىپ:

— تۇغقانلىرىم، ياخشىلىق ھەم ھەققانىيەت نامى بىلەن تۇز تۇتۇپ قېرىنداش بولۇڭلار! — دېگىنىدە، خاننىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات تەنتەنىلىك يوسۇندا سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بېشىنى ئەگدى ــ دە ئۇنىڭغا تۇزنى بەردى ۋە:

— مەن ئۆمۈرۋايەت سىزگە خىزمەتكار بولغايمەن! — دېدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب تەرىقىسىدە مۇنۇ سۆزلەرنى تەنتەنىلىك يوسۇندا ئېيتتى:

— مانا شۇ پاك تۇز ھەققى ئۈچۈن سىز مېنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئەتكەم ــ قېرىندىشىم بولۇڭ![1]

ئۆتكەنكى بۇ ئىشلار سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خىيالىدىن خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك بىر ــ بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ ئۇستازى مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ شەيخ سەئىدىدىن

① بۇ تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى يازغان «تارىخى رەشىدى» (قوليازما) گە قارالسۇن.

نەقىل كەلتۈرۈپ: «كىمكى غەزەپ ئىلكىدە قولىنى قىلىچقا ئۇزاتسا، پۇشايمان ئىلكىدە قولىنى چىشلەيدۇ!» دېگەنلىكىنى ئەسلەپ، تۇز تۇتۇشۇپ ئەھدە-پەيمانلاشقان قېرىندىشى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى ئۆلۈمگە ئالدىراپ ھۆكۈم قىلغانلىقىنى چۈشەندى!..

* * *

ھىجرىيە 941-يىلى[1] ئەتىياز پەسلىنىڭ بىر كۈنى، كەشمىر پايتەختى سىرىناگا شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا بىر توپ ئاتلىقلار پەيدا بولدى. شەھەر ئاھالىسى بۇ ئاتلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سالاپەتلىك بىر كىشىگە ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىشتى. بۇ كىشى سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن كەشمىر ھۆكۈمرانى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىنىڭ باشلىقى، كەشمىر ھۆكۈمرانى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ قېرىندىشى مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداش دېگەن ئادەم ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ساراي ۋەزىرى ھەسەن دىۋانبېگىنى ھەمراھ قىلىپ قوشقانىدى.

سەئىدىيە مەملىكىتىدىن كەشمىرگە ئەلچى كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر شەھەرگە ناھايىتى تېز تارقالدى.

كەشمىر ھۆكۈمرانى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى يىراق ۋەتەندىن كەلگەن بۇ قېرىنداشلىرىنى راجىدان ئوردىسىدىكى ئۆزىنىڭ مەخسۇس قوبۇلخانىسىدا سەمىمىي كۈتۈۋالدى.

— ئەمىر جانابلىرى، — دېدى باش ئەلچى مەۋلانە ئەھمەت

[1] مىلادى 1534-يىلى.

خان كۆكەلداش گەپنى ئەگىتمەيلا، مەن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە كۆرە، سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كۆپرەك ئۆز خاھىشىم بىلەن كەلگەنمەن. مېنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىم سىز جانابىي ئالىيلىرى بىلەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوتتۇرىسىدىكى گىپنە-ئاداۋەتنى تۈگىتىش. بەس، ئەمدى نىزالار تۈگەپ، ئادەملەر ئەركىن نەپەس ئالسۇن. چۈنكى، قىلىچ ئۆتمەيدىغان قاتتىقلىقنى قەلەم بىلەن كېسىپ، تىل كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىرلىقنى بىر بارماق بىلەن چۆرۈپ تاشلايدىغان كۈنلەر كەلدى. مانا بۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سىزگە ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئىنايەتنامىسى!

مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداش سۆزىنى تۈگىتىپلا، سەللىسىگە قىستۇرۇقلۇق يارلىقنى ئېلىپ كەشمىر ھۆكۈمرانى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانغا تەۋازۇلۇق بىلەن سۇندى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يارلىقى مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ئىنايەتنامە ۋە ئەنبەرشەمامە تۇركىي[1] تەڭرىم دۇنيانىڭ ئەھۋالاتلىرىنى ھەمىشە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. جىمى ئىنسان ۋە جىمى جىنسلارنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرئىتىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى قەدىم ئەييام ۋە مەيمەنەت ئەنجامىدىن تارتىپ مۇلكىي قەشقەرىيە ۋە مۇلكىي كەشمىرىستان مەملىكىتىنىڭ ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان نۇرلۇق مەشئەلدۇر. شەرئىي ئىسلامنىڭ پاناھى، مەلكۇل كەشمىرىستان ھۆكۈمدارى بولمىش ئەمىر مۇھەممەت ھەيدەر كوراگان جانابىي ئالىيلىرىغا مەرھەمەتلىك ۋە سائادەتلىك سالاملىرىمىزدىن سۆڭرە مەلۇم بولغايكىم، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇل ئىسلام مەملىكىتىدە تەڭرىنىڭ پەزلۇ - ئادالىتى بىلەن پۈتۈن ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىڭىزنىڭ خاتىرجەملىكىنى، مەملىكىتىڭىزنىڭ

[1] «ئۇيغۇرچە يېزىلغان، خۇش پۇراق چاچىدىغان ئىنايەتنامە»

كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم، خەلقىمىزنىڭ ئىتتائەتمەن بولۇشىنى، مىللەتنى ھەر تۈرلۈك ئاپەت ۋە مەنئۇي بالالاردىن پاك ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن بۇ دۆلەتنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچمەس دۇئا ۋە تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىمىزدىن ۋاقىپ بولۇپ قانائەت ھاسىل قىلدۇق ۋە كۆپ خۇرسەن بولدۇق.

ئەخلاقىي ھەمىدە بار يەردە ئەلۋەتتە ئەخلاقىي زەمىمەمۇ بولىدۇ؛ پايدا بار جايدا زىيانمۇ بولىدۇ. گۈل تىكەنسىز، ھەسەل ھەرىسىز بولمايدۇ. ھەر بىر مەخلۇقاتتا ياخشى خىسلەت بولغىنىدەك، يامان ھەرىكەتمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قوشكېزەك — بىر تۇغقان بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلماسلىق ئادىتى قەدىم ئەييامدىن جارى بولۇپ كەلمەكتە. ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشى بىلەن رەھمەت يامغۇرىمۇ ئەلۋەتتە بىللە كېلىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ پانىيلىقى ھەممىگە ئاشكارىدۇر. زۇلۇم ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا تەڭرىنىڭ دائىم قاتتىق قەھر - غەزەپ قىلىدۇ. تەڭرىم بەندىلىرىنىڭ ھەر زامان، ھەر ماكاندا قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئاشكارا كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا، ھېچقانداق ئىش تەڭرىنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولغان ئەمەس.

بىز خۇداۋەندە كەرىمنىڭ تىل يەتمەس ۋە كەمچىلىكسىز كالامى مۇلكۇلئەللامىدا كۆرستىلگەن: «ھەر ئىشنى كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ ئىشلەڭلار!» دېگەن شەرتكە بويسۇنماي، خىلاپلىق قىلدۇق. نادانلىق، خۇراپاتلىق، پىسقى - فۇجۇر قۇشى قاچانكى دىلىمىزدا ئۇۋا سېلىپ، تەكەببۇرلۇق تۇخۇمىنى چىقارغاندىن تارتىپ، ئۆزۈمچىلىك، مەنمەنلىك ۋە مۇستەبىتلىك دۇتى بۇرنىمىز مورىسىدىن تۈتۈن ياندۇرۇپ، يېقىن سادىق ئەركانلىرىمىزنىڭ تولىسىنىڭ دىلىنى رەنجىتتۇق.

ئۇلۇغلار: ‹ يېنىكلىك ـ شەيتانلىق؛ ئېغىرلىق ـ راخمانلىق › دېگەن بولسىمۇ ئەمما بىز ياش هەم تەجرىبىسىز بولغانلىقىمىز ئۈچۈن تولا ئىشلاردا يېنىكلىك قىلىپ يۈنۈسخان، ئەھمەت خان ۋە سەئىدخان ئۈچ بۇزرۇك زامانلىرىدىن تارتىپ سەئىدىيە سەلتەنەتى ئۈچۈن بەجاندىل خىزمەت قىلىپ كەلگەن دىيانەتلىك، سادىق، دانا، پەزىلەتلىك ۋەزىر ئەزەم ئەمىر سەئىد مۇھەممەت مىرزا جانابلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا قارا يۈز بولدۇق! دېمەك، ‹ يېنىكلىك قىلىپ، غەزۇپ بىلەن هۆكۈم يۈرگۈزۈلسە، سەلتەنەتنى ۋەيران قىلىدۇ! › دېگەن بۇ ھەقىقەتنى ئاخىر چۈشەندۇق! ئەلھال، سىز بىلەن بىز قان بىلەن ئانت ئىچىشكەن قېرىنداشلاردىنمىز. شۇڭا، سىزنىڭ بۇ گۇناھىمىزنى كەچۈرۈۋېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

قۇداشبەگنى ئىككى يۈز سەرۋاز بىلەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە ئەۋەتتۇق. يەنە ئۈنىڭدىن زىيادە ئۆزىڭىزگە دەپ تون ـ سەرپاي، سەللە ـ كۇلا، رومال ـ ياغلىق مەرھەمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق. گەپ ۋەسسالام. تارىخىي ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز قىرىق بىرىنچى (قوي) يىلى ماھى شەئباننىڭ بەشى شەنبە.»①

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان-نىڭ ئىنايەتنامىسىنى ئوقۇپ بولغاندا، كەشمىر ھۆكۈمرانىنىڭ راجىدان ئۈردىسى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. كەشمىر ھۆكۈمرانىمۇ، سەئىدىيە ئەلچىلىرىمۇ ھېچقايسىسى بىر ئېغىز پاراڭ قىلىشماستىن جىم ئولتۇراتتى. ئاخىر بۇ سۈكۈناتنى سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ باش ئەلچىسى مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداش بۇزدى.

— مەن باشتا سىزگە ئېيتقىنىمدەك، — دەپ سۆز باشلىدى

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى يازغان «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما) گە قاراڭ.

ئۇ، — سىزنىڭ راجىدان ئوردىڭىزغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كەلگەنمەن. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۈچۈن مەملىكەتتە ئاسايىشلىق ئورنىتىشتىنمۇ باشقا مۇھىم نەرسە بولمىسا كېرەك. سۇلتان جانابىي ئالىيلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنايەتنامىسىدە بۇ نۇقتىنى ئېنىق بايان قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان.

— مۆھتەرەم مەۋلانەم سىز ياخشى ۋە دانا ئادەمسىز، — دېدى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى، — مەن سىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئىستەكلىرىڭىزنى چۈشىنىمەن. بىراق، پۇشايمانلىق ئىش يۈز بەرسە، ۋەقە ئۆتكەندىن كېيىن چەككەن نادامەت ھېچ مەنپەئەت بەرمەس. ھاكىمىيەت ئىشىدا ئاچچىق ۋە غەزەپ ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، ئىختىيارلىق تىزگىنىنى خاھىشىنىڭ قولىغا بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى، يېنىكلىك — ئوق مەسەللىكتۇر. ئوق ساداقتىن ئېتىلدىمۇ، ياندۇرماق بەسىي مۇشكۇلدۇر؛ ئېغىرلىق — قىلىچ مەسەللىكتۇر. ئۇنى خالىغان چاغدا قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئىشلەتكىلى، خالىمىغاندا يەنە قىنىغا قايتۇرۇپ سېلىپ قويغىلى بولۇۋېرىدۇ.

— بۇ دېگەنلىرىڭىز تامامەن توغرا. بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىلا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئەيىبلىك دېگىلى بولماس.

— مەۋلانەم، سىز ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغانلار ئەيىپلىك دېمەكچىسىزمۇ؟

— دۇنيادا ئەڭ دەھشەتلىك نەرسە قېرىنداشلار نىزالىرىدۇر. شۇڭا، بۇ قايىنامدىن قانداق قىلىپ چىقىش ھەققىدە كۆپرەك ئويلىماق لازىمدۇر! دەرۋەقە، سۇلتان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ شەيتان لەئىن سۈپەتلىك ئادەملەرنىڭ يامان تەسىرىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى مەن سىزدىن يوشۇرالمايمەن. شۇڭا، ئۇ ئەينى چاغدا ھەتتا ئۇستاز مۇھەممەت شېرىپ

بۇزرۇكۋارىمىنىڭ سۆزىنىمۇ ئىلىك ئالماي قويغانغۇ؟ بىراق، ئۇ ئەگەر سىزنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا ئىتائەت قىلغىنىڭىزنى ۋە ساداقەتلىكىڭىزنى كۆرسە، ھېچقاچان سىزنىڭ بۇ سەمىمىيىتىڭىزنى ئاياغ - ئاستى قىلماس!

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى مەۋلانە ئەھمەت خاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ھۆرمەت ۋە چوڭقۇر ئېتىبار بىلەن ئاڭلىدى ئەمما جاۋاپ قايتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمىدى.

ئۇ مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداشنىڭ سۆزى تۈگىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن كۆتۈرۈلدى ۋە:

— مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئىستەيمەن!. . . — دېدى.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سەمىمىيىتىنى ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، — دېدى مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداش كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ مېنىڭ سىز بىلەن ئۆتكۈزىۋاتقان بۇ سۆھبىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن قۇداشبەگنى ئىككى يۈز سىپاھ بىلەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە قالدۇرغاندىن كېيىن دەرھال دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە قايتىمەن. بولمىسا، ئۆزگە تاشلىنىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغان قۇرغۇيدەك قارا نىيەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرلىرىنى يەنە ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئېنىق!

— سىز ماڭا يىراق ۋەتىنىمنىڭ شىرىن ھىدىنى ئېلىپ كەلدىڭىز، — دېدى كەشمىر ھۆكۈمرانى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى ئۇلۇغ - كىچىك تىنغاندىن كېيىن، — بىراق پەلەكنىڭ گەردىشى نېمىنى تەقەززا قىلسا، ئادەم بالىسى ئۇنىڭغا زادى ئىلاج تاپالمايدىكەن. ئەلھال، ۋەتىنىم بار تۇرۇقلۇق، كەشمىردەك يات بىر ئەلدە يىلتىز تارتىشقا مەجبۇر بولۇپ تۇرۇپتىمەن. دەر ھەقىقەت، پەلەك كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىكەن. ئايىغىڭىز ئاستىدىكى تاغ تۆۋەنگە قاراپ كۆچسە، سىز ئېگىزگە ھەر قانچە ئىنتىلسىڭىزمۇ بىكار ئىكەن،

تاغ كۆچكۈنى بىلەن بىللە تۆۋەنگە قاراپ غۇلاپ چۈشمەكتىن باشقا ئىرادەت يوق ئىكەن. ئەمدى ئويلاپ كۆرسەم، مۈلكىتى قەشقەرىيەدىكى كۆچكۈنلەر مېنى خۇددى شۇ كويغا سالغانىكەن. مۇساپىرلىق تىكەنلىرى يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلغان بولسىمۇ ئەمما مەن بۇ يەردە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. سۇلتان سەئىدخان بىزدەك بىر كۆچمەنچى موغۇل ئۇلۇسىنى تارىختا مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىققان قەدىمكى مەملىكەت قەشقەرىيىگە باشلاپ كىرىپ، تەرەققىياتىمىزنى نەچچە ئەسىر ئىلگىرى سۈرۈۋەتكەنىدى. بىراق، جاھالەت ئۇستازلىرى ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ نەمەنگانلىق تەرىقەتچىلەر ئارىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىغانلىقتىن، بۇ مەملىكەتتە بالا ئاتىغا قوۋۇشمايدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىنىڭ بەختىگە قارا سانايدىغان، باشقىلارنىڭ بەخت - سائادىتىنى پايمال قىلىشنى خۇشاللىق بىلىدىغان كۆڭلى قارىلار ئۇستۇن مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتى... جاھالەت ئۇستازلىرى نادانلىق ۋە ئەقىدىچىلىكنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇردى. مەرىپەتنىڭ رىشتە - يىپلىرىنى جاھالەت چاقىدا ئېگىرىپ بارغانسېرى چىگىشلەشتۈرۈۋەتتى... نىھايەت، پىقىرمەن مۈلكىي قەشقەرىيىدە تاپالماي يۈرگەن بۇ چىگىش يىپنىڭ ئۇچىنى مۇشۇ كەشمىردە تاپقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

— ھەزرىتىم، مۇبادا ئەدەپسىزلىك سانالمىسا، سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولۇرمۇ؟

— مەرھەمەت، مەۋلانەم.

— قەشقەردە ئۆزىڭىز يازغان سەپەر خاتىرىسىدىن پارچە ئوقۇپ بەرگەنىدىڭىز. ئۇ خاتىرە شۇ قەدەر پاساھەتلىك يېزىلغانلىقى ئۈچۈن مېنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. ئەگەر شۇ ئەسىرىڭىزنى يېزىپ پۈتتۈرگەن بولسىڭىز مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمغا رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟

چۈنكى، سىز ئۆزىڭىز بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن ۋە ئۆزىڭىز تەھقىقلىگەن ئۇل تارىخىي ۋەقەلەرنى سىزدىن باشقا ھېچكىممۇ ئۇنداق پاساھەتلىك، ھەققانىي راستچىللىق بىلەن يازالىغان ئەمەس!

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى راجىدان ئۇردىسىنىڭ قوبۇلخانىسىنىڭ دېرىزىلىرىدىن كىرىۋاتقان سارغۇچ قۇياش نۇرىغا تىكىلگەن ھالدا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ كەشمىرگە ھۆكۈمران بولغاندىن بېرى «تارىخىي مۇختەسەر» دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ خاتىرىنى باشتىن ئاياق قايتىدىن تەھرىرلەپ، خەتتى سۇلۇق نۇسخىسىدا كۆچۈرگۈزۈپ ئالاھىدە بىر سالنامە ھالىتىگە كەلتۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ھازىر بۇ خاتىرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى بابلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتقانىدى.

— ئۇ مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداشقا قاراپ كۈلدى ۋە:

— بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى مۇشۇ سىرىناگا شەھىرىدە دەھشەتلىك جەڭلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھازىر تەسەۋۋۇر قىلىش بەسى مۈشكۈل! — دېدى. ئۇ ئاشۇ قانلىق ئۇرۇشنىڭ قورقۇنچلۇق مەنزىرىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ـ دە:

— مۇشۇ سىرىناگا شەھىرىنى ۋە راجىدان ئوردىسىنى ئىشغال قىلىش جېڭىنى موغۇلىستان ۋە مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى باشقا جەڭلەرگە سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! — دېدى، — شۇڭا مەن سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە قاتناشقان بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئاشۇ جەڭلەردىكى غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇپەسسەل خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭغانىدىم. ھازىرچە بۇ خاتىرىنى

«تارىخىي مۇختەسەر» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ تۇردۇم.[1] مەن خەتتاتقا «تارىخىي مۇختەسەر» دىن بىر نۇسخا كۆچۈرگۈزۈپ تەييار قىلاي، سىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئالغاچ كېتىڭ، ئوقۇپ پىكرىنى بىرەر!

مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداش قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— سىز بىزگە تەگداشسىز ئىشەنچ بىلدۈردىڭىز ھەزرىتىم! ئىلتىپاتىڭىزغا تولىمۇ مىننەتدارمەن!

— مېنىڭ ئارزۇيۇم مەرىپەتپەرۋەر دۆلەتنى، خەلقپەرۋەر سەلتەنەتنى، ئادالەتپەرۋەر سۇلتاننى كۆرۈشتۇر! زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆلگىنىگە يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. ئەمدى ھېچكىممۇ ئۇنىڭدەك تەپرىقە - ئارازچىلىق قىلىپ، ئۇزلۇكسىز تۇردە مەملىكەتنى پارچىلاپ، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇپ؛ جاھالەتنى دۆلەت سىياسىتى قىلىشنى ۋە خەلقنى داۋاملىق نامراتلىقتا مەھرەم قىلىشنى خالىمايدۇ! مېنىڭ بۇ «تارىخىي مۇختەسەر» نى يېزىپ، بۇرۇنقى خان - سۇلتان، شاھۇ - پادىشاھلارنىڭ ياخشى خىسلەت، يامان سۈپەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىشىمدىكى سەۋەبمۇ باشقا ئەمەس. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇ كىتابنى كۆرۈپ، «پادىشاھلار ۋە ھاكىم - ئەمەلدارلاردىن ياخشى ئىش قىلغانلىرىنىڭ دۆلىتى زىيادە، پەرزەنت - نەۋرىلىرىگىچە سەلتەنىتى قولىدىن كەتمەي، ئەل ئارىسىدا نامى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ساقلىنىپ قالىدىكەن ۋە خالايىق ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ روھ - ئەرۋاھلىرىغا دۇئا قىلىپ يادلايدىكەن؛ مۇبادا يامان ئىشلارنى قىلىپ، كىشىلەرگە زۇلۇم - ئازاب قىلسا، ئۆمرى قىسقا، دۆلەتلىرى كۇتاھ بولۇپ، ئەبەدىلئەبەد يەر يۈزىدە، خەلق

---

① «تارىخىي مۇختەسەر» - قىسقا تارىخ دېگەن مەنىدە. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كورگانى بۇ «تارىخىي مۇختەسەر» دەپ ئاتىغان خاتىرىسىنى مىلادى 1542 - يىلى «تارىخىي رەشىدى» دېگەن نام بىلەن كەشمىردە رەسمىي ئېلان قىلدى. ھالبۇكى، مۇئەللىپ بۇ يەردە تىلغا ئالغان «تارىخىي مۇختەسەر» ئۇنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كاتتا ئەسىرىنىڭ 2 - جىلدىدۇر.

ئارىسىدا يامان سۇپەت بىلەن مەشھۇر بولىدىكەن. بۇنداق پادىشاھ ـ سۇلتانلارغا خەلقىئالەم ئەبەدىلئەبەد لەنەت، قارغىش ئوقۇيدىكەن» دەپ بىلىپ، ئۆزىنى ياخشىلىق يولىغا مايىل قىلىپ ياخشىلار قاتارىغا قوشۇلسا ئەجەب ئەمەس.

— چۈشەندىم، ھەزرىتىم، — دېدى مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداش ئورنىدىن تۇرۇپ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانىغا بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلدى، — سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز ھەم بىزنىڭمۇ كۈتكەم مەقسىتىمىزدۇر!

شۇ چاغدا قوبۇلخانا سىرتىدىن بىرىنىڭ ئىتتىك يۈرگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. قوبۇلخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئورساق ئەمىرىنىڭ چاپارمىنى قوبۇلخانا ئىچىگە كىرىپ كەلدى ۋە بىر پارچە مەكتۇپنى كەشمىر ھۆكۈمرانىغا تاپشۇردى.

— ئورساقتا بۇتپەرەسلەر ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ، — دېدى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى مەكتۇپنى كۆرۈپ بولۇپ، — مەن ئورساققا بارمىسام بولمايدىغاندەك قىلىدۇ...

ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەۋلانەم، مەن ئەگەر ئورساققا كەتسەم، «تارىخىي مۇختەسەر»نى سىزگە ئاخشاملىققا ئەكىلىپ بېرىشىدۇ!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، قوبۇل ۋاقتىنىڭ تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. مەۋلانە ئەھمەت خان كۆكەلداش ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى...

نەزمە

نە پايدا گۈلدىن ئالساڭ بىر تاۋاق!
«گۈلىستانىم»دىن ساقلا بىر ۋاراق.
گۈلنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ،
بۇ «گۈلىستان» مەڭگۈ سولمايدۇ!

— شەيخ سەئدى

# يەتتىنچى باب

## مىراسخور گېزەندىلەر

«ئومۇمىيلىقنى چۈشىنىش — تارىخقا موھتاج؛ تەپسىلاتنى چۈشىنىش — ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرگە موھتاج.»

— ۋېكتور. گيۇگو

**مىلادى** 1541 - يىلى (كالا يىلى) ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئىككىلى مۇرىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەھبىدتىن ئايرىلىپ، نەمەنگان تەرەپكە قاراپ ئاتلىق كېتىپ باراتتى. دەھبىد چۆلىنىڭ تىكىنەك باسقان قۇملىرى ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا سۇدەك ئاقاتتى. ئۇلار كۆزلىرىگە قۇم كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يۈز - كۆزلىرىنى ياغلىق بىلەن ئورىۋېلىشقانىدى. يىراقتا قاغجىرىغان قۇم دۆڭلۈكلىرىنىڭ يانباغىرلىرىدا يۇمشاق يۇڭلۇق قوي پادىلىرى ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. بۇخارا تەرەپتە پايانسىز قاراقۇم چۆللۈكى سوزۇلۇپ ياتقانىدى. بۇ ھەقىقەتەن قاقاس ھەم سوغۇق دالا ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قاقاسلىقنىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. شىمال تەرەپتىن سۇس سوقۇۋاتقان ئەتىيازلىق سوغۇق

چۆل شاملى بۇ چەكسىز دالاغا كۆڭۈلسىز مەنزىرە بېغىشلىغانىدى. چۆلنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىدە ئۆسۈشكەن سۆكسۆك، يۇلغۇن ۋە چاكاندا قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ شاخلىرى شامالدا قانداقتۇر بىرى غەزەپ بىلەن قوغلاۋاتقاندەك توختىماي ئىرغاڭلاپ تۇراتتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغان مەھەلدە، بىردىنلا ئالدى تەرەپتىكى قاراقۇم چۆللۈكىدىن كۆكۈچ - قارامتۇل بۇلۇت كۆتۈرۈلدى. قۇم ئارىلاش چىقىۋاتقان بوران گويا يەر - زېمىننى زۇلمەت ئىلكىگە ئالماقچى بولغاندەك، ئىراقتىن قارا بۇلۇتلارنى شىددەت بىلەن سۈرۈپ كېلىپ، بىر پەستىلا ئاسماننىڭ يېرىمىنى قاپلاپ كەتتى. يولۇچىلار دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، باش - كۆزلىرىنى ياغلىق ۋە چاپانلىرى بىلەن مەھكەم ئوراپ ئولتۇرۇۋېلىشتى. بىر ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بوران سەل پەسىيىپ، ئاسماننى قاپلىغان قارا بۇلۇتنى بىر ياققا سۈرۈپ تاشلىدى. ئاسماننىڭ بىر چېتىدە قۇياش چاقناپ بايامقى سوغۇق چۆللۈكنى يورۇتۇپ خېلىلا ئىللىتتى. بوران توختىغاندىن كېيىن، خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانلار يولنى يەنە داۋاملاشتۇردى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان پاراڭمۇ قىلماستىن جىم كېتىپ باراتتى. يوللار ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم بىلەن بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى مۇلكىي قەشقەرىيەگە قاراپ ماڭغان چاغدىكىدىن خېلىلا تىنچ - ئاسايىشلىق ۋە توق - مەمۇرچىلىق ئىدى. بىراق، ئۇ ئاتىسى بىلەن بىللە مۇلكىي قەشقەرىيىگە قاراپ كېتىۋاتقان چاغدىكىدەك شوخ، جانلىق ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇ ھازىر ئەقىل - ئىدراكتا يېتۈك، تەپەككۇرى روشەن، ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتى كۈچلۈك، ھېسابسىز مەسنەۋى شېئىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان، ھەتتا ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم ئۇنى ئۆزىگە ۋارىس ئىشان قىلىپ تاللاشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ ئەمما نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ كۆڭلى خاپا ھەم پاراكەندە ئىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم كەنجى ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنى ئۆزىدىن چارە ئەتتۋارلايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مەخدۇم ئەزەم پەرغانىدە سۇلۇك تەۋرىتىپ، تەرىقەت تارقىتىپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بىبى سارە ئىسىملىك قەشقەرلىك بىر قىزنى ئۇنىڭغا دۇئا قىلدۇرغانىدى. بەزىلەر بۇ خوتۇننىڭ نەسەبلىرى ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان غازىنىڭ نەسەبلىرىگە ئۇلىنىدۇ، دېيىشەتتى. كېيىن مەخدۇم ئەزەم ئۆزىنىڭ بۇ خوتۇنىنى دەھبىدىتكە قايتۇرۇپ كەلگەنىدى. خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ئۇنىڭ ئاشۇ بىبى سارە دېگەن قەشقەرلىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بالا ئىدى. قېرىغاندا ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن مەخدۇم ئەزەم بۇ ئوغلىنى باشقا پەرزەنتلىرىدىن چارە ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى باشقىلار: «خوجا مۇھەممەت ئىسھاق كېلىۋېتىپتۇ» دەپ خەۋەر قىلىۋېدى، مەخدۇم ئەزەم دەرھال ئېگىن ۋە داستارلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ ئولتۇردى. مۇرىتلىرى ھەيران بولۇپ:

— نارەسىدە بالىغا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكلىرى نېمىدىندۇر؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ:

— ئى يارەنلەر، سىزلەر بىلمەيسىزلەر، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، — ھەر قانداق چاغدا ھەر بارە ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ كۆزۈمگە خۇددى خوجا ئىسھاقنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنەدۇر. ئۇ پەرزەنتلىرىمنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، كۈنمۇ تۆتىنچى ئاسماندادۇر. بۇ پەرزەنتىم ماڭا گويا ئاپتاپ، يۇلتۇز مەسەللىك كۆرۈنەدۇر. بۇ پەرزەنت باشقا ئاكىلىرىدىن كىچىك بولسىمۇ ئەمما تەرىقەت يولىدا بالدۇر كامالەتكە يېتۇر. مەن بۇ پەرزەنتىمنىڭ جامالىغا باقسام، دىلىم ئۇنىڭ چېھرىنىڭ نۇرىدا يورۇۋپ كېتۇر. شۇڭا، مەن بۇ پەرزەنتكە ھەزرىتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھۆرمەت قىلغاندەك ھۆرمەت

قىلۇرمەن. بۇ پەرزەنتىنىڭ نەسلىدىن نەچچىلىگەن ساھىب ۋىلايەت بارلىققا كېلۇر. ئىنشائاللا، ئۇنىڭ ۋىلايەتلەرنى يورۇق قىلغان نۇرى ئالەمنىمۇ مۇنەۋۋەر قىلسا ئەجەب ئەمەس! . . .①

مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەشقەرلىك خوتۇنى بىبى سارە ئۆزى چىرايلىق بولغىنى بىلەن قىلىقى سەت، ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان، قارا نىيەت، ھەسەتخور بىر مەزلۇم ئىدى. ئۇ توقاللىق مەرتىۋىسى بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەممە نازۇ - كەرەشمە ۋە ھىيلە - مىكرىنى ئىشقا سېلىپ مەخدۇم ئەزەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنى تۇغقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممە ئوي-خىيالى ئوغلىغا ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ خوجا مەسئۇللىق ئورنىنى ئېلىپ بېرىشتە قالغانىدى. شۇڭا ئۇ چوڭ ئوغۇل خوجا مۇھەممەتئىمىننى پاتۇرماي، بىر چارە - ئاماللار بىلەن ئۇنى بالدۇرراق كۆزدىن يىتتۇرۇش كويىغا چۈشكەنىدى. بۇ ئوي ئۇنىڭلا قەلبىدە ئوت بولۇپ ياناماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنىمۇ كۆچكەن ۋە ئۆسمۇر خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنىڭمۇ نارەسىدە قەلبىدە ئوت بولۇپ يېنىپ، باغرىنى كاۋاپ، ھالىنى خاراب، ئىچىنى خۇددى چايان چاققاندەك چىقىپ، زادىلا ئارام بەرمەيۋاتقانىدى.

بىر كۈنى مۇرىتلاردىن بىرى بىر ئاتنى ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمگە دۇئا قىلدۇرغىلى يېتىلەپ كېلىۋىدى، خوجا مۇھەممەت ئىسھاق بىرىپلا ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدى. ئىنىسىنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى كۆرگەن خوجا مۇھەممەتئىمىن خاپا بولۇپ:

— ئى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق! — دەپ ئاچچىق قىلدى ئۇنىڭغا، — بىلەمسىز، نېسىۋە ھەممىگە باراۋەر بېرىلىدۇ.

① مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى، 35 - بەت.

ئەمما، ھەر كىم قۇربى يەتكۇچە ئالىدۇ! سىزنىڭ بۇ ئاتنى ئېلىۋېلىشىڭىز قۇربىڭىزغا مۇخالىپ ئىش ئەمەسمۇ؟

ئەسلىدە مەخدۇم ئەزەمنىڭ بۇ ئاتنى كىچىك ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئىسھاققا بەرگۇسى بولسىمۇ ئەمما چوڭ ئوغۇلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دەرھال بۇ نىيىتىدىن ياندى ـ دە، ئاتنى چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەتئىمىنگە بەردى. ئاندىن خوجا مۇھەممەت ئىسھاققا قاراپ:

— ئاتنى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئالسا ئالىۋەرسۇن، مەن سىزنى ۋەلى بەرھەق[1] قىلۇرمەن! — دېدى.

ئوردا ـ سارايلارنىڭ ھەتتاكى ئەڭ كىچىك ئوردا ـ ساراي ھېسابلىنىدىغان ئوردا ـ سارايىنىڭمۇ ئىچكى قىسمىدا پىتنە ـ ئىغۋا ۋە چېقىمچىلىق ئەۋج ئالغان بولىدۇ. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ھەرىمىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتى ھەم خوجا مەسئۇلى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ ھەم چوڭ ئوغلى، ھەم كەلگۈسىدىكى ئىشان كالانمۇ ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەر كۈنى ئەھلى مۇرىتلار قاتارىدا تۇزۇمى تەرىقەتنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپلا قالماستىن بەلكى يەنە «غىڭ» قىلماستىن زەھەر ـ زۇقۇم تۇرماق، باشقا ھەر قانداق بالايىبەتتەرلەرنىمۇ يۇتۇشقا تەييار تۇرغان خوجا مۇھەممەت ئىسھاقتەك تەرىقەت ئوغرىلىرىنىڭ ئۇنىڭ قۇتبىل ئەقتابلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشىمۇ ھېچگەپ ئەمەس ئىدى.

لېكىن، قۇتبىل ئەقتابلىق باشقا، سالاھىيەت باشقا، چۈنكى ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتلىرى ئىچىدە ئۇنى ئوبدان بىلىدىغان، ئۇنى كۆرەلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار خوجا مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىقتىدارىدىن شۇبھىلىنەتتى. گەرچە، ئۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى ۋە

---

[1] ۋەلى بەرھەق — ھەقىقىي ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە.

ۋارىس ئىشان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قولىدا ئاتىسى بىرىشكە ۋەدە قىلغان ئەمما تېخى بەرمىگەن يازما شاھادەتنامە — ئىجازەتنامە يوقلۇقىنى پەش قىلىشىپ، ئۇنىڭ قۇتبىل ئەقتابلىق — ۋارىس ئىشانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايتتى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ دەھبىدتىكى خوجا مەسئۇللىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ جىيەنى مەۋلانە لۇتفۇللا ئىشان بىلەن موللا مۇھەممەت قاسىم خوجىلار بۇنداقلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرى ئىدى.

«سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى بۆلەك» دېگەن گەپ بار. لېكىن، دەھبىدتە تەرىقەت يولىدا ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ كەينىدىن يۈرۈشكەن مۇرىتلار ئارىسىدا تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان ئادەملەر قەدەمدە دېگۈدەك ئۇچرايتتى. ئۇلار ئاشۇ «بۆلەك رىزق»نىمۇ بىر — بىرىدىن قىزغىنىشاتتى. مۇبادا، خوجا مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىمىغان بولسا زاھىدلىق يولىغا كىرىپ كەتكەن بولاتتى. دۇرۇست، ئۇنىڭ بۇ قورساق سوقۇشلىرىدىن ئىچى سىقىلىپ، دەھبىدنى تەرك ئېتىپ، باشقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كەتمەكنى ئىرادەت قىلغان چاغلىرىمۇ بولغان. بىراق، باشقا يۇرتتا باشقا بىر ھۆكۈمدارنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئىشلەش، ئۇنىڭغا قارام بولۇپ ياشاشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم بىلەن قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ كۆرسەتمىسىنى كۈتۈپ مەشھەتتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىدا قىرىق كۈن ئېھتىكاپتا ئولتۇرغاندىلا تۇنجى قېتىم ھېس قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ ياشلىقىغا قارىماي، كاتتا ۋەزخان سانىلاتتى. ئۇ مەشھەتتىكى چېغىدىلا قۇرئاننى، ھەدىس شېرىفنى ۋە مەسنەۋى شېرىفلارنى يادلىۋالغان. بۇ كىتابلاردا يېزىلغان باب — باب

تەلقىنلەرنى ۋە تەھلىللەرنى ئوقۇپ بىلىۋالغان، تۇران[1]، ئەجەم[2] ۋە ئەرەب[3] پادىشاھلىرىنىڭ تارىخىنى، تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئۇلۇغ پېشىۋالىرى تەۋرەنمەس بايەزىد بەستامى[4]، دانىشمەن جۇنەيد باغدادى[5]، زېرەك ئەلى ھەللاجى[6] تەرىقەتلىرىنى ياخشى بىلىۋالغان، سوپى شائىرلار ۋە ئەللامەلەر ياقلىغان سىمۋوللۇق بېشارەتلەردىن ئوبدان خەۋەردار ئىدى. ئاتىسى مەخدۇم ئەزەممۇ ئۇنى پەتىۋا تۇزۇش، ۋەز ئېيتىش سەنئىتىنىڭ پۈتۈن سىر - ئەسرارلىرىدىن تولۇق خەۋەردار قىلغانىدى. ئۇ يىگىرمە تۆت ييشىدىلا ۋەز ئېيتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسىگە — ئىلمىي مەلۇمات، ئىلمىي مەنتىقە، كۆچلۈك ھاپىزلىق ماھارىتى، خىيالىي تەسەۋۋۇر ۋە ناتىقلىق ماھارەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تولۇق ئىگىلىگەنىدى.

بىراق، ھالا بۇگۈن ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم ئەتىۋار كىچىك ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلتىپات ئىشىكلىرىنى تاقىۋەتتى. ئۇ ھەر قانچە ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ قىلچە كارى بولمىدى. ئاخىر ئۇ دەھبىدتىن نەمەنگان تەرەپتىكى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشاننىڭ قېشىغا باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى...

---

① تۇران — قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئېتنىك ئومۇمىي نامى.

② ئەجەم — ئەسلىدە ئاسىيادا ياشايدىغا غەيرىي ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي ئېتنىك نامى. كېيىنچە بۇ نام ئىرانلىقلارنىڭ ئېتنىك نامى بولۇپ قالدى.

③ ئەرەب — ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى، سۈرىيە، ئىراق، مىسىر ۋە ئافرىقىدىكى «ئەرەب مەغرۇبى» قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئېتنىك نامى.

④ بايەزىد بەستامى (874 - ؟) — ئىرانلىق مەشھۇر تەرىقەت پېشىۋاسى، ئىسلام تەپسىرچىسى.

⑤ جۇنەيد باغدادى (820 - 911) — باغدادلىق مەشھۇر تەرىقەت پېشىۋاسى.

⑥ ئەلى ھەللاجى (1211 - 1289) — ئىرانلىق مەشھۇر تەرىقەتچى شائىر. ئۇنىڭ «دىۋان ھەللاجى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

* * *

چوڭقۇر ئەلەملىك ئوي - خىياللار ئىلكىدە كېتىۋاتقان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ناماز ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. كەچكە يېقىن تۇتاش تۆپىلىكلەر باغرىغا جايلاشقان يېزا يىراقتىن كۆرۈندى. يانباغىرلارنى بويلاپ سېلىنغان ئۆيلەر خۇددى تۆۋەنگە قاراپ يۇگۇرۇپ چۇشۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىزغۇچ لاي كومىلاچلىرى بىلەن ئون ئالتە قۇر قىلىنىپ قوپۇرۇلغان قورغان تېمىنىڭ سول تەرىپىدە يىكەنلىك كۆل كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى كۆل ياقىسىدىكى مازار يېنىدا توختىتىنشتى ۋە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، يېڭى پىشۇرۇلغان مەززىلىك ناننىڭ پۇرىقى بىلەن تېزەك ۋە نەم تارتىپ كەتكەن قىغ چىلىلىسىنىڭ پۇرىقى قاپلىغان، ئۇ يەر، بۇ يەردە ئىتلار قاۋاۋاتقان يېزا يولىدىن ئۆتۈپ، نەقشبەندىيىچىلەر خانىقاسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، تۆپىلىكلەرنىڭ ئۇستىدە يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

بۇ خانىقا خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانغا ياخشى تونۇش ئىدى. ئۇ خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان بىلەن مۇشۇ خانىقادا تونۇشۇپ قالغانىدى. . .

تەقدىر ئۇنىڭغا خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان بىلەن تونۇشۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولغان بىر ئۇچرىشىشنى نېسىپ قىلغانىدى.

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئۇنىڭغا مۇشۇ خانىقادا بىر قېتىملىق قۇربان ھېيت نامىزىغا ئىماملىق قىلىشقا توغرا كەلگەنىدى.

— ئى مۆمىنلەر، ھەدىس شېرىفتە ئېيتىلىپتۇكى، — دېدى ئۇ ۋەز ئېيتىۋېتىپ، — «ئەنبىيالار پېقىرلەرنىڭ ھالىنى تەكشۇرۇپ كۆزدىن كەچۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر». بىز پەيغەمبەر

ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ خاس ۋارىسلىرىدىندۇرمىز. شۇڭا، قۇرئانى مەجىتتە: «قۇرئانخانلار مېنىڭ خاس مولللىرىمدىن-دۇر!» دېگەن ئايەت نازىل بولغان. ئى مۆمىنلەر، بىلەمسىزلەر، مەن قۇرئاننى يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇيمەن!

بۇ چاغدا خانىقا ئىچىدە ئۇنىڭ ۋەزىنى تىڭشاپ ئولتۇرغانلاردىن بىرى لوقما تاشلىدى:

— ئى قۇرئانخان، ئۇ يەتتە قىرائەت قايسىدۇر؟

— بىرىنچى قىرائەت ئىبنى ئامىر[1]، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان قىلچە تەمتىرىمەستىن، — ئىككىنچى قىرائەت ئىمام ئىبنى كەسىر[2]، ئۈچىنچى قىرائەت ئىمام ئاسىم[3]، تۆتىنچى قىرائەت ئىمام ئابۇ ئامىر[4]، بەشىنچى قىرائەت ئىمام ھەمزە،[5] ئالتىنچى قىرائەت ئىمام نافى،[6] يەتتىنچى قىرائەت ئىمام ئەل قىسايىدۇر[7]...

جامائەت نامازدىن تارقاپ، خانىقا خالى قالدى. بۇ چاغدا، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىشانكالان، — دەپ سالام قىلدى، — ئەي نەقشىبەندى يولىدىكى شەرەپلىك ئادەم، ساھىبكالانلىق كۇلاھىنى كىيگەنلىرىگە، مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ۋەسەللەمنىڭ يولىنى تازىلىغانلىرىغا مۇبارەك بولسۇن!

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن.

— مەن خوجا مۇھەممەت زۇفەر بولىمەن.

---

[1] ئىمام ئىبنى ئامىر (630 ـ 736) — باغداتنىڭ باش قازىسى.
[2] ئىمام ئىبنى كەسىر (635 ـ 738) — ساھابىلەردىن. ناتىق.
[3] ئىمام ئاسىم (745 ـ ؟) — ساھابىلەردىن ناتىق.
[4] ئىمام ئابۇ ئامىر (690 ـ 771) — مەككە مۇكەررەمىلىك ناتىق.
[5] ئىمام ھەمزە، (773 ـ 700) — ئىراقلىق ناتىق.
[6] ئىما نافى (785 ـ ؟) — ئىسفاھانلىق ناتىق.
[7] ئىمام ئەل قىساي(805 ـ ؟) — ئىراق كۇفەلىك ناتىق.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان تۇرغان جايدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھاڭ - تاڭ بولغىنىدىن ئورنىدا تۇرۇپ قالدى! بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئۇ ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمدىن ئايرىلىپ دەھبىدتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەنھالىق ئۇنىڭ جېنىغا پاتقانىدى. ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەرىقىتى مۇلكىي قەشقەرىيىدە تۇنجى قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن قەشقەردە قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم، دەپ جاكارلانغاندا، ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم شۇ چاغدىكى قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ياردىمى بىلەن مەكىت - دولان يۇرتىغا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزى دەھبىدتكە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى. روھى جەھەتتىكى خورلۇق ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىرى قوشۇلۇپ، ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋېتەيلا دەپ قالغانىدى. كېيىن ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم مۇلكىي قەشقەرىيىدە «بىدئەت» دەپ قارىلىنىپ، رەسۋايى ئەزەم بولۇپ دەھبىدتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەھبىدتتىكى ۋەتەنداشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ۋە ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئابرۇيى بىراقلا تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى. ئادەتتە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ھالا بۇگۈن خارۇ - زار بولۇپ، مۇرىتلىرى تەرىپىدىن خۇددى پاخشە خىشتەك تاشلىنىپ قالغانىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە سوغۇق، خوجا مۇھەممەت ئىسھاققا بولغان قىزغىن مۇئامىلىسى ئۇنىڭ جان - جېنىغا ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشاننىڭ تەرىپ - تۆسىپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقەتتە بولۇشنى خالاپ قالدى.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم بىلەن ئۆزىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭغا مۇپەسسەل سۆزلەپ بەردى.

— ئى خوجىزادەم، بىلەمسىز، — دېدى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — ھەر بىر مەھرۇملۇقتا بىر مۇيەسسەر بولماق ۋە ياكى ھەر بىر مۇيەسسەرلىكتە بىر مەھرۇم بولماق مەۋجۇتتۇر. بۇزرۇكۋار پەدەرىڭىز گەرچە مۇلكنى قەشقەرىيەدە نەقشبەندىيە تەرىقىتىدىكى پىر ئەزەملىك ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەمما بۇنداق مەھرۇملۇق پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسىدۇر. خالاس! چۇنكى، كەلگۈسىدە سىزنىڭ ئاشۇ زېمىندا مەڭگۈ خالاس تېپىشىڭىز بىلەن نەقشبەندىيە تەرىقىتى مەڭگۈلۈك مۇيەسسەرلىككە ئېرىشسە ئەجەب ئەمەس!

— ئى سۇلتانۇل ئىشان، — دېدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كۆڭلى ئېرىپ، — مەن سىزنى پىر قىلىپ قولىڭىزنى تۇتار بولسام، سىز مېنى مۇرىتلىققا مەقبۇل كۆرەرسىزمۇ؟

— ئى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان، بىلەمسىز، مۇرىت دېگەن نېمىدۇر؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇنىڭدىن ۋە ئۆزى جاۋاب بەردى، — مۇرىت، — ئۆزىنىڭ ئىختىيارىنى پىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرغان كىشى دېمەكتۇر. مۇشۇنداق ئىكەن، ئۇ ھەممە نەرسىدە پىرغا سۆزسىز بويسۇنۇشى، مەقسەتكە مۇۋاپىقمۇ - ئەمەسمۇ، زۆرۈرمۇ - زۆرۈر ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر پەرمانىنى ئورۇندىشى لازىم. مۇرىت - خۇددى تاش ئاتىدىغان مەنچاناققا ئوخشايدۇ، تاشنى بېسىپ قويۇپ، تەپكىسىنى باسساڭلا بولدى، تاشنى قارسىلدىتىپ ئېتىۋېرىدۇ!

— ئى پىر ئەزەم! — دەپ خىتاب قىلدى خوجا مۇھەممەتئىمىن چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە، — قانداق قىلغاندا سىز دېگەن ئاشۇ دەرىجىلەرگە يەتكىلى بولۇر؟

— بۇنىڭ ئۇچۇن ئارزۇ قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى

ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا كۆڭۈلنىڭ ئىلھامىنى زىيادە قىلماق كېرەكتۇر، — دېدى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان، — ئىلھام دېمەك — جىددى جەھەت دېمەكتۇر. ئۇنىڭ مەنىسى — ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن شىددەت بىلەن تىرىشماق لازىم، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، قانائەت قىلماق قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنىڭ ئادىتىدۇر؛ بۇلۇڭدا ئولتۇرماق ئىشتىن قالغان يالقاۋلارنىڭ ئادىتىدۇر. پۇرسەت - ۋاقىت چېقىندەكلا ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. شۇڭا ئۇنى ھەر ۋاقىت غەنىيمەت بىلمەك ۋە چېقىندەك ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمۈردە چاققانلىق بىلەن ھوسۇل ئالماقنىڭ ئەندىشىنى قىلماق كېرەك. بىراق، سىز ماڭا قول بېرىپ، مۇرىت بولىمەن، دەيسىز. ئەي خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان، پاك تەڭرىتائالا ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى ياراتتى ھەمدە مېھنەت بىلەن مۇشەققەتنى ئۇنىڭغا پەرمانبەردار قىلدى. بەس، ئىززەت - ھۆرمەت قۇتبىل ئەقتاب بولمىش سەئىدلەرنىڭ نېسىۋىسىدۇر. بۇ ئىككى مۇرۇۋۋەت بىرلا ۋاقىتتا ھەرگىزمۇ بىرلا كىشىگە نېسىپ بولماس!

— مەن ئۆزۈمنىڭ نابابلىقىمنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندىم، دەپ ھېس قىلماقتىمەن، ئى كارامەتلىك پىر ئەزەم، — دېدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان تەۋازۇلۇق بىلەن سۆزلەپ تۇرۇپ، — مەن دېمەكچى... مەن، مۇنداق ئېيتقاندا، رەھىم - شەپقىتىڭىزگە ئۈمىد باغلاپ، قوپاللارچە سىزدىن شۇنى سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز، ئۇنداق بولسا مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان بېشىنى تۆۋەن سالدى:

— بۇ تولىمۇ قىيىن، تولىمۇ ئېغىر ئىش...

— ئېيتىڭ! ھۆددىسىدىن چىقىشنى ئۆز بوينۇمغا ئالىمەن. پەقەت ئىنسان قىلالايدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى قولۇمدىن كېلۇر! مۇبادا، ئىنسان كۈچىدىن تاشقىرى بولغان بولسا

ئانچىلا ھەددىدىن تاشقىرى بولمىسىلا، ئورۇنلايمەن!
خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. چۈنكى دەريادا تولا ئۈزۈپ، ئۇنىڭ بارلىق ئەگرى - توقاي، تېيىز ۋە خەتەرلىك جايلىرىنى تولۇق بىلگەن تەجرىبىلىك كېمىچىگە دەريا قانداق مەلۇم بولغىنىغا ئوخشاش، قالغان ھەممە گەپلەر ئۇنىڭغا باشتىنلا مەلۇم ئىدى. ئۇ ئىلھام كېمىسىنى ئىشەنچ بىلەن ئالغا قارىتىپ ھەيدىدى.
— ھەر قانداق ئىنسانىي خۇسۇسىيەت تىلىمىزدا ئىككى نام بىلەن يورۇتىلىدۇ! — دېدى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان.
— بۇ ئىككى خىل ئىنسانىي خۇسۇسىيەت قايسىلاردۇر؟
— زېرەكلىك ۋە جاھىللىق، مۇرۇۋۋەت ۋە ھەسەتخورلۇق، قەتئىيەت ۋە قوپاللىق، قاتتىق قوللۇق ۋە زالىملىق، يۇمشاقلىق ۋە بىتايىنلىق، ئېھتىياتكارلىق ۋە قورقۇنچاقلىق... لارنىڭ ھەممىسىدە ئېزگۈلۈكمۇ، پاسىقلىقمۇ بىللە مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق مۇرىت بۇنداق ئىككى خىل ئىنسانىي خۇسۇسىيەتتىن ئېزگۇ خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشكە تىرىششى كېرەك...

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى ئاغزىغا داغ سۇ ۋە بىر چىشلەم قۇرۇق نان، بەزىدە خام ياكى قېرىق چامغۇردىن باشقا ھېچ نەرسە سالمىدى. ئاچلىق ئازابى ئاخىر ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇ بىر كۈنى زادىلا چىدىيالماي قالدى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى مۇشەققەت ئىچىدە تۇتۇۋالدى - دە، دەرھال بازارغا يۈگۈرۈپ قاسساپلار دەستىسىدىكى زاسۇيپەزخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دۇكان ئالدىدىكى تال چىۋىقتا توقۇلغان تەۋەڭ ئۈستىدە قوينىڭ پىشۇرۇلغان كاللا - پاقالچاقلىرى، جىگەر - ئۆپكە، قېرىن - ئۈچەيلىرى تۇراتتى. ئۇنىڭ سەل نېرىسىغا قويۇقلۇق يوغان بىر يۇندا تۇڭىدا ئىتلارنى

دەپ تاشلاپ قويۇلغان قوينىڭ يىنى تۇراتتى. زاسۇپېەز خوجامۇھەممەتئىمىن ئىشاننى ھەيرانلىق ۋە ئېھتىرام تەبەسسۇمى بىلەن قارشى ئالدى. چۈنكى، تەرىقەتچى دەرۋىشلەر ئادەتتە بۇنداق يەرگە ئاياغ باسمايتتى. ئۇ دۇكان خوجايىنىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماستىن، قوينىڭ يىنى تاشلاپ قويۇلغان ھېلىقى يۇندا تۇڭىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگىگەندى! ئۇنىڭ خىيالىغا دەرھال تۆت پۇتلاپ يىن تالىشىپ خىرقىرىشىۋاتقان ئىتلارنى قوغلىۋېتىپ، يۇندا - چايقانغا مىلىنىپ، ئاشۇ ئىپلاس يىننى يالىسامىكىن، دېگەن ئوي كەلدى. بىراق، ئۇنىڭ بىردىنلا كۆڭلى ئاينىپ، ھۆ قىلغۇسى كېلىپ كەتتى - دە: «ھەي مىنىڭ مۇشۇ كۆزى كور نەپسىم! مەن ساڭا ئەنە شۇ ئىپلاس يىندىن باشقا ھېچنەرسە بېرەلمەيمەن. خالىساڭ ئەنە ئال، يە!» دەپ پىچىرلىدى.

شۇنداق قىلىپ خېلى كۈنلەردىن كېيىن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئاچلىققا خېلىلا كۆنۈپ قالدى. ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋالدى...

ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى خېلىدىن بېرى تەقىپ قىلىپ كۆزىتىپ كېلىۋاتقان خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان ئاخىر ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئاپرىن ئوقۇماقتىن باشقا چارە تاپالماي، ئۇنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولدى...

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانلار خانىقا ئالدىغا يېتىپ كېلىشكەندە، خانىقانىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر توپ كىشىلەر تۇرۇشقانىكەن. ئۇلار يولۇچىلارنىڭ قولىدىن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئېلىشتى، ئۆزلىرىنى بولسا خانىقانىڭ ئىچىگە تەكلىپ قىلىشتى.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانلار ئىككى سوپىنىڭ يول

باشلىشى بىلەن يەر تەۋرەشلەردىن قانداقتۇر يول بىلەن ساق قالغان ناھايىتى كونا بىر خانىغا كىرىپ كېلىشتى ۋە بۇ يەردە يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ، ئۈستىۋاشلىرىنى بىر-ەر قۇر تۇزەشتۇرۇپ ئېلىشقاندىن كېيىن ئالدىغا نان ۋە قېتىقتىن تەييارلانغان تائام ئەكىلىپ قويۇشتى. مېھمانلار تائاملىرىنى يەپ، ھاردۇقلىرىنى چىقىرىپ بولۇشقاندىن كېيىن ئۇلارنى شەيخ خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشاننىڭ قېشىغا تەكلىپ قىلىشتى.

ئۇلار ئېگىز ئۆسكەن چىنارلىق ھويلىنىڭ تۆرىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، خىزمەتكار سوپى ئىشىك ئالدىدا توختاپ، مېھمانلارغا يول بەردى. ئۇلار كەشلىرىنى يېشىپ، مەسلىرى بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىشتى ۋە تۆردە، يېشىل چاپان كىيىپ، تاغ ئۆچكىلىرىنىڭ تېرىسىنىڭ ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بىر مويسىپىتكە قول قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلىشتى.

تاشقىرىدا كېچە شامىلى گۇرۇلدەپ ئۇرۇپ، يوچۇقلاردىن ئۆينىڭ ئىچىگە كىرەتتى - دە، قارا چىراغنىڭ يالقۇنىنى توختىماستىن لىپىلدىتەتتى؛ چىراغنىڭ لىپىلدىشىگە ماسلىشىپ ئۆينىڭ تورۇسى ۋە تېمىدا بوۋاينىڭ قۇرغۇي بۇرۇنلۇق ئورۇق گەۋدىسىنىڭ كۆلەڭگىسى تەۋرىنىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھەقىقىي مۇرىتلار! ئەسسالامۇئەلەيكۇم خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان! — دېدى تۆردە ئولتۇرغان ھېلىقى بوۋاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ جاۋابەن سالام قىلدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانمۇ ئالدىراپ، ئۇ ھودۇقۇپ كەتكەندى، — ھەزرىتىم، بەك كېچىكىپ كەتمىگەندىمىز؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق، خوجا مۇھەممەتئىمىن، ھېچ ۋەقەسى يوق! — دەپ جاۋاب بەردى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ، — مانا بۈگۈن كېچە سۆلۈكىمىزگە

سىزنى رەسمىي مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىمىز. سىز بىزنىڭ پۈتۈن سىناقلىرىمىزدىن ئۆتتىڭىز!

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋاب بەرمەستىن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېغىر ئۇھسىنىپ قويغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر خىياللار ئەزگەن بولسا كېرەك. كۆپ ۋاقىت ئۆتۇپ كەتتى. چىراغنىڭ پىلىكى كۆيۈپ بولۇپ، چىرسىلداپ چېچەكلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قالغان يالقۇنى ئەمدى ئۆينىڭ ئىچىنى ئارانلا يورۇتۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان يەردىكى بىر خەشەكنى قولىغا ئالدى ــ دە، ئۇچى بىلەن پىلىكنى پەرلەپ قويۇۋىدى، چىراغ لاپىدە يورۇپ نۇرلىنىپ، بوۋاينىڭ يۈزىنى يوپيورۇق يورۇتۇۋەتتى. بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى:

— ئى خوجا مۇھەممەتئىمىن، سىز ئاۋۋال ماڭا بۇ جاۋابنى بەرگەيسىز، سىز ئۆز دىنىڭىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالدىڭىزمۇ؟

— ئۆز دىنىمنى؟ — دەپ ھەيران بولدى خوجا مۇھەممەتئىمىن، — مەن ئۇنى ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ بىلىمەن، مېنىڭ دىنىم ئىسلام. بۇنىڭغا شەك ـ شۈبھە كەتمەيدۇ!

— ھە توغرا، بۇ كۆللى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى، — دېدى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان، — بىراق ھەر بىر ئىنسان ئۇچۇن يەنە باشقا ئالاھىدە مەخسۇس دىن بولغان بولىدۇ. ئۇ نېمىدۇر؟ بىلەمسىز؟

— . . .

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئۆز خۇسۇسىي دىنىنى بىلمىگەنلىكىنى بويىنىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— مانا، خۇددى مەن ئويلىغاندەكلا بولدى، — دەپ خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بىلەمسىز، سىز بىلەن بىزنى ئازابلاۋاتقان سىر ـ ئەسىرالارنىڭ ھەممىسىنى

ئاچالايدىغان ئاچقۇچ باردۇر. مانا شۇ ئاچقۇچ ھەر بىر ئىنساننىڭ خۇسۇسىي دىنىدۇر. بۇ ئاچقۇچ — «ۋەھىدەتى ۋۇجۇد» تۇر. يەنى ئىنسان ئۆزى ئۇستىدىن غالىب كېلىپ، ھەقتائالا بىلەن بىرلىشىپ، ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھى ۋەسەللەم شۇنداق دەپ ئېيتقانىكى: «مېنىڭ تەڭرىتائالا بىلەن شۇنداق بىر ۋاقتىم باركى، نە مۇر - سەل نەبى، نە مۇقەررەب مەلەكلەرمۇ ئارىغا كىرەلمەيدۇ.» يەنى ئۇنىڭ مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىشىچە: «بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ جەبرائىل ۋە مىكائىل بىلەنمۇ ئىشى بولمايدىكەن. باشقا چاغلاردا بولسا ھەفسە ۋە زەينەپ[①] بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىكەن.» شۇڭا، قۇرئاندا: «ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئاللا ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئاللا ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئاللا ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر...»[②] دېگەن ئايەت نازىل بولغان.

— ۋاي دانا ھەزرىتى پىرىم، سىز قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە كۆز تاشلىدىڭىز! سىزگە يۈرىكىمدىكى بارلىق سىر - ئەسرالىرىم مەلۇمدۇر!

— شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ پىكرىنى تەستىقلىدى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان، — ئەمما بۇ بەندە ئەمەس بەلكى ئاللادۇر. ئاللا ئىنساننىڭ ھەممە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە بىللە بولغۇچىدۇر. قېنى مېنىڭ بىلەن چىنار ئاستىغا مەرھەمەت قىلغايسىز!

ئۇلار ھويلىغا چىقىشقاندا جامائەت جەم ئىدى. ئوتقاش بىلەن يورۇتۇلغان ھويلىدا مۇرىتلار چىنارنىڭ ئاستىدىكى سۇپىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ يېرىم دائىرە بولۇپ ئۇڭ تىزلىرىنى

---

① ھەفسە ۋە زەينەپ — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ نامى.
② قۇرئان كەرىم، سۇرە مۇجادەلە، 7 - ئايەت. 544 - بەت.

قوچاقلاپ ئولتۇرۇشاتتى. سۇپىنىڭ ئالدىدا بىر خوجا مەسئۇلى ۋە ئىككى جارچى سوپى قوللىرىنى مەيدىلىرىگە گىرەلەشتۇرۇپ قويغان پېتى قېتىپ تۇرۇشقانىدى. خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان خوجا مۇھەممەتئىمىننى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن سۇپا ئۇستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ چىرايىدا تەكەببۇرلۇق، جىندىيلىك ئەكس ئەتكەن ھالدا خۇددى ئاسماندىن چۈشىدىغان سىرلىق ۋەھىيگە قۇلاق سېلىپ تۇرغاندەك، بىر نەچچە دەقىقە شۇك ئولتۇردى. ئاندىن ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، مېھمانغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندەك قىلىپ قولىنى كۆتۈردى. بۇ ئۇنىڭ باشلاشلار دېگەن ئىشارىتى ئىدى.

— ئۇنداق بولسا تەرىقەت شەربىتىگە باشلايلۇق! — دەپ ئېلان قىلدى خوجا مەسئۇلى تەنتەنىلىك بىلەن، — خۇدا ئارىپ ۋە زاھىدلارنى رەھمەت قىلسۇن، كېلىپ كەتكەنلەرنى رەھمەت قىلسۇن، جۈملەمۆمىنلەرنى رەھمەت قىلسۇن!

خوجا مەسئۇلى سۆزىنى تۈگىتىپلا، سوپىلاردىن بىرى ئۆزاتقان پىيالىنى ئالدى. ئۇنىڭدا تۈز سۈيى بار ئىدى. ئۇ خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشاندىن باشلاپ ھەممىسىگە قولىدىكى پىيالىنى بىر - بىرلەپ تۇتتى. ئۇلار پىيالىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، تۈز سۈيىنى ئاز - ئازدىن ئىچىشتى. ئاخىردا خوجا مەسئۇلى پىيالىنى جارچى سوپىلارنىڭ بىرىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننى سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى.

بۇ چاغدا جارچىلار سۇپا ئالدىغا بىر جۈپ جايىنامازنى سېلىپ، ئۇنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىگە قىزىل كەمەر، يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە خەنجەر قويۇپ قويۇشتى.

خوجا مەسئۇلى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشانغا قاراپ:

— كەمىنە خوجا مۇھەممەتئىمىن ھەزرىتى پىرىمىنىڭ پۇتىغا باش قويۇشقا ئىجازەت سورايدۇ! — دېدى.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئىككى قولىنى بويىنىغا گىرەلەشتۇرۇپ تۇتۇپ شەيخكە تەزىم قىلدى:

— مېنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىم ـ سۇلۇك كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، پىرى تەرىقەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ مېڭىش، بىلىمنى مۇرىتلىق كەمىرى بىلەن باغلاشتۇر!

خوجا مۇھەممەت زۇفەر تامىقىنى قىرىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، سىز خوجىزادەم تەرىقەت يولىغا كىرمەكچىسىز ئىمىش، ئايا، قەلبىڭىز قۇلىقى روشەن، كۆزىڭىز قۇۋۋىتى كۈچلۈك، زېھنىڭىز ھۇشيار ۋە ئۆتكۈر بولغاي. سىزگە مەلۇم بولغايكى، تەرىقەت يولى ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىكتۇر. قەلبىڭىز ۋە قولىڭىزنىڭ قاتتىقلىقىغا ئىشەنمىسىڭىز بۇ يولغا كىرمىگىنىڭىز ياخشى. ئىللا، زىيادە ئەمەس، زەبۇن بولغايلەر. سۇلۇكىمىز — رىئايە، ئىمان ۋە ۋەھدەتى ۋۇجۇد يولىدۇر. ئۇل ئەقىدىلەرگە رىئايە قىلىشقا قۇربىڭىز يېتەرمىكىن؟

— يېتىدۇ! — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن.

— ھەر قانداق سىناقنى قوبۇل قىلىشقا تەيياردۇرسىزمۇ؟

— تەيياردۇرمەن!

— ئۆزىڭىز «تەيياردۇرمەن» دېدىڭىز، خۇدا ھەققى ئېيتىڭچۇ، تەرىقەتتە نەچچە يېپىق ۋە يۇمۇق باردۇر؟

— يېپىق ۋە يۇمۇق ئۈچتۇر.

— قايسىلاردۇر؟

— تىل، كەمەر، كۆز.

— كۆز نېمىشقا يۇمۇق بولۇر؟

— ناشايان ئىشلارنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يۇمۇق بولۇر.

— تەرىقەتتە نەچچە ئوچۇق بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ؟

— تۆت ئوچۇق بولۇش تەشەببۇس قىلىنۇر.

— ئۇ قايسىلار؟
— قولى ئوچۇق بولۇش، يۈزى ئوچۇق بولۇش، داستىخىنى ئوچۇق بولۇش، كۆڭۈل - قەلبى ئوچۇق بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.
— شۈكۈر - قانائەت نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟
— ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.
— ئۇلار قايسىلار؟
— كۆڭۈل شۈكرىسى، تىل شۈكرىسى، مۆچىلەر شۈكرىسى.
— چۈشەندۈرۈڭ!
— باش ئۇستىگە، — دەپ خوجا مۇھەممەتئىمىن سۆزلەشكە باشلىدى، — كۆڭۈل شۈكرىسى — نېمەت بەرگۈچىنى تونۇش، يەنى ئۆزىگە يەتكەن ھەر بىر نېمەتنى ئاللانىڭ ھېسابسىز لۇتفۇ-كەرەمى ۋە مەرھەمىتىدىن، دەپ بىلىشتۇر؛ تىل شۈكرىسى — ھەمىشە تەڭرىتائالانى «ئەلھەمدۇلىللا» (خۇداغا شۈكۈر) كەلىمىسى بىلەن ياد قىلماقتۇر؛ مۆچىلەر شۈكرىسى — ئۆزىگە يەتكەن نېمەتلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى نېمەت بەرگۈچىنىڭ تائىتىگە سەرپ قىلىشتۇر.
— مۆچىلەر شۈكرىسىنى چۈشەندۈرۈڭ!
— ھەر بىر مۆچە ئۆزىگە مۇناسىپ تائەتكە ھازىرلانغاندۇر. مەسىلەن، كۆز تائىتى — مەخلۇقاتلارغا ئىبرەت كۆزى بىلەن بېقىپ، پىرلارغا ۋە سالىھلارغا ھۆرمەت كۆزى بىلەن نەزەر سېلىش. زەئىپلەرگە شەپقەت كۆزى بىلەن قاراشتۇر؛ قۇلاق تائىتى — خۇدايىتائالانىڭ سۆزىنى، پەيغەمبەر يەتكۈزگەن ۋەھىيلەرنى، پىرئەزەم ۋە ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئىشىتمەكتۇر؛ قول تائىتى — مۇرىتلارغا، موھتاجلارغا ساخاۋەت قىلماقتۇر؛ پۇت تائىتى — مەسچىت، خانىقا سارايىلارغا قەدەم قويۇپ، ئەۋلىيالار مازارلىرىنى، دەرۋىشلەرنى ۋە خىلۋەتنى

ئىختىيار قىلغۇچىلارنى زىيارەت قىلماقتۇر.
— ئىمان قانداق نەرسىدىن مەدەت تاپىدۇ؟
— ئىككى نەرسىدىن.
— قايسى ئىككى نەرسە ئۇ؟
— ئۇنىڭ بىرى تائەت ـ ئىبادەت؛ يەنە بىرى تەۋەككۇل.
— شەرم ـ هايانىڭ مەنىسى نىمىدۇر؟
— شەرم ـ هايا — ناشايان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش دىمەكتۇر. چۇنكى، ئىنسان ئۇچۇن شەرم ـ هايا ياخشى خىسلەت ۋە مەقبۇل ئادەتتۇر. مۇهەممەت ئەلەيھىسسالام: «ئىمان ـ دەرەختۇر، هايا ـ شاختۇر» دىگەن. ئەگەر شەرم ـ هايا بولمىسا، ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن ئۇيالمىسا، خەلق ئارىسىدا ياخشى قائىدە ـ يوسۇنلار يوقىلىپ، هەممە ئىشلارغا زەرەر يىتىدۇ. ئادەملەر بىر ـ بىرى هەققىدە ئىشەنچ ۋە دىيانەت ساقلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.
— شەرم ـ هايا نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟
— شەرم ـ هايا ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرى، هايائى ئەتادۇر. يەنى گۇناهكار ئۆز گۇناهى بىلەن تۇرۇقلۇق، خۇدايىتائالانىڭ هەدىيىسىدىن بەهرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) دەرگاهىدا ئىسيان قىلغىنىدىن شەرم تۇتۇشتۇر. هەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىهىشتە بۇغداينى يەپ قويۇپ گۇناهكار بولۇپ، هەر تەرەپكە قىچىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتى. ۋەهيي كەلدىكى:
— ئەي ئادەم، مەندىن قاچامسەن؟
ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىيتتىكى:
— ئىلاها، سەندىن قىچىپ قايان باراي ئەمما سەندىن ماڭا بۇ قەدەر ئىنئام ۋە ئىهسان يەتكەن تۇرۇقلۇق، گۇناهقا پاتقىنىمدىن ئۇيىلىۋاتىمەن. ناۋادا، گۇناهىمنى ئەپۇ قىلساڭمۇ، يەنىلا خىجالەتچىلىكىم مەڭگۇ تۈگىمەيدۇ!

يەنە بىرى، هايائى كەرەمدۇر. ئۆز دەرگاھىدىن سايىلنى نا ئۈمىد قىلىپ ياندۇرۇشتىن هايا قىلىدۇ. ھەدىستە: «ھەق ۋە پاك تەڭرىتائالا هايا ۋە كەرەم سۈپىتى بىلەن مەۋسۇفتۇر»[①] دېيىلگەن.

ۋاقىتكى، بەندىلىرىدىن بىرى دەرگاھىدا هاجەت تىلەپ قول كۆتۈرسە، ئۇنىڭ قولىنى فەزلى رەھمىتى بىلەن تولدۇرىدۇكى، ئۇنى قۇرۇق قول ياندۇرماقتىن هايا قىلىدۇ. بەلكى ئارزۇ ئالىقىنىغا مۇرات سەرمايىسىنى قويىدۇ. كەرەمىنىڭ چېكى شۇكى، سايىلنى مەھرۇم ياندۇرماسلىقتۇر...

مۇرىتلار ئۇتتۇرىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— بولدى، كۇپايە! — دېدى رازىمەنلىك بىلەن خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان.

— مۇناسىپ! يارايدۇ! — دېگەن خىتابلار ھەر تەرەپتىن ئاڭلاندى.

شەيخ خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خوجا مۇھەممەتئىمىننىڭ قولىنى قىيىقچە ياغلىق بىلەن ياپتى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى قويۇپ بېرىشىپ قىيىقچە ياغلىق ئۈستىگە ئالىقانلىرىنى قويۇشتى.

— خوجىزادەم، ھۆرمەت ئەيلەكىم، — دېدى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان هاياجان ئىلكىدە سۆزلەپ، — ھۆرمەتكە نائىل بولغايسىز. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلار، دېمەكچى بولسىڭىز، سۆزىڭىزنىڭ سالماق ـ ۋەزنى بولغاي، پۇچەك سۆزنى ھەرگىز قىلمىغايسىز. بۇنىڭدىن كېيىن ھەسەتخورلۇق، هاكاۋۇرلۇق، چېقىمچىلىق، تەنبەھ ـ پىسەندە، نەپرەت ـ زەھەر سىزگە يات بولغاي. بىلىڭىزگە باغلىنىدىغان مۇرىتلىق كەمىرىنىڭ شەرىپىنى ھەر ۋاقىت ئۇلۇغ بىلگەيسىز!

---

① مەۋسۇف — داڭلىق ـ مەشھۇر، دېگەن مەنىدە.

پەيغەمبەرنىڭ شەمشىرىدەك شەمشەرگە، ئارىفلارنىڭ ئەقلىدەك ئەقىلگە ئىگە بولغايسىز. شۇلارنىڭ كامالىغا يەتكەيسىز.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئوتقاشلار يورۇتۇپ تۇرغان كېچە قاراڭغۇلۇقىدا قىزىرىپ كەتكەن يۈزى بىلەن ئۇستازى شەيخ خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشانغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدا ياش لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ تاپتا ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى يىغلىۋېتىشتىن ئارانلا تۇتۇپ تۇرغانىدى.

— مۇرىت - مۇرشىدلەر، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، خوجا مۇھەممەتئىمىن بۇ كەمەرنى بېلىگە باغلاشقا مۇناسىپمۇ؟ — دەپ سورىدى خوجا مۇھەممەت زەفەر ئىشان كۆپچىلىكتىن.

— مۇناسىپ، لايىق!

ئۇستاز كەمەرنى جايناماز ئۈستىدىن ئېلىپ، دۇئا ئوقۇپ، سۈپكۈچلەپ دەم سالدى. قىزىل كۆندىن ياسالغان بۇ كەمەر ھەم كەڭ، ھەم ئۇزۇن ئىدى. ئۇستاز بۇ كەمەر بىلەن خوجا مۇھەممەتئىمىننىڭ بېلىنى سىقىپ باغلىدى. ئاندىن جايناماز ئۈستىدىن خەنجەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ كەمىرىگە قىستۇردى.

— ھەق يولغا قەدەم قويدىڭىز. بۇرادەر خوجا مۇھەممەتئىمىن! ئىلاھە، مۇرادىڭىزغا يەتكەيسىز، تەرىقەتكە يار، مۇرىتلارغا مەدەتكار بولغايسىز! — دەپ ئىلان قىلدى خوجا مۇھەممەت زۇفەر ئىشان.

بۇ چاغدا مۇرىتلار بىردەك: «ياھۇ - يامەنھۇ، ئاللا ھۇم، يا - مەنھۇ!» دەپ جەررە سېلىشتى...

* * *

بۇ مەزگىللەردە مۇلكىي قەشقەرىيىدە سۇلتان سەئىدخان ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى سۇلتان

ئابدۇرەشىدخان سەئىدىيىلەر تەختىگە ئولتۇرۇپلا، ئاتىسىنىڭ يېقىن ئەركانلىرىنى سەلتەنەت مەركىزىدىن تازىلاپ چىقىرىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سادىق ۋەزىر ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى ناھەق قەتلى قىلغانلىقىنى ھەممە بىلەتتى. ئەمما كىشىلەر بۇ ھەقتە پەقەت ئىما ـ ئىشارەت بىلەنلا سۆزلىشەتتى. تەقىب، تەھلىكە ۋە قورقۇش سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى يەكەننى خۇددى زەھەرلىك تۇماندەك ئورىۋالغانىدى.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام ئەقىدىلىرى مۇلكىي قەشقەرىيىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىسلام دىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغانىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ سەئىدىيىلەر دەۋرىدە بولسا ئەرەب، ئەجەم ئەللىرىدە بارلىققا كەلگەن خىلمۇ خىل ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىقىنىڭ تەسىرىدە بىر خان بىر پىرنى ئۇستاز تۇتىدىغان، بىر ئۇستازنىڭ نۇقتىئىينەزەرلىرى يەنە بىر خاننىڭ ئۇستازىنىڭكىدىن پەرقلىق بولىدىغان ئەھۋال بارغانسېرى كۆچەيمەكتە ئىدى. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ھەر كىم خالىغىنىچە ئىستېلا قىلىشاتتى. نەتىجىدە بۇ دەۋردىكى ئىسلام دىنىنىڭ قىياپىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ قىياپىتى ئارىسىدا زور پەرق مەيدانغا كەلگەنىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەئىدىيىلەر سەلتەنەتىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ھوقۇق تالىشىش، سىياسىي ئۇستۇنلۇك مەقسەت قىلىنغان تۈرلۈك نىزالار، پىرقىۋازلىق ۋەسۋەسىلەر كۆچىيىشكە باشلىدى. سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىن تارتىپ سەئىدىيىلەر ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ ئىچكى نىزالىرىغا قول تىقىشقا باشلىغان نەقشبەندىيىچى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ سۇلۇك تەرىقاتچىلىقى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. كۆچمەنلىك تۇرمۇشنى

تاشلاپ، بىخەم شەھەر تۇرمۇشىغا ئادەتلىنىشكە باشلىغان موغۇل ئارىستوكراتىيىسى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جەڭگىۋارلىقىدىن ۋاز كېچىشكە باشلىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دوغلات موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ سەلتەنەتكە بولغان تەسىرىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئاق - قارىنى ئايرىماستىنلا، ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ سەلتەنەتىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان دوغلات موغۇل ئەمىرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تۇتقۇن قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ، سۈرگۈن قىلىپ يوقاتتى.

بىراق، ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇنداق ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بالايىئاپەتلەر يەنىلا ئاددىي خەلقنىڭ ئۈستىگە كېلەتتى. تاياق - توقماق كۆپىنچە ھاللاردا يەنىلا ئاۋام خەلقنىڭ بېشىغا تېگەتتى. شۇڭا ئۇلاردا ئۆزلىرىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇنداق تۈرلۈك سىياسىي توقۇنۇشلارغا ۋە بۇنداق توقۇنۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلۇملارغا، دۆلەتنىڭ ماددىي مەئىشىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك كەيپىياتلىرىغا قارشى نارازىلىق خاھىشلىرىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، بۇنداق نارازىلىق خاھىشىدىكىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتقان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ۋە چىرىكلىكنىڭ باش مەنبەسى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئىكەنلىكىنى تېخى تولۇق تونۇپ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا بۇلار نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىدە ئۆز تەشەببۇسلىرىنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق تەرغىب قىلىشنى ئۇنۇملۇك ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئەلۋەتتە، نەقشبەندىيە سۇلۇكى مۈلكىي

قەشقەرىيىدە ئەڭ دەسلەپ تارقىلىشقا باشلىغاندا، بەلگىلىك ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قاراشلارغا ئىگە بىر پىكىر ئېقىمى ياكى ئىدىيىۋى تەلىمات سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان نارازىلىقنىڭ پاسسىپ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئايرىم كىشىلەرنىڭ يەككە ھالەتتىكى دىنىي پائالىيىتى بىلەن باشلانغانىدى.

دەسلەپتە نەقشىبەندىيىچى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاددىي ـ ساددىلىق، مەئىشەتكە بېرىلمەسلىك، ئاز يېيىش، ئاز ئۇخلاش، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تائەت ـ ئىبادەتكە سەرپ قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق زاھىدلارچە تۇرمۇشىنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىلىرىنى پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەرنىڭ تۇرمۇشلىرىدىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى دەسلەپتە ئىسلام دىنىنى تارقاتقاندا، كېچىسى قاتتىق ئۇخلاپ قېلىپ، ئىبادەتنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن يۇمشاق تۆشەكلەردە ياتماستىن، بورا ئۈستىدىلا ياكى قاتتىق ئورۇنلاردا يېتىپ ئۇخلىشاتتى. ئۇلارنىڭ گەرچە باشقىلاردىن ياخشى يېيىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، بىر نەچچە خورما يەپ قويۇپلا بولدى قىلاتتى...[1]

دېمەك، ئوخشاش بولغان ئىجتىمائىي شارائىت كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولغان چۈشەنچە ۋە قاراشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ!

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بىز مۇلكىي قەشقەرىيىدە نەچچە يۈز يىللاپ داۋام قىلغان خوجىلار ئەۋھامچىلىقىنىڭ نەقشىبەندىيە تەسەۋۋۇپچىلىقىنىڭ ئۇيغۇرلاشقان مەھسۇلى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇشۇنچىلىكلا سۆزلىسەك كۇپايە قىلۇر.

---

① بۇ ھەقتە تەپسىلاتلار ئۈچۈن «ئوكيانوس» تىكى «تەسەۋۋۇپ» ماددىسىغا قارالسۇن.

* * *

تارىخى ھىجرىيىنىڭ 950 ـ يىلى (توشقان يىلى)[1] ماھى رەبىيەل ئاۋۋالنىڭ تۇنجى سەيشەنبە ئاخشىمى. ناماز بامداتتىن كېيىن بىبى سارە ئايىم قولىنى ئۇزىتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن 18 ياشلىق ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنىڭ بېشىنى سىلىدى ـ دە، ئۇنى ئويغاتتى.

— ھەي قوزام، ھەي! — دەپ بىبى سارە ئايىم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشلىدى.

— ھە، ئانا نېمە ئىش بولدى؟ ئۇخلىغىلى قويۇڭا!

— تۇر ئورنىڭدىن قوزام، تېز بول! — دېدى بىبى سارە ئايىم ئۇنىڭغا، — بولمىسا، كېچىكىپ قالىسەن! ئۆيىمىزدىكى رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ قوي! بول، تېز!

خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ئورنىدىن ئېرىنىپرەك تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇردى.

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ بالا نېمانداق ئەزمىلىك قىلىدىغاندۇ، بولە تېز! كىيىم كىيىمەن دەپ ۋاقتىنى ئالما! — دېدى ئانىسى تىت ـ تىت بولغىنىدىن.

خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ئۈستىگە يېپەك نىمچىسىنى ئارتتى ـ دە، ئانىسىنىڭ كەينىدىن تالاغا قاراپ ماڭدى.

بىبى سارە ئايىم ئوغلىنى باشلاپ باغنىڭ ئىچىگە قاراپ كېتىپ باراتتى.

— نېمە ئىش يۈز بەردى. ئانا؟ — دەپ پىچىرلىدى ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بالا.

— پاراڭ قىلما! — دەپ ئاچچىق قىلدى ئانا ئۇنىڭغا، — ئاۋۇ شىپاڭنىڭ ئاستىغا قارا.

---

① مىلادى 1543 ـ يىلى.

بۇ چاغدا ئوتقاش بىلەن يورۇتۇلغان باغنىڭ ئىچى قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇزاقتىن بۇيان بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان مەخدۇم ئەزەم هازىر باغدىكى شىپاڭنىڭ ئاستىدىكى سۇپىدا ئۆرە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە ئادەم ئۆرە تۇرۇشقانىدى. ئۇلار مۇشۇ تاپتا ئىككى قارا سايىنىڭ گاھ دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈپ، گاھ ئايغىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، دەرەخلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، گۈللەرنىڭ ئىچىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ كەلگىنىنى ۋە بۇ ئىككى قارا سايىنىڭ چوڭ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۆزلىرىنىڭ هەر بىر ئىش ـ هەرىكىتىنى ۋە سۆزلىرىنى تەقىب قىلىپ، ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ تۇرۇشقىنىنىمۇ سېزىشمىدى.

— يېنىمغا كەل، — دەپ پىچىرلىدى بىبى سارە ئايىم ئوغلىغا، — ماۋۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن شىپاڭ تەرەپكە قارا، ئاۋۇ ئادەملەرنى كۆرۈۋاتامسەن؟

— ئاۋۇ ئاق يەكتەكلىكى بابامغۇ؟

— توغرا، باباڭنىغۇ تونۇدۇڭ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئادەمچۇ؟

— تونۇيالمىدىم.

— ئاۋۇ قارا كىيىملىك ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— ياق!

— ئۇ تاغايى خوتۇننىڭ ئوغلى خوجا مۇهەممەتئىمىن ئىشان بولىدۇ.

— ئۇنى شەيخ خوجا مۇهەممەت زۇفەر ئىشاننىڭ مۇلازىملىقىنى قىلىۋاتىدۇ، دېيىشىدىغۇ؟

— شۇنداق، ئۇ ئەسلىدە خوجا مۇهەممەت زۇفەرگە قول بەرگەنىدى. ئەمما، هالا بۇگۈن سەن بۇخارادىن قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى سېنىڭ هۆرمەتلىك باباڭ ئۆزىنىڭ ئىشانلىق

ئورنىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرتىپ كەلگەنىدى. باباڭنىڭ سۆلۈكتىكى ئورنى ئەسلىدە، ساڭا تالىق ئىدى. بىراق، سەن ئەمدى ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇڭ! ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىڭنى ئويلاپ قوي!

ئانىسى بىبى سارە ئايىمنىڭ بۇ گېپى قىران خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنىڭ دىل قاچىسىنى تولدۇرغان ئاخىرقى بىر تامچە زەھەر بولدى. بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇزاقتىن بېرى يىغىلىپ قالغان غەزەپ ئوتلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا بىراقلا پارتلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالدى. . .

مەخدۇم ئەزەم شىپاڭ ئاستىدىكى سۇپا ئۈستىدە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىدى. ياز كېچىسىنىڭ دىمىق ئىسسىقىغا قارىماي، ئۈستىگە پاختىلىق نىمچىسىنى يېپىنىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇزلاپ تىترىگىنىدىن شۇمشىيىپ خۇددى قۇربانلىق قىلىنىدىغان قويدەك مەيۈس كۆزلىرى بىلەن يازنىڭ قاراڭغۇ ئاسمىنىدا چاراقلىغان يۇلتۇزلارغا تويماي قاراپ ئولتۇراتتى. ياق، ئۇ كۆزلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇددى ئەنە شۇ كۆكتە بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشاش تۈگەي دەپ قالغان جېنى بىلەن قارايتتى.

— ئى پەرزەنت خوجا مۇھەممەتئىمىن، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازى بىلەن ئاستا سۆزلەپ، — خۇدايىتائالا ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە ھېلى خۇشخۇيلۇق، ھېلى خاپىلىق ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى سىنايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر. خۇداغا شۈكۈر، كۈچلۈكلەر قانچىلىك كۈچلۈك، ئاجىزلار قانچىلىك ئاجىز بولسۇن، ئۇلارنىڭ تەقدىرى خۇدانىڭ قولىدىدۇر. سىزدىن ئاۋۋال پىرنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەنلەر خېلى ئۆتكەن. ئەمما، ئۇلار بەندىلەرگە ھېچ ئىش قىلىشمىغان. شۇڭا، سىز قولىڭىزدىكى ئېرىشاتنامىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئىخلاسمەن

مۇرتىلارغا شاپائەت قىلىڭ. بىدئەتلەرنىڭ جازاسىنى بېرىڭ!

ئۇ سەل توختاپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ئىشانلىق كۇلاھىم سىز بىلەن ئىنىڭىز خوجا مۇھەممەت ئىسھاققا مەنسۇپدۇر. بىراق، ئىنىڭىز تېخى بۇخارائى شېرىفتە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ، سۇلۇك ئىشلىرىنى جوڭقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا سىز ئىشانكالان مەرتىۋىسىدە مېنىڭ ئورنۇمدا سۇلۇك پىرى بولغايسىز! ماڭا كەلسەك، جاپا ـ مۇشەققەت، ئىزا ـ ئاھانەتكە تولغان ئۆتمۈشۈمنى ئېلىپ پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە كېتۇرمەن!...

ئەسلىدە بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى مۇلكىي قەشقەرىيەدىن شەرمەندە قىلىنىپ قوغلانغانلىق ئەلىمىگە چىدىيالمىغان مەخدۇم ئەزەم دەھبىدتكە قايتىدىن كەلگەن ۋاقتىدىن باشلاپ، يېگىنى زۇقۇم، ئىچكىنى زەھەر بىلىنىپ، پات ـ پات ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيدىكىلىرى تېۋىپ چاقىرتىپ قىلمىغان چارىسى، بەرمىگەن دورىسى قالمىدى. لېكىن، كېسەلنىڭ يىلتىزىنى تاپالمىغانلىقتىن؛ ھېچبىر داۋا كار قىلمىدى. مەخدۇم ئەزەم بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان شۇ كۇنلەردە ئۆزىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدە تەرغىب قىلغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقاندەك ئاقىۋەت بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى ئويلاپ ژادىلا تېگىگە يېتەلمىدى.

ئۇ ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان شۇ كۇنلەردە ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك خانىسىدا تۇردى. ئۇ ئەسلىدىلا شەپقەتسىز، شەخسىيەتچى كىشى بولۇپ، ئۆز پەرزەنتلىرىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ دوستلۇقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ: «دۇنيادا مەڭگۈلۈك ئاسايىشلىق بولمىغىنىغا ئوخشاش، مەڭگۈ دوستلۇقمۇ بولمايدۇ!» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا مۇلكىي قەشقەرىيەدە ئۇنىڭ

ئىشەنگۈدەك دوستلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۆز تەرىقىتىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن بېشىغا كەلگەن مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئازاب - ئوقۇبىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈۋەتكەنىدى! بىراق، ئۇ مۈلكىي قەشقەرىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «قەشقەرىيىدە رەسۋايى ئەزەم بولغانلىقىم مېنىڭ يۈزۈمنى بەك سەت چۈشۈرۈۋەتتى!» دەپ خۇدۇكسىرىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى پىتنىخور، ئوسال مىجەزى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. ئۇ ئادەتتە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى. ئۆزىنى تولىمۇ ئۈستۈن چاغلايتتى. ھالا ئەمدى بولسا ئۇنداق قىلالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ دەھبىدتىكى ۋەتەنداشلىرى ئارىسىدا قىلچىمۇ يۈز - ئابرۇيى قالمىغانلىقتىن، رۇھىي جەھەتتىكى زەربە ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن قۇرتتەك يەپ تۈگەتتى! ئۇ ئۆزىنى مۈشۈنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن ھاقارەتكە قالدۇرغان ئاشۇ زېمىننى ئويلىغاندا، ئاشۇ زېمىندىكى بارلىق روھانىي ۋە دەھرىي دۈشمەنلىرىنى ئويلىغاندا ئاچچىق يۈتۈپ، پۈچۈلۈنۈپ كېتەتتى.

مەخدۇم ئەزەم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن بەزىدە ئۇنى قەشقەرلىك خوتۇنى بىبى سارە ئايىم خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە قولتۇقىدىن يۆلەپ باغقا — چىنارنىڭ ئاستىدىكى شىپاڭغا ئېلىپ چىقاتتى. يازنىڭ تىنجىق كۈنلىرى كېچىسى، مەخدۇم ئەزەم ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنى ئاشۇ چىنارنىڭ ئاستىدىكى شىپاڭدا قوبۇل قىلاتتى.

ئاتىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانمۇ ھايالشىماستىن نەمەنگاندىن بۇگۇن كەچتە دەھبىدتكە يېتىپ كەلگەنىدى.

خىزمەتكار سوپى ئۇنى ئۇدۇل باغدىكى ھېلىقى چىنارنىڭ ئالدىغا - مەخدۇم ئەزەم ئولتۇرغان سۇپىنىڭ ئاستىغا باشلاپ

كېلىپ، ئۆزى بىر چەتكە ئۆتۈپ قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى.
بۇ چاغدا، بىر سوپى بېھى شەربىتى قۇيۇلغان بىر كوزىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاستا داستىخان ئۈستىگە قويدى ۋە كۆزىدىن شەربەتنى ئىككى پىيالىگە قۇيدى.
— مەرھەمەت! — دەپ تەكلىپ قىلدى مەخدۇم ئەزەم بىر پىيالە شەربەتنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — ئى پەرزەنت خوجا مۇھەممەتئىمىن، بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە ئىشانكالانلىق ئېرشاتنامىسىنى ساڭا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمەن!
— ئەجەبا، ئى بابائى بۇزرۇك، — دېدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ، — ئاڭلىسام، ئىشانكالانلىق مەرتىۋىسىنى مۆھتەرەم خوجا مۇھەممەت ئىسھاققا بەرمەكچى بولغان ئىكەنسىزغۇ؟
— شۇنداقمۇ بولغان، دەپ ئويلايلۇق، — دېدى ئوڭايسىز-لانغان مەخدۇم ئەزەم تىترەپ تۇرۇپ، — بىراق بىر غىلاپقا ئىككى قىلىچ سىغماس، بىر ئاسماندا ئىككى قۇياش بولماس، بىر غاردا ئىككى ئارسلان بىللە تۇرالماس. سېنىڭ پات ئارىدا مۇرىتلىرىڭ كۆپىيىدۇ!
— ئى بابائى بۇزرۇك، چۈشەنمىدىمكى، — دېدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ھەيرانلىق ئىلكىدە، — نېمىشقا خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنى ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىڭىزدىن مەھرۇم قىلىسىز؟ ئۇنىڭ بىللە بولۇش شەرىپى ھەزرىتىمگە خوپ كەلمىدىمۇ ـ يا؟
— ئى جىگەر پارەم، — دېدى مەخدۇم ئەزەم كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، — مەن ئارامىڭنى بۇزغىنىم ئۈچۈن ئەيىبلىكمەن، ئەپۇ قىلارسەن. مەنمۇ ئەسلىدە شۇنداق ئويلىغان. ئەمما، خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ھازىرچە ئۆزىدە ئىشانلىق سۈپىتىنى يېتىلدۈرەلمەپتۇ. ئۇ شۇنداق بىر بېخىل بالا بولۇپتىكى، تائام بەرسە ھەرگىز كۆندۈزى يېمەي، كېچىسى

قاراڭغۇدا يەيدىكەن. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن: «ئى مۇغبەچە،[1] بۇ نېمە قىلىقتۇر؟» دەپ سورىسام، ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردىكى: «تائامنى كېچىسى چىراغ ياندۇرماي يېگىنىمنىڭ مۇنداق ئۈچ پايدىسى بار: بىرىنچى پايدىسى، كۈندۈزى تائام يېسەم، چىۋىن قونۇۋېلىپ، تائامنى مەكرۇھ قىلۇر؛ كېچىسى تائامنى قاراڭغۇدا يېمەي چىراغ يورۇتسام، قولۇمنىڭ سايىسى بىلەن بىر قولۇم ئىككى كۆرۈنۈپ كېتىدىكەن. بۇ ئىككىنچىسى؛ ئۈچىنچىسى پايدىسى، چىراغنى يورۇتسام، تائام قاچان تۈگەپ كېتەركىن، دەپ دەككە ـ دۈككىدە قالار ئىكەنمەن.» بىلمەيتىمەنكى، خوجا ئىسهاقنىڭ بېخىللىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، بىر چاقىنى ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇپ بىر پەرسەخ يەرگىچە كۆتىگە تەپسىمۇ، پۇلنى چۈشۈپ كېتەرمىكىن، دەپ، ۋايجان دېمەستىن ماڭىدۇ! شۇڭا، ئۇنى سۇلۇكى تەرىقەتكە مەسئۇل قىلىپ قويۇپ كەتسەم، قانداقمۇ خاتىرجەم بولۇرمەن؟!

مەخدۇم ئەزەم هايات شېمى ئۆچەر ۋاقتىدا ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشەنگەنىدى، باشقىلارنىمۇ چۈشەنگەنىدى! بىراق، بۇنداق چۈشىنىش ئۇنىڭغا خوشاللىق ئېلىپ كەلمىگەنىدى. شۇنداق، ئۆزىنى بەك ئەقىللىق چاغلايدىغان كىشى ئاخىردا ئوزۇق ئىزدەپ ئۇۋىسىدىن ئۇچقان لېكىن ئوزۇق تاپالماي ئۇۋىسىغا نائىلاج قايتماقچى بولغاندا خۇددى يولىدىن ئېزىپ ئارىسالدىلىقتا قالغان قۇشقا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدۇ!

*　　　*　　　*

مەخدۇم ئەزەم سوپىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خوجا

---

① مۇغبەچە — مەي توشۇغۇچى. بۇ يەردە پەرزەنت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

مۇھەممەتئىمىنگە ئىشانلىق داستارىنى ئوراپ، داستارىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇنىڭ ئوڭ يەلكىسىگە ئارتىپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئارتىلار كىيىدىغان يەڭلىرى كەڭ تون - خىرقە كىيدۈردى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز قولى بىلەن بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇرىت - مۇخلىسلىرىغا ئۆزىنى پىر - مۇرشىدلىكتىن ئازاد قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى:

— ھەزرىتى پىرىم مۇھەممەت قازىدىن، — دېدى ئۇ مۇرىتلىرىغا، — ئىككى بىباھا خەزىنە ماڭا مىراس قالغان: ئۇنىڭ بىرى، قانائەت؛ يەنە بىرى جىددۇجەھىت. مەن جىددۇ - جەھىتنى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانغا قالدۇردۇم. چۈنكى، ئۇنىڭدا قانائەت ھەددىدىن زىيادەدۇر؛ قانائەتنى بولسا خوجا مۇھەممەت ئىسھاققا قالدۇردۇم!

— ئى ھەزرىتىم، چۈشەندىم، — دېدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمگە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — بىراق، شۇنى سوراپ بىلگۈم كەلدىكى، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىدە زاۋال تېپىشىغا ۋە سىزنىڭ قۇتبىل ئەقتابلىق ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا نېمە سەۋەبچى بولغاندۇر؟

— ئى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالان، — دېدى مەخدۇم ئەزەم بىر پەس ئويلىنىپ، سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن — بۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىقەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ، مەملىكەت ئىشىغا بىپەرۋالىق قىلغانلىقىمىز سەۋەبچى بولغان. سەئىدىيىلەر سەلتەنىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ، موغۇل دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولماي، غاپىل بولۇپ، سەلتەنەت ئىشىغا سۇسلۇق قىلغانلىقىمىزدىن شەۋكەت

ۋە ئىززەت قولىمىزدىن كەتتى. مەقسىتىمىز كېمىسى ۋەيرانلىق قايىنىمىغا چۈشۈپ قالدى، ئۈمىدىمىزنىڭ شادلىق كېمىسى مۇرات ساھىلىغا يەتمەي، ئۈمىدسىزلىك دولقۇنىغا غەرق بولدى!...

— موغۇللاردا ئىنساپ - دىيانەت تۈگىگەن، مەستلىك - سەرمەستلىك چېكىگە يەتكەن! — دەپ قوشۇمچە قىلدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالان ئاتىسىنىڭ سۆزىگە، — ئاللا مەرھەمەتلىك - لېكىن ئادەملەر غاپىل!

ئاتىسىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە چۆمگەن مەيۈس كەيپىياتى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالاننىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتكەنىدى. مۇشۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئىچىدە غەزەپ توڭگۇزى قۇتراپ، كەيپىنى تېخىمۇ ئۇچارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاشۇ مۇلكىي قەشقەرىيىدە يېڭىۋاشتىن ئۆزى باش بولغان نەقشبەندىيە تەرىقىتىنى جارى قىلدۇرۇشتەك شۇم غەرەز، پاسىق ئارزۇ ئوتلىرى تېخىمۇ يالقۇنجاپ كۆيگىلى تۇردى. بەلكىم ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىن شەرمسار بولۇپ ھەيدەلگەنلىك ساۋىقىدىن ئۇنىڭ بۇرنىغا سۇ كىرمىگەنلىكىدىن بولغانمۇ - قانداق، ئۇ بۇ يامان ئىشقا خۇددى گەندىگە ئىتىلغان چىۋىندەك ئۆزىنى ئۇرۇشقا بەل باغلىدى.

مەخدۇم ئەزەم ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، چىنارغا يۆلەنگىنىچە، بىر تىزىنى بېسىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى. ئېھتىمال، ئۇنى بايىقى قائىدە - رەسمىيەتلەر ھاردۇرغان بولسا كېرەك. ئاخىر ئۇ كۆزىنى ئاچتى ۋە:

— ئى پەرزەنت، — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ، — بۇزرۇكلار: «پۇقرالار ئەقىلگە موھتاجدۇر؛ ئەقىل بولسا ئىبرەتكە موھتاجدۇر. چۈنكى، ئىبرەت ئەقىلنىڭ ئەينىكىدۇر.

ھەر ئىشنىڭ چارە ـ تەدبىرىنى ئىبرەت ئەينىكىدە كۆرگىلى بولىدۇ! » دېگەنىدى. بۇ ئالەمنىڭ ئىبرەت ـ ساۋاقلىرى ئۇزۇن ئۆمۈر، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار بەدىلىگە كەلگەن. ۋاھالەنكى، بۇ بەش كۈنلۈك ئۆتنە ئۆمۈر مەقسەت مەنىلىرىنى ۋاپا قىلماس. شۇڭا ئۇلۇغلار تەدبىر بىلەن ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ھەم ئىبرەت ـ ساۋاقلارنى بىر يولى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ چارىسىنى بەرپا قىلىشقان. بۇ چارە ھەم تەدبىر شۇكى، مەن مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئۆز بېشىمغا كەلگەن تۈرلۈك قىسمەت ساۋاقلارنى ئىبرەت تەرىقىسىدە ساڭا ھېكايەت قىلىپ سۆزلەپ بەردىم. ئۇنى ئوبدان ئەزمە قىلىپ چۈشەنگەيسەن. ئۇل ھېكايەت ۋە رىۋايەتلەرنىڭ مۇلاھىزىسىدىن تېگىشلىك بەھرە ئالغايسەن. دېمەك، «ئاتىلاردىن نەسىھەت ئالغان پەرزەنت سائادەتمەندۇر! » دېگەن ئىبارىنىڭ مەزمۇنى بويىچە مېنىڭ نەسىھەتلىرىم ۋە ئىبرەت ـ ساۋاقلىرىمدىن مەنپەئەتدار بولساڭ، شۇ بويىچە ئىش قىلىشقا تىرىشساڭ، مەڭگۈ سائادەتمەن بولغايسەن، ئامىن!

— يارەببىيۇل ئامىن! . . .

شۇنىڭ بىلەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانغا ئىشانكالانلىق مەرتىۋىسى بېرىش مۇراسىمى ئاياغلاشتى. مۇرىت ـ مۇخلىسلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەشتى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، سائىتى يېتىپ قالغانىدى. «ئادەم كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىقى، دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغان. بىراق، ئۇنىڭ جان ئۈزۈشى ئۇنداق ئاسان بولمىدى. ئۇ ئاخشامقى مۇراسىمدىن كېيىن تۇيۇقسىز قان قۇسۇپ، نەپىسى بوغۇلۇپ، قاتتىق بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ

شۇنداق قىلسا، جىنىنى ساقلاپ قالىدىغاندەك، بېشىنى تىرەپ تۇرغان ياستۇقنى، ئۈستىگە يېپىلغان يۇڭ چايشەپنى جان ئاچچىقىدا قامالاپ، مۇجۇپ تۇتقىنىچە قانغا بويىدى. ئۇ قانداقتۇر غايىبتىن كېلىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قېلىپ، قەددىنى رۇسلىماقچى بولۇپ، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى. ئاندىن يۈرىكىنى چاڭگاللىغىنىچە يەرگە يىقىلدى. يۈزىنى پۈرۈشتۈرگەن ئاغرىق ئۇنىڭ قېنى قاچقان ئاپئاق لەۋلىرىدە پۇشايمان بەلگىسى بولۇپ قېتىپ قالدى...

نەزمە

رەشىك ـ ھەسەت بىر ئوتتۇر يېلىنجايدىغان،
ھۆل ـ قۇرۇقنى ھەرگىز ئايرىمايدىغان.
يىلاندەك چىرمىشىپ ئاخىرى چوقۇم،
ھەسەتخورنىڭ ئۆزىگە تۇتۇشىدىغان.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## سەككىزىنچى باب

# «رەشىدىل شاھى ئەزەم»

« . . . ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن كۆك
يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق،
ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى. . . »
— «ئوغۇزنامە»

**مىلادى** 1546 ـ يىلى (ئات يىلى) 3ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى.

ئوپال ئېقىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە دوغلات دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۇجۇم مەھەللە بار ئىدى. پەسكە جايلاشقان شاللىقلاردا شۇ زامانلاردا سۈيى ئىللىق كۆللەر بار بولۇپ، ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ ئاستىدىكى ئىسسىق ئارىشاڭلاردىن بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چىققان بۇلاق سۈيى بۇ كۆللەرگە قۇيۇلاتتى. بۇ يەردە كۆكلەم مەۋسۇمى ئوپالدىن تولۇق بىر ھەپتە بۇرۇن كېلەتتى. ئەتراپىتىكى باغلار تېخى قارىيىپ تۇرغاندا، كۆل ياقىسىدا سېرىق چېچەكلەر ئېچىلىشقا باشلايتتى. ئەتراپتا ئەمدىلەتىن كۆكلەم كىرىشكە باشلىغاندا، بۇ يەردە بولسا يۇقىرىدىن ئەتىيازلىق ئىللىق قۇياش ۋە زېمىنىنىڭ ئاستىدىكى ئىسسىق ئارىشاڭلاردىن ئېقىپ چىققان

ئىللىق بولاق سۇيىنىڭ ئىسسىتىشى بىلەن دەل - دەرەخلەر ۋە ئوت - چۆپلەر كۆكىرىپ، گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىشقا باشلىغان بولاتتى.

دوغلات مەھەللىسىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ باغرىدا خەلق تەرىپىدىن «ھەزرىتى موللام» دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھلىقى بار ئىدى. قەبرىگاھلىقنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۇزۇن چەكزىلەرگە ئىككى تالدىن قارا قوتاز قۇيرۇقى ۋە كۆك، يېشىل، قىزىل، سېرىق ئەلەملەر ئېسىلغانىدى. قەبرىگاھلىقنىڭ ئەتراپىدا غۇدۇر - بۇدۇرلىشىپ كەتكەن قېرى قارىياغاچلار زىچ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان شاخلىرىغا ئالىچىپار لاتىلار باغلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ لاتىلارنى ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن «ھەزرىتى موللام» دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان مەھمۇد قەشقەرىنى ئىززەتلىگۈچىلەر ئەپكېلىپ باغلاپ قويۇشقانىدى. قەبرىگاھلىقنىڭ ئەتراپىغا قادالغان ئۇزۇن چەكزىلەرگە ئېسىلغان تۇغ - ئەلەملەرنىڭ نۇرغۇنلۇقى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە مەھمۇد قەشقەرى توغرىسىدىكى خاتىرە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرەتتى.

بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى ئىدى. زىيارەتچىلەردەك ئاددىي كىيىنگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوپال جامائەسىدە جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئۆتىگەندىن كېيىن شەيخۇلئىسلام ھەزرىتى خوجا تاجىدىن ئەتتەرەللاھ مەشھەدى، ئەمىر جاببار - بەردى دوغلات ۋە يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق ئەمر ۇل - ئۇمەرالىرىدىن تەركىب تاپقان مەۋكەبىنى باشلاپ ئادەت بويىچە ھەزرىتى موللام قەبرىگاھلىقىنى تاۋاپ قىلماقچى بولۇپ ماڭدى.

بىراق، نورۇز پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ھەزرىتى

موللام قەبرىگاھلىقىغا يىراق - يېقىندىن كەلگەن يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە ئۇنىڭ مەۋكەبىنى يېقىندىن كۆرۈۋېلىشقا ئىنتىلمەكتە ئىدى.

مەۋكەبنىڭ ئالدىدا قوللىرىغا تاسما قامچا تۇتۇشقان ساقچىلار يول ئېچىپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ناغرىچى - دۇمباقچى، كاناىچى - سۇناىچىلار ناغرا - سوناىلىرىنى «شادىيانە» مۇزىكىسىغا چېلىپ كېلىۋاتاتتى. ناغرىلىرىنى تۆگىنىڭ لوككىسى ئۈستىگە خۇددى چومدەك ئايرىپ جايلاشتۇرۇۋالغان ئىككى ناغرىچى پۈتۈن ئوپال قەلئەسىنى شاد - خۇراملىققا چۆمدۈرمەكچى بولغاندەك قوللىرىدىكى ناغرا چوكىلىرىنى توختىماستىن ئوينىتاتتى. ئاسمانغا تاقاشقان جەز كاناىلارنىڭ غۇرت - غۇرتلىرى ناغرا ئاۋازلىرىنى بېسىپ ھېلىدىن ھېلىغىچە ياڭراپ توختىمايتتى. سوناىلار زىل ھەم ئىنچىكە زارلاپ، ھەممىنىڭ قۇلىقىنى پاك قىلاتتى. نورۇز كۈنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ شەھەردىن ھەزرىتى موللام قەبرىگاھلىقىنى تاۋاپ قىلىشقا چىقىدىغانلىقىنى بىر - بىرىدىن ئاڭلاشقان بۇ ئادەملەر «رەشىدىل شاھى ئەزەم» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ياش پادىشاھنى يېقىنراقتىن كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشاتتى. لېكىن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە زەنجىردەك تىزىلىپ «شاھى ئەزەم»نى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ساقچىلار ھېچكىمنى بىر قەدەممۇ يېقىن كەلتۈرۈشمەيتتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە ئۇنىڭ مەۋكەبى ھازىر دوغلات دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى ئازىق تەرەپكە قايرىلغاندا، ئەللىك - ئاتمىشتەك ئادەم ساقچىلاردىن تۇزۇلگەن زەنجىرنى ئۈزۈپ تاشلاپ يېقىنلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. ساقچىلار دەرھال قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىشىپ، سۇلتانغا يېقىنلىشىپ بېرىۋاتقان ھېلىقى ئالامانى قوللىرىدىكى قىلىچلىرى بىلەن ياپسالاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئات ئۈستىدە بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغان سۇلتان

ئابدۇرەشىدخان يېنىدا ئاتلىق كېتىۋاتقان ھەزرىتى خوجا تاجىددىن ئەتتەرەللاھۇ مەشھەدىگە ئىشارەت قىلدى. ئۇ دەرھال ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئالامان بىلەن ساقچىلار دوقۇرۇشۇپ قالغان ھېلىقى يەرگە يېتىپ كەلدى ـ دە، قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— خالايىق، خالايىق تىنچلىنىڭلار! تەرتىپنى بۇزماڭلار. رەشىدىل شاھى ئەزەم ھەزرەتلىرى نورۇز مۇناسىۋىتى بىلەن پۇقرائى ـ پەقىرلەرگە خەير ـ ئىھسان قىلماقچى، ئېلىڭلار، مانا بۇ كۈمۈش سەئىدىيىلەر[①] سىلەرنىڭ!

ئۇ قولنى ئاستىدىكى زىلچا خۇرجۇننىڭ بىر كۆزىگە سېلىپ، بىر سىقىم تەڭگىنى ئېلىپ، ساقچىلارنىڭ قارشىلىقىنى يېرىپ ئۆتكەن ھېلىقى بىر توپ ئالاماننىڭ ئارقا تەرىپىگە چېچىۋەتتى. ئارقىدىن يەنە بىر سىقىم كۈمۈش سەئىدىيىنى تېخىمۇ يىراققا چاچتى... قۇياش نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ پارقىراپ كەتكەن كۈمۈش سەئىدىيەر ئالاماننىڭ ئىچىدە بەزىلەرنىڭ بېشىغا، بەزىلەرنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇلۇپ، جىرىڭلاپ يەرگە چۈشەتتى. تەڭگىلەرنى كۆرگەن ئالامان «رەشىدىل شاھى ئەزەم» نىمۇ، مەۋكەبنىمۇ بىراقلا ئۇنتۇشتى ـ دە، تەڭگە جىرىڭلاپ چۈشكەن تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى.

— خالايىق، نورۇز بايرىمى ھەممە سەئىدىيە پۇقراسىغا ئوخشاش بايرامدۇر، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ھەزرىتى خوجا تاجىددىن ئەتتەرەللاھ مەشھەدى، — كۆكلەم مەۋسۇمىدە كۈن توختاپ تۈن بىلەن ئىسپىيلەشكەندە، نورۇز كىرىپ، يېڭى بىر يىل باشلىنىدۇ. ھەزرىتى رەشىدىل شاھى ئەزەمدىن شۇنداق پەرمان بولدىكىم، مەملىكەتتە خۇددى نورۇز كۈنىدىكىدەك تەڭپۇڭلۇق ھۆكۈم سۈرگەي. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە

① كۈمۈش سەئىدىيە — خانلىقنىڭ پۇل بىرلىكى. بىردانە كۈمۈش سەئىدىيە — بىر سەر كۈمۈش تەڭگىگە باراۋەر ئىدى.

سۇلۇك ـ تەرىقەت ئايرىماي، ھەممەيلەننىڭ نورۇز بايرىمى خۇشال ـ خاتىرجەم ئۆتكەي!

ئۇ خۇرجۇندىن يەنە بىر سىقىم كۇمۇش سەئىدىينى ئالدى ـ دە، ئادەم ئەڭ كۆپ توپلىشۇالغان يەرگە قارىتىپ چىچىۋەتتى. بايا مەۋكەبنى سىقىپ كىلىشكە ئىنتىلگەن ئالامان ئەمدى كۇمۇش تەڭگە جىرىڭلاپ چۇشكەن يەرگە قاراپ يۇگۇرۇشتى...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن مەۋكەب ساقچىلارنىڭ ھىمايىسىدە ھەزرىتى موللام قەبرىگاھلىقىغا قاراپ ماڭدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەزرىتى موللام قەبرىگاھلىقىغا يىتىپ كەلگەندىن كىيىن ئاتتىن چۇشۇپ ئۆزى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيدىغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇپراق بىشىغا ئىززەت كۆرسىتىپ، تەزىم بەجا كەلتۇردى. ئاندىن قەبرىگاھلىقنىڭ ئالدىغا داق يەرگىلا تىز چۆكۇپ ئولتۇرۇپ خەتمىقۇرئان قىلدى. ئۇنىڭ جاراڭلىق قىرائەت ئاۋازى قارىياغاچلارنىڭ ئارىسىدىن يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇردى.

بۇ چاغدا، قەبرىگاھلىق ئىچىدىن قىرىپ مۇكچەيگەن ئەمما كۆزلىرىدىن يوشۇرۇن نۇر شولىسى چىچىلىپ تۇرغان بىر شەيخ چىقىپ كەلدى ۋە قۇرت يەپ قارىيىپ كەتكەن، ئۇستىگە خەت ئويۇپ نەقىش ئىشلەنگەن ئىشىكنى ئىچىپ زىيارەتچىلەرنى قەبرىنىڭ ئىچىگە تەكلىپ قىلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەۋكەبنى قەبرىگاھلىقنىڭ ئالدىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ھەزرىتى خوجاتاجىددىن ئەتتەرەللا مەشھەدى ۋە يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندىلەر بىللە قەبرىنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

لىڭشىپ ئاران تۇرغان ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىكى سوغۇق ھەم يىرىم قاراڭغۇ قەبرىنىڭ ئىچىدىن دىماغنى ئىچىشتۇرىدىغان ئادراسمان بىلەن ئارچا ئىسرىقلىرىنىڭ پۇرىقى كەلدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن خوجا تاجىددىن ئەتتەرۇللا

مەشھەدى ۋە يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندىلەر ئۆتۈكلىرىنى يېشىپ تاشلىشىپ، شەيخ ھۆرمەت كۆرسىتىپ ئۇلارغا سۇنغان يۇمشاق پوپۇچلارنى كىيىپ قەبرە ئىچىگە كىردى.

ئۇستىگە خەت ـ ئايەت، ھەدىس، ھېكمەتلىك سۆزلەر تىپىك ئىسلام ئۇسلۇبىدا ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن نەقىش قىلىپ ئويۇلغان ئاق گەج تاملار ئىككى تارپەنجىرىلىك قەيرە گۇمبىزىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ پەنجىرىلەردىن چۈشكەن ئىككى تال ئىنچىكە يورۇقلۇق قەبرىنىڭ ئىچىنى يېرىم يورۇتۇپ تۇراتتى. زىيارەتچىلەرنىڭ قەبرىنى تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن نەقىشلىك ئىشىكتىن قەبرىگىچە ئىككى جەينەك كەڭلىكتە يەردىن سەل كۆتۈرۈپ تاش يېيىتىلغان يول چىقىرىلغانىدى. بۇ يول قەبرىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئىككى تەرەپكە ئايرىلاتتى ـ دە، قەبرىنى تولۇق بىر قېتىم يۆگەپ چىقاتتى.

قەبرىنىڭ ئۇستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن بىر يېشىل رەڭلىك يوپۇق يېپىلغانىدى. بۇ يوپۇق قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان نورۇزدا يېڭىلىناتتى. بۈگۈن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قەبرىنىڭ يوپۇقىنى ئۆز قولى بىلەن يېڭىلىماقچى ئىدى. قەبرىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تاش يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەسىرلەردىن بېرى يىغىلىپ كەلگەن قېلىن بىر قەۋەت سۇر يېشىل رەڭلىك چاڭ ياتاتتى. كىشىلەر قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە بۇ چاڭغا ھەرگىز ئاياغ تەگكۈزمەي ساقلىشاتتى: بۇ مۇقەددەس چاڭغا دەسسەپ ئىز قالدۇرۇش — «ھەزرىتى موللام» دەپ ئاتىلىدىغان مەھمۇد قەشقەرىگە قاتتىق ھاقارەت قىلىنغان بىلەن باراۋەر، دەپ قارىشاتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خوجا تاجىددىن ئەتتەرۇللا مەشھەدى ۋە يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندىلەر بىللە بىلەن شەيخنىڭ ئارقىسىدىن قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تار ئىنلىق يول بىلەن

قەبرىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىشتى. ئاندىن خوجاتاجىددىن ئەتتەرۇللا مەشھەدى ئۇزاتقان يېڭى مەھپۇز گۇللۇك يوپۇقنى ئەسلىدىكى يوپۇقنىڭ ئۈستىدىن ياپتى. بۇ چاغدا قەبرىنىڭ ئىچىدە شۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردىكى، ھەتتا سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئۆز قېنىنىڭ تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرۇپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ قەبرە ئالدىغا يېقىن كېلىپ ئېڭىشتى ـ دە، بۇنىڭدىن تۆت يۈز يىل ئىلگىرى پۈتۈن ئىلىم دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، جاھالەت ئاسمىنىنى يورۇتقان چولپاندەك ياشىغان بۈيۈك ئالىم، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى مەھمۇد قەشقەرى مەڭگۈ ئۇخلاپ ياتقان بۇ قەبرىنىڭ مۇبارەك تېشىنى سۆيدى ۋە توپىسىنى كۆزلىرىگە سۈرتتى. ئاندىن قەبرە ئالدىغا چۆكۈپ ئولتۇردى.

ئۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ناماز پېشىندىن تاكى ناماز دىگەرگىچە قىمىرلىماستىن ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان يۈسۈپ قېدىرخان يەركەندى ئالدىدىكى چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قامەتلىك بوي ـ بەستىگە قاراپ، تۈمەن دەرياسى بويىدىكى بارىگاھ تۆپىكىدە ئەسىرلەردىن بېرى غېرىبسىنىپ ياتقان مەۋلانە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تاشلىنىپ قېلىنغان چۆل قەبرىگاھىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، «ئىھ» قىلىپ ئۆتىلىپ قويدى...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەزرىتى موللام قەبرىگاھلىقىدا ئەمەس، بەلكى قەبرىگاھلىقتىن چىقىپ كېتىۋېتىپمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. لېكىن، خوجا تاجىددىن ئەتتەرۇللا مەشھەدى مۇشۇ تاپتا سۇلتاننىڭ قەلبىنىڭ ھاياجان ئىلكىدە قاتتىق دولقۇنلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— تۇپراق ئارا ياتقان ئۇلۇغلىرىمىزنى ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك! — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

كېتىۋېتىپ، — يەر ئۈستىدە يۈرگەن بەزىلەرنى تىرىك ھېسابلايمىز. لېكىن، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆلگەن!
ئەقىللىق شەيخۇلئىسلام خوجاتاجىددىن ئەتتەرۇللا مەشھەدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەررۇ ھېس قىلدى ۋە:
— شۇنداق، جانابىي ئالىيلىرى، ئىلىم - مەرىپەتكە مۇھەببەت باغلىغان، ئىلىم - مەرىپەتنى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دەپ بىلگەن بۇ ئادەملەر گەرچە ئاللىقاچان باقىي ئالەمگە رەئلەت قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار پانىي ئالەمدە ھېلىغىچە ياشاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ! — دېدى جاۋابەن، — بىراق بەزى كىشىلەر ئىلىم - مەرىپەتنى ئاياغ - ئاستى قىلىش ئۈچۈن نى - نى يامان ئىشلارنى قىلىشمىدىمۇ؟! نى - نى جاھالەت پاسبانلىرى ئىلىم - مەرىپەتنى ئوتتا ئۆرتەشمىدىمۇ؟ قېنى ئۇلار كىمنىڭ قەلبىدە ھازىرغىچە ياشاۋېتىپتۇ؟!
— ھەيھات! ھەيھات! بىراق، ھېچبىر جاھالەت ساھىبى بۇنىڭدىن ساۋاق ئالغان ئەمەس! — دەپ بېشىنى چايقاپ قويدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، — ئەجەبا، جاھالەت ئىلىم - مەرىپەتتەك پاساھەتلىك بولمىسا، ياكى سودا - سېتىقتەك كىشىگە پايدا بەرمىسە، يەنە ئۇنىڭ كىشىلەرنى مۇشۇنچىۋالا مەھلىيا قىلالىشىدا زادى نېمە سىر - ئەسرار باردۇر؟
— توغرا ئېيتتىڭىز ئى رەشىدىل شاھى ئەزەم، — دېدى خوجا تاجىددىن ئەتتەرۇللا مەشھەدى، — بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن تەخت ساھىبلىرى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە كۆپ بولمىغان...
— شۇنداق، بىزمۇ بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتتۇق، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئۆكۈنۈۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — سەل كەم يىگىرمە ئالتە يىل مۇقەددەم،

بۇزرۇكۋار پەدەرىمىز بىللە بۇ مۇبارەك تۇپراقنى تاۋاپ قىلغاندا، بىز تېخى ئۈسمۈرلۈك ۋاقتىمىزدىن ئەمدىلا خوشلاشقاندۇق. ئەلهال، يېشىمىز قىرىققا ئۇلاشتى، چاچ - ساقاللىرىمىزغا ئاق سانجىدى. . .

تاغنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ كەچكى شەپەق نۇرى ئۇنىڭ چېھرىدە قىزغۇچ ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

— بۇ ئارىدا، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىزنىڭ بۇباشقا كەلمىگەن دەرد - ئەلەم ۋە كۈلپەتلەر قالمىدى. لېكىن، ھەقتائاللاغا شۈكرىكىم، پەلەك بەزىدە بىزنى ئازاب چەكتۈرگەن بولسىمۇ گاھىدا ئىنايىتىنى بىزدىن ئايىمىدى. بىزنى ئىلىم - ئىرپان نۇرىدىن بەھرىمەن قىلدى. ئاشۇ مەۋلانە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىدەك جەننەت ماكان ئۇستازلىرىمىز باشلاپ ماڭغان ئىلىم - ئىرپان يولىدا ئېزىپ كەتمەي مېڭىپ، ئۆزىمىزنىڭ شاگىرتلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق! . . .

— شۇنداق، بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش، — دېدى يۈسۈپ قېدىرخان يەركەندى مۇشۇ تاپتا ئۇمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئوخشاشلا ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي قالغانىدى، — ئى شاھى جاھان، بىلەمدىلا، جاھالەت ئەھلىمۇ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ يۈكسەك ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، ساختىپەزلىكنىڭ خۇددى جا تىللاغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشماي تۇرالمايدۇ. شۇنداق، جا تىللاغا بەزىدە كۆز بويامچىلىق قىلىپ مال - مۈلۈك سېتىۋالغىلى بولسىمۇ، لېكىن جاھالەتنىڭ قىلچىمۇ قىممىتى يوقلۇقى ئۇلارغىمۇ بەش قولدەك ئاياندۇر! شۇڭا، جاھالەت ئايىغى بىلەن ئەمەس بەلكى قورسىقى بىلەن سۆرۈلۈپ ماڭىدىغان يىلاننىڭ ئۆزىدۇر! شۇڭا، يىلان ھەزرىتى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئالدىغانلىقتىن خۇدايتائالا يىلاننى: «ئۆمۈرۋايەت لاي يەپ، قورسىقىڭ بىلەن سۆرۈلۈپ

ماڭىدىغان بولۇپ قال!» دەپ بەدگەردە قىلىۋەتكەن!
ئارقا تەرەپتىكى ئېگىز ئاقباش تاغلار كەچكى شەپەق نۇرىدا راسا ئۇلغايغان گۇلخاندەك لاۋۇلداپ يانماقتا ئىدى. قېرى قارىياغاچلار بىلەن ئورالغان ھەزرىتى موللام قەبرىگاھىنى قۇشلارنىڭ نەغمىسى چاڭ كەلتۇرۇۋەتكەنىدى...
ئۇلار قەبرىگاھتىن چىقىپ چوڭ يولغا كەلگەندە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان توختىدى.
— ھۆرمەتلىك تەقسىر، ئەمدى بىزگە ئىجازەت بەرگەيسىز، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزلىرىنى ئۇزىتىپ چىققان قېرى شەيخكە، — بىز ئەمدى شەھەرگە قايتقايمىز.
بۇ چاغدا، قېرى شەيخ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆزىنى ئىلتىپاتسىز قالدۇرۇپ، يىراقتىكى پامىر تاغلىرىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا غەلىتە تۇيۇلدى-دە، ئۇمىدلىك كۆزلىرى بىلەن كەچكى شەپەق نۇرىدا ئاجايىپ كۆركەم يالتىراۋاتقان ئېگىز قارلىق چوققىلارغا قارىدى.
بۇ چاغدا، ھېلىقى قېرى شەيخ:
— ئېگىز تاغدا تۇرۇپ كەڭ ۋادىغا نەزەر سالغاندا، بۇ مەنزىرە كىشىنى بىسيار خۇشال قىلىدۇ. ئات ئۇستىدە تۇرۇپ قانلىق ئۇرۇشلار بولۇۋاتقان جەڭگاھقا نەزەر سالغاندىمۇ بۇ چاغدىكى كۆرۈنۈش كىشىنى بىسيار خۇشال قىلىدۇ. بىراق، ھەقىقەتنىڭ چوققىسىغا ئۆرلەۋېتىپ، ئېگىلىپ ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىدىكى قاتمۇ قات توسالغۇ، ئىس-تۈتەك ۋە ئەگرى-توقايلىققا نەزەر سالغاندىكى خۇشاللىققا يېتىدىغان ھېچقانداق خۇشاللىق يوق! شۇنداق، بۇگۇنگە قەدەر نېمە ئىش قىلغان بولسىڭىز يەنە شۇ ئىشنى قىلىڭ، بالام! جەننەت ماكان ئۇستاز ھەزرىتى موللامياندۇرغان ئىلىم-مەرىپەت مەشئىلىنى ئۆچۈرۇپ قويۇش مىسلىسىز گۇناھ ئىشتۇر. چۇنكى...—

شەيخنىڭ ئاۋازى توساتتىنلا تىترەپ كەتتى ـ دە، بۆلەكچىلا بىر سەممىيلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — چۈنكى، قەدىم ئەييامدىن تارتىپ ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى بولغان جاھالەت گاھ تۈگەپ، گاھ پەيدا بولۇپ تۇردى. ئەمما جەننەتپاناھ ئۇستاز ياندۇرغان ئىلىم ـ پەن مەشئىلى قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئۆچمەي يېنىپ تۇردى. بۇ مەشئەلنى ياندۇرغان ئۇل جەننەت ماكان ئۇستاز ۋە ئەمگەكچى خەلق ئەبەدىلئەبەد ياشايدۇ! ئى مەرىپەتلىك رەشىدىل شاھى ئەزەم، ئەل ۋەتەن ھۆرمىتى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئۇستاز مەھمۇد قەشقەرى ياندۇرغان بۇ ئىلىم ـ مەرىپەت مەشئىلىنى ئاخىرغىچە ياندۇرۇڭ!

شەيخ قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى قۇچاقلاپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان شەيخۇلئىسلام ھەزرىتى خوجا تاجىددىن ئەتتەرۇللا مەشھەدى، يۇسۇپ قېدىرخان يەركەندى ۋە ئەمىر جاببار بەردى دوغلات قاتارلىق ئەركانى دۆلەتلەرنى ئېلىپ شەھەر تەرەپكە يول ئالدى. قېرى شەيخ بولسا ھەزرىتى موللام قەبرىگاھلىقىغا قايتىپ ماڭدى. . .

* * *

473 ـ ھىجرىيە يىلى (توخۇ يىلى)[1] نىڭ كۈز كۈنلىرىدىن بىرى ئىدى. ناشتىنى قەشقەر شەھىرىدە قىلىپ ئاتلىق يولغا چىقىشقان بىر توپ كىشىلەر پېشىن مەھەلدە تاشبالىق[2]

① مىلادى 1080 ـ يىلى.
② ھازىرقى نامى تاشمىلىق. قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربى شىمالىدا.

قەلئەسىدىن ئۆتۈپ پايانسىز كەڭ بىر تۈزلەڭلىككە چىقىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرانە قىياپەت بىر مويسىپىت ئادەممۇ بار ئىدى. ئۇلار تاغ تەرەپكە يېقىنلىشىپ بارغانسېرى، بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن باغلار، زىچ جايلاشقان مەھەللە - كەنتلەر ئارقىدا قالدى. ئالدىدىكى تۈپتۈز چۆل تاكى يىراق - يىراقلاردىكى تاغلارغىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. پەقەت ئۇ يەر بۇ يەردىكى پاكار - پاكار دۆڭلەر، يېرىم خارابىگە ئايلانغان كونا قورغان، قەلئەلەر، بەش - ئالتە ئۆيدىنلا ئىبارەت بولغان كىچىك - كىچىك مەھەللىلەر ئۇچرايتتى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن يەتتە پەرسەخ[1] كېلىدىغان يەردە ئوپال دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمكى قەلئە بار ئىدى. ھېلىقى بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر ئاشۇ ئوپال قەلئەسىنىڭ ھەزرىتى موللام تېغى باغرىغا جايلاشقان ئازىق دېگەن ئىستراھەتگاھقا قاراپ كېتىۋاتقاندى. نامازدىگەر بولغاندا ئۇلار ئازىققا يېتىپ كېلىشتى.

ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ بارا - بارا كىچىكلەپ تارىيىپ كېتىدىغان جىلغىلىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ چىقىدىغان بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان بىر ئېرىق سۇ تاغ باغرىنى بويلاپ ئېقىپ بېرىپ، كىشىگە شاد - خۇراملىق بېغىشلايدىغان ئۈزۈلمەس شاۋقۇن چىقىرىپ شىددەت بىلەن ئاقىدىغان ئوپال ئېقىنىغا قوشۇلاتتى.

ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ باغرىغا كارامەت مەنزىرىلىك ۋە ھاۋالىق ئازىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىستراھەتگاھ جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر ئەسلىدە ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر قاراخانى ناسىر دەۋلە قىدىرخان خاندانىنىڭ ئىستراھەتگاھى ئىدى. كېيىن قاراخانىيلارنىڭ ئارسلان خانى مۇھەممەت ئىبنى

---

[1] قەدىمكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر پەر سەخ تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىرغا تەڭ كېلەتتى.

يۇسۇپ قاراخانىينىڭ تونغۇچ ئوغلى شاھزادە ھۇسەيىن تېكىننىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنىدى.

باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، مەر ـ مەر تاشتىن كۆركەم قىلىپ ياسالغان فونتان ھازىر خارابىلاشقان ۋە بۇزۇۋېتىلگەنىدى. يەردە چېچىلىپ ياتقان قالدۇق تاش پارچىلىرىدىن ۋە چىنە ـ خىشلارنىڭ سۇنۇقلىرىدىن بۇ فونتاننىڭ كارامەت ئۇستىلىق بىلەن ياسالغانلىقىنى ھېلىھەممۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى. بىراق، يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا شاد ـ خۇراملىق بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيى كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىدا يالتىرىماقتا ئىدى. بۇلاقنىڭ ئالدىدا چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر مويسىپىت ئادەم بۇلدۇقلىغان بۇلاق سۈيىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ بايىقى بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى ھېلىقى مويسىپىت ئىدى. بۇ بۇلاق سۈيى ئۇنىڭغا خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۆچمەس روھىدەك، بۇلاق سۈيىنىڭ بۇلدۇقلىغان ساداسى بولسا خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەدىم ئەييامدىن تارتىپ مەڭگۈ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن ئاشۇ تۈگىمەس ناخشىسىدەك ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئۇ كىيىملىرى ئېسىل، نۇرانە چېھرىلىك، چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان ۋىجىككىنە بىر ئادەم ئىدى. زامانە كۈلپەتلىرى ئۇنىڭ چېكىسىگە، نۇرلۇق چېھرىگە قىسمەت سىزىقلىرىنى تارتقان بولۇپ، جاھان ھامىلىنىڭ ئېغىر يۈكلىرى ئۇنىڭ قەددىنى يادەك ئېگىشكە ئۈلگۈرگەنىدى. بىراق، جاھان ئەھلىنىڭ بېشىغا نېمە كۈلپەتلەر كەلمىسۇن، بۇ نۇرانە مويسىپىتنىڭ چىرايى يەنىلا ئەسلىدىكى گۈزەللىكىنى يوقاتمىغانىدى. يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بۇ بوۋاينىڭ قەددى ـ قامىتىدىن، سوزۇنچاق يۈزىدىن، ھەتتا كىيىنىشلىرىدىنمۇ ئالىملارغا خاس ئالىيجانابلىق بىر گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. ئۆزى ۋىجىككىنە بولسىمۇ ئەمما زوۋۇلىسى

پىشىق، كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىدى.

بۇغراخانلار پۇشتىدىن بولغان بۇ ۋىجىككىنە بوۋاينىڭ ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەت قەشقەرى بولۇپ، زاماندانلىرى ئۇنى «مەھمۇد قەشقەرى» دەپلا ئاتايتتى.

بۈگۈن كۈنگە ھىجرىيە تۆت يۈز يەتمىش ئۈچىنچى يىل رەبىيەل ئاخىرنىڭ تۇنجى يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەغرىبتىكى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادتىن سەپەر قىلىپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتقان مەھمۇد قەشقەرى مانا بۈگۈن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغىنىغا توپتوغرا يىگىرمە يىل بولغانىدى! ئۇ قەشقەرگە ئاياغ بېسىپلا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ يەرگە - ھازىر ھەزرىتى موللام، دەپ ئاتىلىدىغان ئازىق ئىستراھەتگاھىغا يېتىپ كەلگەنىدى! ئۇ ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئەتراپقا، يىراققا نەزەر سالدى. قەلبى ھاياجان ئىلكىدە دولقۇنلاپ تۇرغان مەھمۇد قەشقەرى كۆزلىرىدىن ئۈنچىلەردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى زادىلا توختىتالماي قالدى. قەلب دېڭىزىدىن ئۆركەشلەپ تاشقان كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ نۇرانە چېھرىنى بويلاپ سىرغىپ ئېقىپ چۈشۈپ، ئاپئاق ساقىلىنى ھۆل قىلىپ تاشلىدى. ئۇ تۆۋەندە سوزۇلۇپ ياتقان پايانسىز ۋادىدىن ئىلماس نەزىرىنى ئۈزمەي ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىماقتا ئىدى:

— ئاھ، ۋەتەن، جەننەت ماكان! پەقەت سەنلا مەڭگۈ مەۋجۇدسەن! ساڭا ھۆكۈمرانلىق قىلدىم دېگەن نى - نى غالىبلار، نى - نى جاھانگىرلار ئۆتكەن لېكىن ئۇلار نەدە؟ تەھمۇرس، جەمشىد، زەھھاك ۋە ئىسكەندەر① گە ئوخشاش يەر يۈزىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەن ئۇلۇغ خاقانلار قېنى؟ ئۇلارنىڭ خاكى نەدە؟ بۇنى بىرەرمۇ تىرىك ئىنسان ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

① قەدىمكى ئىراندا ئۆتكەن ئەپسانىۋى پادىشاھلارنىڭ نامى.

ئۇلار دۇنيانى ئېلىپ نېمە قىلىشتى؟ نېمە بار بولغان بولسا ھەممىسىنى تاشلاپ قۇرۇق قول كېتىشتى. ئەنە ئۇلار ئىلگىرىمۇ، كېيىنمۇ ئىشقىلىپ بۇ دۇنيادىن ئاخىر كېتىشتىغۇ. لېكىن، بۇ ئەل، بۇ زېمىن ئەبەدىي قېلىۋەردى ھەم ئەبەدىدىلئەبەد قېلىۋېرىدۇ!

مەھمۇد قەشقەرى ھەزرىتى موللام تېغى ئۈستىدە تۇرۇپ پەستىكى ۋادىغا نەزەر سالدى. تۆۋەندە غەرب، شىمال ۋە جەنۇب ئۈچ تەرىپى ھەيۋەتلىك تاغلار ئاتىسى ئاقباش پامىر تاغلىرى بىلەن ئورالغان بۈيۈك قەشقەر ۋادىسى تۇتاش سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ تۈزلەڭلىكتە نەتاغ، نە چوققىلار يوق بولۇپ، خۇددى شامالمۇ، دولقۇنمۇ يوق كۆلنەردىكى دېڭىزغا ئوخشاش جىمجىت ئىدى. ۋادىدىكى ئېتىز - ئېرىقلار شۇنچىلىك رەتلىك ئىدىكى، گويا تەڭرى باغۋىنى زېمىندىكى دەل - دەرەخلەرنى ئۆلچەپ تەڭشەپ، ئېتىزلىقلارنىڭ يۈزىنى خۇددى ئەينەكتەك تاختىلاپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ھەيۋەتلىك گۈزەل مەنزىرە ئېچىنىشلىق بۇ پېشقەدەم ئالىمنىڭ قەلبىدە چەكسىز ھاياجان دولقۇنلىرىنى مەۋجلەندۈرمەي تۇرالمىدى. مۇشۇ تاپتا يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئىلىم - مەرىپەت يولىدا ئىزدىنىپ چەككەن سان - ساناقسىز رىيازەتلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مۇبادا، رەھىمسىز پەلەك ئۇنىڭغا مۇنداق تەتۈر باقمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ئالىقاچان ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دانا، مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان بولار ئىدى. ئەپسۇس . . . بىراق، تەقدىر - قىسمەت مەھمۇد قەشقەرىگە قاراخانىيلارنىڭ تەخت ساھىبلىق مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلمىغان بولسىمۇ ئەمما ئىلىم - مەرىپەت دۇنياسىنىڭ ساھىبكالانىلىق تاجىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئەبەدىلئەبەدكىچە كىيدۈرگەندى! بۇ تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان چاقچىقىمىدۇ - يا؟ ياق، بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى.

شۇنداق، تەقدىر ياشانغانلارغا قارىغاندا ياشلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن تۇتىدۇ! چۈنكى، ياشلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى جاھىل قېرىلاردىكى تەمەخورلۇقتا، ھېرىسمەنلىكتە ۋە ھەسەتخورلۇقتا قارىغاندا تەقدىرگە تېخىمۇ يېقىنراق تۇرىدۇ. ياش مەھمۇدتىكى ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان تەلپۈنۈش ئۇنىڭ تەخت - سەلتەنەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى بېسىپ چۈشەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە تەخت - سەلتەنەت، ئەمەل - مەنسەپ، دەرىجە - مەرتىۋە دېگەنلەر بۇ بەش كۈنلۈك ئۆتكۈنچى ئالەمنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان خەير - ئېھسانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى! بولمىسا، تەخت - سەلتەنەت، ئەمەل - مەنسەپ ۋە دەرىجە - مەرتىۋە دېگەنلەر بەزىدە ھاماقەتلەرنىڭ خانىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلاتتىمۇ؟! ئىلىم - مەرىپەتلا ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ئېرىشىش ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇشكۇل نەرسە. چۈنكى، ئىنسان ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، جاپا چېكىشى، تىرىشىشى لازىم! شۇڭا، ھەقىقىي ئىنساننىڭ قەلبى شۇنداق نەرسە ئىكەنكى، ئۇ ھەمىشە ئېرىشمەك قانچىكى قىيىن بولغان نەرسىگە ھەممىدىن بەكرەك تەلپۈنىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان توسالغۇ قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا شۇنچىكى قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ ۋە قۇربانلارنى بېرىشتىن قىلچىمۇ ئايانمايدۇ!

مەھمۇد قەشقەرى مۇشۇ ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان ئازىق ئىستراھەتگاھىدا دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، زېرەك، تىرىشچان ۋە ھەممىگە قىزىقىدىغان بولۇپ ئۆستى. ئۇنىڭ بىر جۈپ پاراسەتلىك كۆك كۆزلىرىدىن كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مەھمۇدنىڭ ئاتىسى شاھزادە ھۈسەيىن چاغرى تېگىن

خۇشخۇي ئەمما تەلەپچان بىر ئادەم ئىدى. ھۇسەيىن ئۇنىڭ ئەرەبچە ئىسمى، چاغرى تېگىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىدى. بۇ لاچىنئەك جەسۇر شاھزادە، دىگەنلىك بولاتتى. ئۇ ئوغلى مەھمۇدنى ياخشى كۆرەتتى. بالا تېخى كىچىكلىكىگە باقماي تولىمۇ ئەقىللىق، ئىدراكلىق ئىدى. بىر ۋاقىتلاردا شاھزادە ھۇسەيىن چاغرى تېگىن بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى.

كىچىك مەھمۇد ئازىقتىكى بەختلىك تۇرمۇشلىرىنى ئېسىدىن مەڭگۇ چىقارمايتتى. ياز كۈنلىرى ئۇلارنىڭ ئازىقتىكى فونتان ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان بۇ كەڭ، سالقىن، ھاۋالىق بېغىغا پات ـ پاتلا مېھمان يىغىپ كېتەتتى. بۇ مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا ياش قوراممى ھەر خىل ئالىم، باخشىلار، شائىر، نازىملەر، سازەندە ـ موغەننىيلەر، ھەربىي سەركەردىلەر بولاتتى. بۇلارنىڭ كۆپلىرى باشقا ئەللەردە بولغان بولۇپ، مەھمۇد ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ساياھەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايەتلىرىنى يېرىم كېچىگىچە قىزىقىپ تىڭشايتتى. بۇ ھېكايەتلەرنىڭ ئىچىدە بىر شامان باخشىسى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ئۇيغۇر ـ ئوغۇز خەلقى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن بىر ھېكايەت ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. بۇ ئاسماندىكى ئىلاھى ئوتنى ئوغرىلاپ زېمىندىكى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەن باتۇر ئوغلان ھەققىدىكى قەدىمكى بىر ئوغۇز مەسىلى ئىدى: «... ئادەمزات ئارىسىدا، — دەپ باشلىناتتى بۇ مەسەلدە، — ئەسلىدە ئوت يوق ئىكەن. ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەندە ئاسمان تەڭرىسى ئىلاھى لەشكەرلىرىنى باشلاپ يەر يۈزىگە چۈشىدىكەن ۋە شۇ يەردە ئىلاھى ئوت مۇراسىمى — نورۇز مۇراسىمىدىلا ئوتنىڭ ئىللىق تەپتىدىن بەھرە ئالالايدىكەن. كۆك تەڭرى نورۇز مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئاسماندىكى ئوردىسىغا قايتىدىغاندا، ھېلىقى ئىلاھى ئوتنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدىكەن.

شۇ چاغلاردا تەڭرىتاغلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئىسمىنى «غال» دەپ قويۇپتۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوت» دېگەنلىك بولىدىكەن. كۆك تەڭرى ئاسماندىكى ئوردىسىغا قايتىدىغان چاغدا، ئىلاھى ئوتقا قارىتىش ئۈچۈن ھېلىقى ئوغۇلنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئوغۇل يەر - يۈزىدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ، يۇرت - قاياشلىرىنىڭ ئوتسىز زۇلمەتلىك زېمىندا تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئويلىغىنىدا، خۇددى ئۆزى ساقلاۋاتقان ئىلاھى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئاسماندىكى ئىلاھى ئوتنى ئوغرىلاپ، يەر يۈزىدىكى ئاتا - ئانىسىنى، يۇرت - قاياشلىرىنى ۋە ئىنسانلارنى زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بوپتۇ ۋە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئىلاھى ئوتنى ئوغرىلاپ ئۇنى قاپاققا سېلىپ، ئادەملەرگە ئاپىرىپ بەرمەكچى بولغىنىدا، تەڭرى سېزىپ قېلىپ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قاپتۇ. ئۇ سېغىزخان بىلەن كالىنىڭ ياردىمىدە جېنى ئامان قېلىپ، كۆك تەڭرى تەرىپىدىن كۆكتىكى تاش تاراشلاش مەيدانىغا تاش چوقۇشقا پالىنىپتۇ. كۆكتەڭرى ئۇ چوقۇغان تاشلارنى يەر يۈزىگە توشۇتۇپ ئوردا - قەسىر سالدۇرىدىكەن. ھېلىقى ئوغۇل ئىلاھى ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى ئۆزى چوقۇغان ھەر بىر تاشنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئادەملەر ئارىسىغا ماڭغۇزۇۋېتىپتۇ ھەمدە سېغىزخان ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ئادەملەرگە: «تاشنىڭ ئىچىگە ئوت ئۇچقۇنى يوشۇرۇلغان» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئادەملەر ھېلىقى تاشلارنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئوت ئۇچقۇنىنى تېپىپ ئوتقا ئېرىشىپتۇ. ھېلىقى ئوغۇل بولسا كۆكتەڭرى تەرىپىدىن كۆكتىكى تاشلىقتا مەڭگۈ تاش چوقۇيدىغانغا بەند قىلىنىپتۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئاشۇ ئوغۇل چوقۇغان تاشلارنىڭ پارچىلىرىدىن بىنا بولغانىكەن...»

كىچىك مەھمۇد شامان باخشىسى ئېيتىپ بەرگەن بۇ ھېكايىنى يادلىۋالغانىدى ۋە ئۆزىنىمۇ كۆكتە تاش چوقۇشقا پالانغان ئاشۇ ئوغۇلدەك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالايدىغان كىشىلەردىن بولسام، دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

مەھمۇدلارنىڭ ئازىقتىكى بېغىغا كېلىدىغانلارنىڭ ئارىسىدا ئەرەب، پارس تىلىدا شېئىر - نەزمىلەر ئوقۇلاتتى. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا كەمدىن — كەم ئوقۇلاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەرەبچە نەزمىلەر پاساھەتلىك، پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار بولسا تەسىرلىك بولىدۇ؛ ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىر بولسا، قارا بۇدۇن تىلىدا يېزىلغان بولغاچقا، پاساھەتلىك ئەمەس، ئادەمنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ، دەپ قارىلاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەر بۇنداق قاراشقا قوشۇلمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە: «ئەرەبي ھەسەلەست، پارسي شېكەرەست بولسا، تۈركىي ھۈنەرەست» ئىدى. بۇ: «ئەرەب تىلى ھەسەلدەك شېرىن، پارس تىلى شېكەردەك تاتلىق بولسىمۇ، ھۈنەر - سەنئەت تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدىغان ئارتۇقچىلىققا ئىگە» دېگەنلىك بولاتتى. مەھمۇدنىڭ ئاتىسى شاھزادە ھۈسەيىن چاغرى تېگىنمۇ بۇ كۆزقاراشنى تولۇق قۇۋۋەتلەيتتى. «ئەرەب، پارس ئارغىماقلىرىنى ئۇيغۇر ئارغىماقلىرى بىلەن بەيگىگە سالسا، — دەيتتى ئۇ، — چوقۇم ئۇيغۇر ئارغىماقلىرى ئۆزۈپ چىققانغا ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىمۇ چوقۇم ئەرەب، پارس تىلىنى كەينىدە قالدۇرىدۇ!»

ئاتىسىنىڭ ئوبرازلىق سۆزلىرى كىچىككىنە مەھمۇدنىڭ مەسۇم قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ: «چوڭ بولسام، ئىلاھى ئوتنى ئاسماندىكى تەڭرى ئوردىسىدىن زېمىنغا چۈشۈرۈپ بەرگەن ئاشۇ باتۇر ئوغلاندەك، مەنمۇ ئۆز ئانا تىلىمنىڭ باشقا تىللاردىنمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چوقۇم چوڭ بىر نوم - بىتىك يېزىپ چىقىمەن» دەپ

ئىراده باغلىدى.
ئۇزاق ئۆتمەي شاھزاده ئاتىسى ئۇنى قاراخانىيلارنىڭ ئوردۇكەنتى — قەشقەردىكى مەشھۇر خانلىق مەدرىسە ساچىيە مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەردى. . .

كىچىك مەھمۇد مەدرىستىكى ئىلىم تەلەپكارلىرىنىڭ ئارىسىدا يېشى ئەڭ ئىچىكلىرىدىن ئىدى. ئەمما، ياشتا بولغان بۇ پەرق ئۇنىڭ ئىپسىگە كىرىپمۇ چىقمايتتى. ئۇ ئەتىگەندە ئوردىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا، قاراڭغۇراق، سالقىن مەدرىسكە كېلەتتى. بۇلۇڭلاردا ئىلىپبەنى ئارانلا ئوقۇيالايدىغان ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار قاتتىق تىرىشقانلىقتىن پۇشۇلدىشىپ، موللىسىنىڭ كەينىدىن ئەرەبچە ھەرپلەرنى ھەجىلەپ ئاران ئوقۇشاتتى. ئەمما، مەھمۇد ئۆزىنىڭ كىچىك بولغىنىغا قارىماستىن، چوڭ ياشتىكى باللار بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ قۇرئاننىڭ بەزى پارىلىرىدىكى يېنىك جۇملىلەرنى تەمتىرىمەستىن ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغانىدى. «گەرچە ئۇ ئېسىلزادىلىك ۋە ئاقسۆڭەكلىك دەۋاسىنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ باللىرىدىن بولسىمۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ تۇغرۇلۇق موللىسى، — ئاتا - ئانىلىرى قاتتىق تەلەپ قويۇپ پەرزەنتلىرىنىڭ ئېسىل خۇلقى ۋە تەربىيىسىگە قانچە كۆڭۈل بۆلسىمۇ، كىچىك بالا دېگەن بەربىر باللىقىنى قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ بىلىم ئالالايدۇ! . . .»
ۋاقىت ئەڭ ياخشى ھاكىم. كۈنلەر ئۆتتى. مەھمۇد ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ساۋىقى بىلەن بەند ئىدى. ئۇزاققا بارماي، ئۇ قۇرئاننى يادقا قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدىغان بولدى ۋە تۆۋەن يىللىقتىكى مەكتەپ بىلىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئاللىرى بىلەن موللىسىنىڭ

بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە، مەدرىستە ئەرەب تىلى، مەنتىق، شەرىئەت، فىقھشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىق، ئىلمى نۇجۇم، ئىلمى رىيازەت، ئالگېبرا، مۇھەندىسە، شېئىرىيەت، گرامماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى دەرس قىلىپ ئۆتسىمۇ ئەمما مەھمۇد ئانا تىلىنى مۇتائىلە قىلىشنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بىلىمى ئاشقانسېرى، ئانا تىل ئالدىدا باشقا تىللار خۇددى قىيا ئۈچۈق ئىشىكتىن ئاقىرىپ كېلىۋاتقان ئاسماننىڭ بىر بۆلۈكى كۆرۈنۈپ، ئەمدىلەتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، كونا ئايىنى بارغانسېرى خىرەلەشتۈرۈۋاتقاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقاندى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىكى ئانا تىلىغا بولغان ھەۋەس ـ ئىشتىياقمۇ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇيغۇر تىلى بارغانسېرى ئەرەب، پارس تىللىرى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىۋاتقان ئۇيغۇر قاراخانىيلار مۇھىتىدا، ئۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ پاكلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بەل باغلىدى. . .

ئەمما كاج پەلەك، تەتۈر قىسمەت ئۇنىڭغا ساچىيە مەدرىسىدە داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىنى بەرمىدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، قاراخانىيلار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قانلىق تەخت ماجىراسىدا ئۇنىڭ ئاتىسى، شاھزادە ھۈسەيىن چاغرى تېگىن ۋە بوۋىسى ئارسلان خان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ قاراخانلار زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. دۈشمەنلىرى بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن، يۈسۈپ خاندانىنىڭ ئۇرۇقىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن، جىنايەتكار قوللىرىنى ئازىققا سوزۇشتى. ئۇلار ئوپالنى قانغا بويىغاندا، پۈتۈن ئازىق ئىستراھەتگاھىمۇ ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، ۋەيران قىلىپ تاشلانغانىدى.

ياش شاھزادە، ئىلىم تەلەپكارى مەھمۇد ئۆز خاندانىدىن شۇ

قېتىملىق قىرغىندىن ئامان قالغان ساناقلىق ئادەملەر بىلەن بىللە بىر كېچىدە ئازنىقتىن قېچىپ چىقىشتى. . .

مەھمۇد قاراخانىيلارنىڭ ئوردۇ كەنتى بولغان قەشقەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن باغراش - يۇلتۇز ھاۋزىلىرىنى، تۈرك - ئوغۇز سەھرالىرىنى، ئىلى - مىڭلاق ۋادىلىرىنى كەزدى. يەتتىسۇ جاڭگاللىرىنى ئارىلىدى. ماۋرائۇننەھرىنى كېزىپ چىقتى. ئۇ «تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياغ كېزىپ چىقتى. تۈرك، تۈركمەن، چىگىل، ياغما، قىرغىز سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلىنى ئۆزىنىڭ دىلىغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ئۇنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتى.» ئۆسمۈرلۈك ۋە ياش ۋاقتىدىكى ئىرادىسى بويىچە، ئۇ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تونۇتۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شۆھرىتىنى پۈتۈن دۇنياغا يېيىش ئۈچۈن، بۇخارا، سەمەرقەند، مەرۋى، نىشاپۇر. . . قاتارلىق مەشھۇر ئىلىم - مەرىپەت مەركەزلىرىدىكى ھەر قايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەلەپكارلىرىغا ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈپ «قەشقەرلىق مەھمۇد» دەپ ئاتاق قازاندى.

ھىجرىيە تۆتيۈز ئاتمىش بىرىنچى يىلى(توخۇ يىلى)①، مەھمۇد قەشقەرى ئاخىر ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى، مەشھۇر ئىلىم - مەرىپەت ماكانى بولغان باغدادقا

---

① مىلادى 1068 -، 1069 - يىلى.

يېتىپ باردى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن ئەبەدىي يادىكارلىق، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق قالدۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆزىنىڭ ئونبەش يىللىق قان ـ تەرلىرى ئەجرىگە «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» دەپ نام قويغان غايەت زور تۈركىي تىللىرى قامۇسىنى يېزىپ پۈتتۈردى. تاكى ھىجرىيە تۆتيۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلىغىچە[1] بۇ كىتابنى تۆت قېتىم قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ، پۇختا تەھرىرلەپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن بۇ كىتابنى ئاببىاسىيلار خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلدى.

مەھمۇد قەشقەرى باغدادقا بارغان چاغلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەلچۇقىيلار سۇلالىسىدە مەلىكشاھ تەختتە ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى تۈركان خاتۇن ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئارسلان خانى تاۋغاچ ئىبراھىم بۇغرا قاراخاننىڭ قىزى ئىدى. شۇ چاغلاردا مۇلكىي تۈركىستان ۋىلايەتلىرىدە ۋالىيلىق قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپلىرى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. شۇڭا، ئاببىاسىيلار سۇلالىسىدە تۈركىي قوۋملەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ئەرەب دۇنياسىدىكىلەرگە ئۇيغۇر تىلىنى (خاقانىيە تىلىنى) ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ھالبۇكى، باغداد ئەرەب دۇنياسى بىلەن مۇلكىي تۈركىستاندا ياشايدىغان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى يازغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دېگەن كىتابقا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنى، مەدەنىي ھاياتىنى، كۈرەش پائالىيىتىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىنچىكە ئەتراپلىق بايان قىلىدىغان جەمئىي يەتتە مىڭ بەشيۈز

[1] مىلادى 1074 ـ، 1075 ـ يىلى

سۆزلۈك، ئىككى يۈز يىگىرمە تۆت كۇپلېت شېئىر ـ قوشاق ۋە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ سۆزلۈك، شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تىل ـ يېزىق، ئىرق تارىخى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئاسترونومىيىسى، جۇغراپىيىسى، يېزا ئىگىلىكى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، تېبابەتچىلىكى ۋە شۇنىڭدەك سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە مول مەلۇماتلار بېرىلگەن! بۇ دۇنيا بويىچە ئەرەب تىلىدا تۇنجى قېتىم تۈزۈلگەن شانلىق قامۇس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ئاتا ـ بوۋىلىرى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان مول مەدەنىيەت مىراسى ئىدى! شۇنداقلا، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنى تارىخىي تىل ۋاستىسى بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن ئۆچمەس تارىخىي ھۆججەت ئىدى!

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك مەلۇمات بەرسەك كۇپايە قىلىدۇ. ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە قايتايلۇق.

* * *

سەئىدىيە مەملىكىتىدە سۇلتان مۇسۇلمان، مەۋكەب مۇسۇلمان، پۇقرالارمۇ مۇسۇلمان ئىدى. ئىسلام دىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تۇرمۇشىدا ھۆكۈمران ئورنىدا تۇراتتى. دەھرىي ھاكىمىيەت سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىيغا ئارىلىششىمۇ ئېغىرلاشتى. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىدەك ھاكىمىيەت دىن

بىرلەشتۈرۈلگەن خەلىپىلىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، سەئىدىيە سەلتەنىتى مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا سىياسىي بىلەن دىنىي بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىدىن، دىن ئوردىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايتتى. دىندارلارنىڭ سەئىدىيە مەملىكىتىدىكى ئاساسلىق رولى — ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ نورمال ئىجتىمائىي تۈرمۇش، پۇقرالارنىڭ ئىش ئوقەت ۋە ئىلىم - مەرىپەت تەھسىل قىلىش تەرتىپلىرىنى ساقلىشىغا، ھەربىي قوشۇن ۋە باج سېلىق، شەرىئەت قاتارلىقلارنى ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىش ئىدى. شۇ زامانلاردا، سەئىدىيە سەلتەنىتى دىن بىلەن سىياسىينى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشتا چىڭ تۇرغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت - مائارىپ تۈزۈلمىسى بىلەن دىنىي تۈزۈلمىسى تەشكىل، ئورۇن ۋە تۈزۈم جەھەتلەردىن بىر - بىرىگە قەتئىي بېقىنمىغان، ئارىلاشمىغان، ھەر قايسىسى ئۆز مۇددىئا لىنىيىلىرى، كەسپىي پەرقلىرى، مۇرات - مەقسەتلىرى يولىدا قۇرۇلغان مۇستەقىل مۇئەسسەسىلەر بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدىكى سەئىدىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىي 2263 ئورۇندا ھەر دەرىجىلىك مەكتەپ - مەدرىسە، 1533 ئورۇندا مەسچىت - خانىقا ئەھيا قىلىنغانىدى. مەكتەپ مەدرىسە مەسچىت - خانىقالاردىن 730 ى ئارتۇق ئىدى. شۇ چاغدا پۈتۈن سەئىدىيە مەملىكىتىدە 3784 مەمۇرىي مەھەللە - كەنت بولغان. بۇ مەھەللە - كەنتلەرنىڭ ھەر بەشىدە تۆتتىن ھەر دەرىجىلىك مەكتەپخانا ياكى مەدرىسە، ھەر ئىككىسىدە بىردىن مەسچىت ياكى خانىقا بولغان، بۇ سان خان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا مەنسۇپ

بولۇپ، باشقا غەيرىي دىندىكى سەئىدىيە پۇقرالىرى ئۈچۈن ئىچىپ بېرىلگەن مەكتەپخانىلار بولسا بۇ سانىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، غەيرىي دىندىكى سەئىدىيە پۇقرالىرىنىڭ بۇتخانا ۋە ئىبادەتخانىلىرىنىڭ سانىغا قوشۇپ قويۇلغانىدى.

ھىجرىيە 951 - يىلى (يىلان يىلى)[1] يېزىلغان «تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان» دېگەن رىسالىدە بۇ ھەقتە يېزىلغان بىر «يادنامە» مۇئەللىپىنىڭ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى قارىشىغا تولۇق ئىسپات بولالايدۇ: «. . . شەھەرنىڭ دەرۋازىسى سەئىدىيە مەملىكىتىدە شۇ چاغدا ئوتتۇز ئالتە، ھىندىمانلارنىڭ مەھەللىسى سەكسەن بەش، مەھەللە مەسچىتى بەش يۈز سەكسەن بەش، ھاممام تۆت يۈز ئوتتۇز يەتتە، باقىندى مەھەللىسى ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن تۆت، مەكتەپخانا بىر مىڭ ئالتە يۈز توقسان، ئۆتىدىغان كوچا، يەر بىر مىڭ بەش يۈز سەكسەن تۆت، مەدرىسە بەش يۈز يەتمىش ئۈچ، خانىقا توققۇز يۈز قىرىق سەككىز، كۆل سەككىز يۈز ئوتتۇز بەش، ئاقابە ئېرىق ئالتە يۈز ئون سەككىز، كوچا - گۇزەر تۆت يۈز يىگىرمە تۆت، كارۋان - ساراي بىر مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە، تۈگمەن توققۇز يۈز توقسان ئىككى، ئېرىق - ئۆستەڭ بىر مىڭ بەشيۈز يىگىرمە بەش، جوھۇتلارنىڭ قەبىلىسى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش تۆت، بازار بىر يۈز توقسان سەككىز، بۇلاق بىر يۈز ئاتمىش ئۈچ، لەڭگەر - ئۆتەڭ ئالتەمىڭ توققۇز يۈز سەكسەن بەش، ئاھاڭگەرلىك مىتالپۇرۇچلۇق دۇكان بىر مىڭ بەش يۈز ئاتمىش تۆت، رۇشتەگەرلىك (توقۇمىچىلىق) ئورنى ئالتە يۈز قىرىق بىر، سودا - سېتىق قىلىدىغان دۇكان سەككىز يۈز سەكسەن توققۇز، بۆز توقۇيدىغان يەر بەش يۈز يەتمىش توققۇز، موزدۇزلۇق ئورنى ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك،

---

[1] مىلادى 1544 -، 1545 - يىلى.

تۇماق ساتىدىغان دۇكان بىر مىڭ يەتمىش بەش، ناۋايلىق دۇكىنى سەككىز مىڭ يەتتە يۈز توقسان توققۇز، ئاشپەزلىك دۇكىنى ئالتە يۈز قىرىق، باققالچىلىق دۇكىنى بىر يۈز ئون ئىككى، سامبۇ ساخانا يەتمىش ئۈچ، ئاشخانا بەش مىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش تۆت، مەقپىزارلىق (زاراتگاھلىق) بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە، قىمارخانا يەتتە يۈز سەكسەن، مەيخانە توققۇز يۈز يىگىرمە ئۈچ، بوزخانا ئۈچ يۈز ئون ئالتە، لولەخانا (پاھىشىخانا) يەتمىش توققۇز، جوھۇتلارنىڭ بۇتخانىسى يەتتە يۈز قىــــرىق بەش، تەرسالارنىڭ بۇتخانىسى ئالتە يۈز ئاتمىش ئۈچ، يەھۇدىيلەرنىڭ بۇتخانىسى بەش يۈز قىرىق ئالتە، مۇلتانلارنىڭ بۇتخانىســـى سەكسەن سەككىز، ھىندىلارنىڭ بۇتخانىسى ئۈچ يۈز ئەللىك يەتتە بولۇر ئىكەنلەر دەپ، ھەر قايىسىنى ئۆز دەپتىرىدە شۇنداق پۈتكەن ئىكەنلەر، بىــزلەر ھەم شۇڭا قاراپ پۈتۈپ قويدۇق، ۋەللەھۇئەللەم بىسۋاپ، سىنە (ھىجرىيە) بىر مىـــڭ ئوتتۇز ئالتىنچى يىلى.»①

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مۇئەللىپ شۇ زاماندىكى سەئىدىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن ئىــجتىـــمائىـــي مۇلازىمەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل تىزىملىكى بولغان بۇ قىممەتلىك يازما يادنامە ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرنى بېرىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتى.

---

① «تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان» مىلادى 1544 ــ، 1545 ــ يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان رىسالە بولۇپ، مىلادى 1626 ــ، 1627 ــ يىللىرى ئارىلىقىدا يەنى سۇلتان ئابدۇلەتىپ خان زامانىدا مۇھەممەت نىياز ئاخۇن دېگەن كاتىپ تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قەغىزى پاتلىق يەرلىك قىلىن سۈت قەغەز بولۇپ، ۋارىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5. 36 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر، قومۇش قەلەم بىلەن 18 قۇر قىلىپ چاغاتاي ھۆكۈمەت خەتچىلىكى ئۇسلۇبىدا كۆچۈرۈلگەن. ۋاراقلىرىنىڭ بېشىدىكى ئەرەبچە «3» دېگەن سىپىرگە قارىغاندا بۇ ۋاراق ئەسلى كۆچۈرۈلمىسىنىڭ ئاخىرقى قوشۇمچە ۋاراقلىرىنىڭ داۋامىنىڭ بىر ۋارىقى بولۇش مۇمكىن. كاتىپنىڭ ئىسمى «يادنامە» ۋارىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىپ قويۇلغان ئۇزۇك (يۈزلۈك) تامغىـــدا كۆرۈلىدۇ. «تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان» يەنى مۇشۇ ۋاراق بويىچە بۆلۈنگەن ئەسلى قولىيازما كىتاب مىلادى 1952 ــ يىلىغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى مۇھەممەت ئېلىخان خوجائائىلىسىدە ساقلانغان. مىلادى 1956 ــ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نىڭ 1988 ــ يىل 1 ــ سانىغا بېسىلغان ئالاقىدار ماتېرىياللارغا قارالسۇن.

مەزكۇر «يادنامە» دە تىلغان ئېلىنغان «شەھەرنىڭ توقسان ئالتە دەرۋازىسى» — سەئىدىيە مەملىكىتىدىكى توققۇز چوڭ شەھەرنى كۆرسىتەتتى. بۇ شەھەرلەر: يەكەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، پەرغانە، بەدەخشان ۋە كەشمىرنىڭ پايتەختى راجىدان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ زېمىنى بولغان ئورساڭ (ھازىرقى تىبەت رايونى) دا شەھەر بولۇپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ ساننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەنىدى؛ «ھىندىمانلار مەھەللىسى» — شۇ زامانلاردا كەشمىر، بەدەخشان ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ھىندىلار، ھىندى تىلىدا سۆزلىشىدىغان براخمانلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنى كۆرسىتەتتى؛ «جوھۇتلار مەھەللىسى» — شۇ زامانلاردا سەئىدىيە مەملىكىتى چېگرىسى ئىچىدىكى پەرغانە، ئىسسىق كۆل، بەدەخشان، ۋاھان، كەشمىر ھەتتا مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئولتۇراقلاشقان نىسارالارنى كۆرسىتەتتى؛ «باقىندى مەھەللە» — كەڭ ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنى كۆرسىتەتتى؛ «تەرسالار» — شۇ زامانلاردا چەرچەن، ئالتۇنتاغ، ماڭلاي سۆيەر، تىمبۇلاق، ئاقسايچىن، سەيدام، كۆكشىلتاغ تىزمىلىرى، لوپنۇر، باينبۇلاق، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى، سېرىق ئۇيغۇرلارنى ۋە موغۇل ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار شۇ چاغلاردا تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمەي ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «تەرسالار» دەپ ئاتالغانىدى.

بىز مەزكۇر «يادنامە» توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك ئىزاھ بېرىپ ئۆتسەك كۇپايە قىلىدۇ.

*　　　*　　　*

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە قايتىپ

كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەملىكەتنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى قازاق، قىرغىز ئۇلۇسلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، شەرقتىكى باي ئۆلكە — ئاقسۇغا بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قانغا بويىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى.

توشقان دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان ئاقسۇ شەھىرى شۇ چاغلاردا ئۆزىنىڭ سودىسى، ھۈنەر ـ كەسىپلىرى بىلەن ئەتراپقا داڭلىق بولغان ئاۋات، باياشات چوڭ بىر شەھەر ئىدى. بۇ چاغدا ئاقسۇدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى، 13 ياشلىق شاھزادە ئابدۇلەتىپ سۇلتان نايىب ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ كىچىك بولغىنىغا قارىماي، يۈرەكلىك، باتۇر، ئەقىللىق بىر شاھزادە ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇ ئاقسۇنى شۇنداق ياخشى باشقۇردىكى، «توپىلاڭچىلارنىڭ موغۇلىستاندا تۇرارغا تاقىتى قالمىغانىدى.» مەملىكەتنىڭ شىمالىدىكى ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدا كۆچمەنچى چارۋىچى ئۇلۇس قازاق، شەئىبان ۋە قىرغىزلار سۇلتان سەئىدخاننىڭ زامانىدىن تارتىپ، بۇ يەرلەرگە ئوڭايلىقچە باستۇرۇپ كىرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

سەئىدىيە مەملىكىتى سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارنىڭ ئوتتۇز ـ قىرىق يىلدەك تۈجۈپىلەپ ئىدارە قىلىشى ئارقىسىدا كۈچىيىپ، خەلقى باياشات، تۇرمۇشى پاراۋان باي بىر مەملىكەتكە ئايلانغانىدى. ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق بۇلاڭچىلىقنى ئادەت قىلغان بۇ كۆچمەنچى ئۇلۇسلارنىڭ كۆزىنى قىزارتتى، قازاق خانى ھەقنەزەر خان بىلەن قىرغىز خانى نەۋرۇز ئەھمەت خانلار تىل بىرىكتۈرۈپ، موشۇلتان چېگرىسىدىكى بۇ باياشات ئۆلكىگە باستۇرۇپ كەلدى.

دۈشمەن قوشۇنى ئەتراپى قېلىن، ئېگىز تاملار بىلەن ئېھاتە قىلىنغان ئاقسۇ شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، سەئىدىيە قوشۇنلىرى بىلەن شەھەر ئاھالىسى شاھزادە ئابدۇلەتىپ سۇلتاننىڭ باشچىلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ

ئامانلىقىنى باتۇرلۇق بىلەن مۇداپىئە قىلىشتى. بىراق، تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئۆلكە - ئايماقلارغا باسقىن قىلىپ، سان - ساناقسىز ئاۋات شەھەر - ئاۋۇدانلارنى ۋەيران قىلىپ «تۈركىستان جاڭگىلىنىڭ شىرلىرى» دەپ نام ئالغان بۇ ۋەھشىي ياۋايى بۇلاڭچىلارنىڭ قارا بورانىدەك قىلغان دەھشەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا يالغۇز شەھەر بولغان ئاقسۇ ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمىدى. مۇداپىئەچىلەرنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ بېسىپ كەلگەن بۇ ئاپەت دولقۇنى شەھەرنى خانىۋەيران قىلىپ تاشلاپ، ئاھالىنى بۇلاپ - تالىدى، قارشىلىق كۆرسەتكەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنى ياۋۇزلارچە قىلىچلاپ تاشلاشتى.

ئاقسۇنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىدا ئابدۇلەتىپ سۇلتانىنىڭ چىنداۋۇل[1] قىسمى بولغان يىلقىچى قوۋمى[2] دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. قازاق، قىرغىز بىرلەشمە قوشۇنى ئاقسۇ نايىبى شاھزادە ئابدۇلەتىپ سۇلتاننى ئەسىر ئېلىپ، ئاقسۇنى بۇلاپ - تالىغاندىن كېيىن ئىسسىق كۆل بويىغا قېچىپ كېتىشتى...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەمرۇل ئۇمەرا، بەگ - بىگاتلىرىنى چاقىرىپ، جەڭگە ھازىرلىنىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتە لەشكەر توپلاش، قورال - ياراغلارنى كۆپەيتىش، ھەقنەزەرخان ۋە نەۋرۇز ئەھمەت خاننىڭ كۈچلىرى بىلەن قەيەردە قانداق ئۇچرىشىش ھەققىدىكى مەسىلىلەر قارار قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن سەئىدىيە قوشۇنلىرى مەملىكەتنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا بېسىپ كىرگەن بۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جىددى ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ئەمرۇل ئۆمەرا جەببار بەردى دوغلاتنى ئەمىر كىبىر قىلىپ تەيىنلىدى.

---

① چىنداۋۇل — مۇھاپىزەتچى قىسىم.
② بەزى مەنبەلەردە: «بىلىقچى ئايمىقى» دەپمۇ ئېلىنغان.

ئۇ ئۆز ئۆمرىدە كۆپ جەڭلەرنى كۆرگەن، يېشىنىڭ ئۇلغىيىپ قالغانلىقىغا قارىماي باھادىرلىق بوي ـ تۇرقىنى ساقلاپ قالغان ئاددىي، قوپال، ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە قانداقتۇر مەقسەتكە يەتمىگۈچە زادى توختىمايدىغان تەلۋىلىككە ئوخشاش بىر تۇرلۇك سۇپەت ئىپادىلىنىپ تۇرسىمۇ، بۇ خۇيى خۇددى ئۇچتەك ئاقارغان چىرايلىق ساقىلىدەك ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشىپ تۇراتتى. ئۇ باتۇرلۇقىنىڭ كامالىغا يەتكەن ياش قىرانلىق مەزگىلىدىن تارتىپلا گوياكى ئويۇن ـ تاماشىغا ئەگەشكەندەك، مەرھۇم خان سۇلتان سەئىدخاننىڭ كەينىدىن جەڭلەرگە ئەگىشىپ بېرىپ يۈرگەن، ئات سېلىپ قىلىچ چېپىشقان، دەھشەتلىك، قانلىق جەڭ ھاۋاسىدا ئۇستىخىنى قاتقان پېشقەدەم سەركەردە ئىدى.

مىلادى 1546 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدىكى يىگىرمە مىڭ كىشىلىك سەئىدىيە قوشۇنى قازاق خانى ھەقنەزەر خان بىلەن قىرغىز خانى نەۋرۇز ئەھمەت خاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ ئىسسىق كۆل بويىدىكى دۈشمەنلەر ئورۇنلاشقان قاراتوقاي دېگەن يەرنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان ئىمىل دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. سۇلتاننىڭ پەرمانى بويىچە ئەتراپقا كۈچلۈك قاراۋۇللار قويۇلدى. دۈشمەن كۈچلىرىنى تەكشۈرۈپ بىلىش ئۈچۈن ئەتراپقا ئايغاقچىلار ئەۋەتىلدى. قوشۇن مۇھىم يۈنىلىشلەرگە يۇزلەرچە ھارۋىلارنى قاتار تىزىپ يوغان زەنجىرلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلىدى. بۇ ھارۋىلارنىڭ پاناھىدا دۈشمەن ئاتلىقلىرىنى ئوققا تۇتۇش ئۈچۈن پىيادە مەرگەنلەر تۇرغۇزۇلدى. لەشكەرلەر ئۆز ئاتلىرىنىڭ جابدۇقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قورال ـ ياراغلىرىنى تەقلەشكە باشلىدى. بۇيرۇق بويىچە تاڭ ئاتقاندا دۈشمەنگە قارشى بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن لەشكەرلەر ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىشكەن ھالدا چىرىنغار، بىرىنغار

سەپ بولۇشۇپ ئەمىر كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

دەھشەتلىك جەڭ تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ باشلاندى! ھۇجۇمغا ئۆتكەن سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قالپىقىغا قادالغان تاج بەلگىسىنىڭ ئالتۇن بەرگىلىرى ئەتىگەنلىك كۈن نۇرىدا ئوت يالقۇندەك يانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قول شىلتىشى بىلەن سەئىدىيە ئاتلىقلىرى دۈشمەننىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرىغا قاپلاندەك ئېتىلدى. سان - ساناقسىز ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئاسمانغا پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توپا ئارىسىدا جەڭ تازا قايىندى. دۈشمەن ئاتلىقلىرى سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئوڭ ياقتىن ئېتىلىپ كېلىشكەن بولسىمۇ لېكىن ھارۋىلارنىڭ كەينىدىكى مەرگەنلەرنىڭ شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەستىن، نۇرغۇن ئۆلۈكلەرنى قالدۇرۇشۇپ، كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشتى!

بۇ چاغدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقان ئەمىر كىبىر جەببار بەردى دوغلات قىسقا ئەمما كەسكىن بۇيرۇق بېرىپ قولىنى شىلتىۋىدى، يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى دەرھال ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ دۈشمەن ئاتلىقلىرىنى يان تەرەپتىن جىددىي ئوققا تۇتۇشتى.

ھەقنەزەرخانلارنىڭ قوشۇنى سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان سان - ساناقسىز سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى زادىلا توسالماي، ئارقىسىغا چېكىنىپ سىلجىشقا باشلىدى. بىراق، ئۇلار پۇرسەت بولسىلا، ئالدىغا قاراپ يەنە ئېتىلىپ باقاتتى. لېكىن، قازاق - قىرغىز لەشكەرلىرىدىن ئازلا بىر قىسمى ئۇلارغا ئەگىشىپ، قالغان كۆپ قىسمى خۇددى ئۇۋۇسى چۇۋۇۋېتىلگەن چاشقاندەك تەرتىپسىز پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى.

قازاق خانى ھەقنەزەرخان بىلەن قىرغىز خانى نەۋرۇز

ئەھمەت خانلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرگەن بولسىمۇ، ئارقىسىغا چېكىنىپ، يەنە مۇداپىئە چارىلىرىنى كۆردى. قالغان ـ قۇتقان ئازغىنا چېرىكلىرى بىلەن جەڭ قىلا ـ جەڭ قىلا كەينىگە چېكىنىپ ماڭغان نەۋرۇز ئەھمەت خان قازاق خانى ھەقنەزەرخانغا ئازراق بولسىمۇ دالدا بولدى. بىراق، بۇ چاغدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى تېخىمۇ كۈچەيدى. سەئىدىيە لەشكەرلىرى گويا بىر ئەشەددىي دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك، ھېچبىر توختىماستىن ئالغا بېسىپ كېلىپ دۈشمەنلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلىشماقتا ئىدى.

ھەقنەزەر خاننىڭ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن كىشىلىرى ئات چېپىپ كېلىپ «ھازىر قاچماق كېرەك. دۈشمەن سىزنى ئەسىر ئېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ھەقنەزەر خانمۇ ئۆز سېپىگە قارا بوراندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان سەئىدىيە لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى تەستىقلىدى ۋە دەرھال تاغ تەرەپتىكى قارا توقايغا قاراپ چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

تىرىپىرەن بولغان قازاق، قىرغىز قوشۇنلىرى قارا توقايغا كەچقۇرۇن مەھەلدە ئاران يېتىپ كېلىشتى. ھەقنەزەر خانلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ بىر ئارچىزارلىق ئىچىدە چۈشكۈن قىلىشتى.

ھەقنەزەرخان دەرھال ئاقسۇ نايىبى شاھزادە ئابدۇلەتىپ سۇلتاننى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. نەۋرۇز ئەھمەت خاننىڭ نۆكەرلىرى قوللىرى ئارقىسىغا قايرىپ باغلانغان ئۆسمۈر ئەسىرنى توپتوغرا ھەقنەزەرخاننىڭ ئالدىغا ئېتتىرىپ ئېلىپ كېلىشتى. ياش ئەسىر بوككىدە ئۆسكەن ئارچىزارلىق ئىچىدە شىرداق ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇشقان قازاق خانى ھەقنەزەرخان ۋە قىرغىز خانى نەۋرۇز ئەھمەت خانغا

قاپاقلىرىنى تۈرۈپ سالقىن نەزەر بىلەن قارىدى. ياش شاھزادىنىڭ چىرايىدا شىجائەت ۋە قورقۇمسىزلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ھە سۇلتان جانابلىرى، بىزدىن بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلەمسەن؟ — دېدى ھەقنەزەرخان تەنە قىلىپ.

— سەندەك باسقۇنچىدىن رەھىم - شەپقەت تىلەمدىمەن؟! — دەپ تەئەددى قىلدى ئاقسۇ نايىبى شاھزادە ئابدۇلەتىپ سۇلتان چاچقاپ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ، — سەئىدىيە سەلتەنىتىگە قۇللۇق بىلدۈرگەن سەندەك بىۋاپا ئادەمگە تېز پۈكۈشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىمەن!

— ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما! — دەپ دوق قىلدى قازاق خانى ھەقنەزەرخان ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ، — سەن مېنىڭ قولۇمدىكى تۇتقۇندۇرسەن! مۇبادا مېنىڭ ئالدىمدا تىزلىنىپ يەر سۆيۈپ گۇناھىڭنى تىلىسەڭ، سېنى ھايات قالدۇرۇشۇم مۇمكىن!

— مەن ئۇلۇغ سۇلتان سەئىدخاننىڭ نەۋرىسىدۇرمەن! — دېدى بالا ئاچچىقىدا، — دۈشمەن ئالدىدا تىز پۈكۈش بىز سەئىدىيلەرگە ياتتۇر!

— كىمگە ئېيتىۋاتىسەن بۇ سۆزۈڭنى؟! — دەپ قەھر قىلدى ھەقنەزەرخان، — سىلەر موغۇللار تارىختىن بۇيان جۇجى[1]ئەۋلادى بولغان بىز قازاقلار بىلەن شەيبانىيلەرگە يېڭىلىپ كېتىۋاتىسىلەر!...

— ساڭا، سېنىڭدەك نومۇسسىز بىقارارغا ئېيتىۋاتىمەن! — دېدى ياش شاھزادە ئابدۇلەتىپ سۇلتان ئەلەم ۋە ھەسرەت بىلەن، — بىز سەئىدىيلەر ئەسلىدە سەنلەرگە يايلاق، سۇ، ئوزۇق - تۈز بەرگەن ئۇلۇغۇڭلار ئىدۇق. ئەمما،

[1] جۇجى - چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ نامى.

سەنلەر بىقارار بولغانلىقىڭلاردىن ئىشىمىزنى يەپ، قازىنىمىزنى چىقىپ، تۇزىمىزنى يەپ، بىزگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشتۈڭ! يەنە بۇنىڭدىن ئارتۇق گۇناھ بولامدۇ!؟

ئەتراپىنى قورشاپ تۇرۇشقان بەزى قىرغىز نۆكەرلىرى ياش شاھزادىگە قايىل بولۇشتى ھەم ئۇنىڭغا سەمىمىي كۆيۈنۈش ۋە ئىچىنىش نەزەرى بىلەن قاراشتى. بىرمۇنچىلىرى ھەتتا بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، باشلىرىنى ئىرغىتىپ قويۇشتى.

قازاق خانى ھەقنەزەرخان خىجالەت بولغىنىدىن شىرداق ئۈستىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە يېنىدىكى بىر قازاق سەردارىغا ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، نېرى كەتتى.

بۇ چاغدا قىرغىز خانى نەۋرۇز ئەھمەت خانمۇ بۇ ياش مەردانە ئەسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يىگىتتەك ھەق گەپ قىلدىڭىز، شاھزادەم، مەن سىزنى ھەقنەزەرخاندىن تىلىۋالىمەن. خاتىرجەم بولغايسىز! — دېدى ۋە نۆكەرلىرىگە ئۇنىڭ قوللىرىنى بوشىتىپ، ئىچىش ئۈچۈن سۇ كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئاندىن ھەقنەزەرخاننىڭ قېشىغا ماڭدى.

نەۋرۇز خاننىڭ كەتكىنىنى كۆرگەن ھېلىقى سەردار دەرھال ئېتىلىپ كەلگىنىچە ياش شاھزادە ئابدۇلەتىپ سۇلتاننى بىر تېپىپلا يەرگە يىقىتتى ۋە:

— شاھزادە، ھازىر سەن توپتوغرا تەڭرىنىڭ ئالدىغا بارۇرسەن! — دېدى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

— نومۇسسىزلار، ۋىجدانسىزلار، مېنى قويۇپ بېرىشكە تېخى ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا نەۋرۇز ئەھمەتخان ماقۇل بولغانغۇ؟ — دەپ بوشىنىشقا تىپچەكلەپ ۋارقىرىدى بالا، — كىمنىڭ پەرمانى بۇ؟ ئاتام سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قەھر - غەزىپىدىن قورقماسىلەر! قويۇۋەت مېنى، ھەممىڭ يوقىلىش!

— نەۋرۇز ئەھمەت خان بىلەن ھەقنەزەر خاننىڭ پەرمانى بويىچە سېنى ئۆلتۈرمەكچىمىز! — دېدى ھېلىقى سەردار

خىرقىراپ تۇرۇپ.

— لەۋزە قىلىپ تۇرۇپ، يېنىۋالسا بولامدۇ؟ ئىنساپسىز بەتبەخت نەۋرۇز ئەھمەتخان!

جاللات سەردار بىر قولى بىلەن شاھزادىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى كەينىگە قايرىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆچلۈك پۇتلىرى ئاستىدا ياتقان كۆچسىز بالا دەردلىك ئاۋازى بىلەن: «جېنىم ئانا! قەيەردە سىز ئاتا!...» دېيىشىگە، جاللات قولىدىكى پىچىقنى ئۇنىڭ كېكىردىكىگە سۇردى... بىر پەس خىرىلداپ، تىپىرلاپ بېقىپ بالا ئاخىر جىم بولدى ۋە پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ سونايلىنىپ يېتىپ قالدى...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ قوشۇنلىرى قارا توقايدا دۈشمەننى قاتمۇ قات قورشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغاندىن كېيىن سۈبھىدىن پايدىلىنىپ ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى. توقايلىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېگىزلىكنىڭ كەينىدىن سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر كىبىرى جەببار بەردى دوغلاتنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى چاڭ كۆتۈرۈپ پەيدا بولۇشتى. ئۇلار ئوق يەتكۈدەك ئارىلىققا كەلگەندە، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئەسكەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوقيا ئېتىشقا باشلىدى. دۈشمەننىڭ يەنە بىر توپى قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۇدۇلدىن ئات سالدى. كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كەڭ توقايلىقتا ھەقىقىي قىرغىن باشلىنىپ كەتتى. ئوق تەگكەن ئادەملەر پور كۆتەكتەك ئاتنىڭ ئۈستىدىن غۇلاپ چۈشمەكتە ئىدى. ئىگىسىز قالغان ئاتلار ھەر تەرەپتە چېپىشىپ يۈرەتتى. قىقاس - چۇقان پۈتۈن جەڭگاھنى قاپلىغانىدى. ئوڭ تەرەپتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشماقتا ئىدى. سان جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان سەئىدىيە لەشكەرلىرى قازاق - قىرغىزلارنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماستىن سەل سۈيۈدەك بېسىپ كېلىۋەردى. ئاخىر ئۇلار قازاق خانى ھەقنەزەرخان بىلەن قىرغىز خانى نەۋرۇز ئەھمەت خانلارنى قاتمۇ قات

قورشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ھەقنەزەر خان ئۆزلىرىنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نەۋرۇز ئەھمەت خان بىلەن كارى بولماستىن، ئىتىنى ساۋاپ يولدىن چەتكە تارتتى - دە، قاچماقچى بولۇپ ماڭغاندا، سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر كىبىرى جەببار بەردى دوغلات باشلىق بىر گۇرۇھ ئادەم قاپتالدىن چىقىپ كەلگەنچە، ئۇنىڭ يولىنى توراپ ئۆتكۈزگىلى قويمىدى. ھەقنەزەرخان چەبدەسلىك بىلەن ئوق ئۈزۈپ، ئەمىر جەببار بەردى دوغلاتنى ئاتتىن يىقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ ئەمما كەينىدىن كىمدۇر بىرى ئۇنى ئېگەردىن يۇلۇپ ئالغانچە تېقىمى ئاستىغا بېسىپ ئېگىرىنىڭ ئالدىغا كۆندىلەڭ ياتقۇزۇپ قارشى تەرەپكە شامالدەك ئۇچتى. قازاق خانى ھەقنەزەرخان بارلىق كۈچى بىلەن تىپىرلاپ بوشىنىشقا ھەرىكەت قىلدى. لېكىن، ئۇنى بېسىپ تۇرغان باھادىرنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ تىرىشىپ بېشىنى كۆتۈرگەندە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قەھرلىك يۈزىگە كۆزى چۈشتى - دە، لاسسىدە بولۇپ بوشىشىپ يېتىپ قالدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان: «ھەي ئىت!» دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى.

سەئىدىيە لەشكەرلىرى قارا توقايدا قازاق - قىرغىز لەشكەرلىرىنىڭ تولىسىنى قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن قىرىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىلا تۇغ - ئەلەملىرىنى تاشلىشىپ توزغاقتەك تەرەپ - تەرەپلەرگە توزۇپ، قېچىپ كېتىشتى.

قارا توقايدىكى بۇ جەڭدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان جۇجى ئەۋلادىدىن بولغان قازاقلارنىڭ يەتتە تۇغ - ئەلىمىنى ئولجا ئالدى ۋە تۇنغۇچ ئوغلى، ئاقسۇ نايىبى شاھزادە ئابدۇلەتىپ سۇلتان قەتلى قىلىنغان ئارچىزارلىقتا قازاق خانى ھەقنەزەرخان بىلەن قىرغىز خانى نەۋرۇز ئەھمەتخان باشلىق پۈتۈن ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ھېلىقى يەتتە تۇغ - ئەلەمنى ئۇلارنىڭ قانلىرىدا يۇيۇشنى بۇيرۇدى. شۇ كەمگىچە، شەيبان، قازاق، موغۇل

ئۇلۇسلىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن جەڭ ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ ئەمما بۇ جەڭلەردە كۆپىنچە جۇجى ئۇرۇقىدىن بولغان شەيبانىيلار بىلەن قازاقلار غەلىبە قىلىپ كەلگەنىدى، موغۇللار ھېچقاچان ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمىگەنىدى. لېكىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى ئېمىل دېگەن يەردە بولغان ئۈچ كۈنلۈك ئۇرۇشتا قازاق خانى ھەقنەزەرخان بىلەن قىرغىز خانى نەۋرۇز ئەھمەتخاننى تىرىك تۇتۇپ، قازاقلارنىڭ يەتتە تۇغ ـ ئەلەمىنى قولغا چۈشۈردى. قازاقلارنىڭ باشقا ئۇلۇسلىرى ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىدىكى قىپچاق دالاسىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە موغۇلستان چېگرىسىغا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى.①

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قازاق ـ قىرغىز بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى بىت ـ چىت قىلغاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە نۇسرەت بىلەن قايتتى.

نەزمە

شىر ۋە پىلدىن كۈچلۈك ئىدى توپىمىز،
تېشىپ تۇردى ياۋ كۆكسىنى نەيزىمىز.
ئاۋۋال ئۇزۇم باشىغىدەك زىچ ئىدۇق،
كېيىن ئۇزۇم دانىسىدەك چېچىلدۇق.

— شەيخ سەئىدى

① بۇ ھەقتىكي تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شاھ مەھمۇد جوراسىنىڭ «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن. بۇ كىتاب 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىدى. 16 ـ بەت؛ يەنە، موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن، بۇ كىتاب 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «چىڭگىزنامە» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىدى، 106 ـ بەت.